2019 دېكابىر -2020 يانۋار
ئومۇمىي 5-سان

# ئۇيغۇرلار

# The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival





يۈز يىللىق مارافون

1



توختى مۇزارت

65



10 يىللىق يوقۇتۇش ھېكايىسى

91

2019 دېكابىر -2020 يانۋار


ئومۇمىي 5-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمدە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسى ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.




باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئەنۋەر قاراقۇرۇم

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

دەررىن بايلېر

شەرقىي تۈركىستاندىكى 10 يىللىق
يوقىتىش ھېكايىسى 91

ئۆزسۆيەرلىك ھەققىدە 48

## خىتاي تەتقىقاتى

يۈز يىللىق مارافون: خىتاينىڭ
ئامېرىكانىڭ ئورنىغا دۇنياۋى ھۆكۈمران
بولۇشتىكى مەخپىي ستراتېگىيىسى

بىلىنمىگەن ماۋزېدوڭ 115

## ئۇيغۇر تىلى

20-ئەسىردە بارلىققا كەلگەن
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى
يىگىرمە يېڭىلىق 64

## گۈلىستان

تۇرسۇنجان ھېزىم 119

## تارىخ ۋە بىز

شەرقىي تۈركىستان
جۇمھۇرىيىتىنى زىيارەت قىلغان
تۇنجى ئامېرىكا مۇخبىرى -
باربارا ستېفېنس 98

ئۈچ فرونت بويىچە
مۇستەقىللىق ئۇرۇشى 54















## كۆچكۈندىكى ئۇيغۇرلار

ئەنگلىيە ئۇيغۇرلىرى 46

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ئىسا ئەلەيھىسسالام سەۋەبىدىن
مۇسۇلمان بولدۇم 41

## ھېكمەتلەر

ئۆزىنى بىلىش ھەققىدە 125

## بۈيۈك سىمالار

توختى مۇزارت

مۇھەممەد سالىھ
داموللا 122

## خەلقئارا ۋەزىيەت

خىتاينىڭ كەلگۈسى قانداق
بولىدۇ

غەلبىسىبرى ئالغا 84

# يۈز يىللىق مارافون

## خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىغا دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇشتىكى مەخپىي ئىستراتېگىيىسى



مايكىل پىلزبېرى



مايكىل پىلزبېرى 1945-يىلى تۇغۇلغان. ئۇ ئامېرىكادىكى ئەڭ داڭلىق خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىلىرىدىن بىرى بولۇپ سەككىز ئامېرىكا پرېزىدېنتىغا مەسلىھەتچى بولغان. ئۇ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى ۋە ۋاشىڭتوندىكى نامى مەشھۇر خودسۇن ئىنىستىتۇتى خىتاي ئىستراتېگىيىسى مەركىزىنىڭ دېرېكتورى.

## 7

## «قاتىل خەنجىرى»

«پىلانىڭنى تۆن قاراڭغۇسىدەك يوشۇرۇن تۇتۇپ، ھەرىكەتكە ئۆتكەندە چاقماقتەك تېز بول» ـ سۈنزىنىڭ «ھەربىي ئىشلار دەستۇرى»دىن.

«نۆۋەت سىزگە كەلدى، سېكرېتار ئەپەندى» دېدى ئاق رەڭلىك، ئا دەرىجىلىك ھەربىي فورما كىيگەن ماتروس. ئۇنىڭ ئالدىدىكى يەردە ئاسىيا – تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ ئىنتايىن چوڭ تەكشىلىك خەرىتىسى تۇراتتى. خەرىتە ئالتە بۇرجەك شەكلىدە پارچىلانغان بولۇپ، ئاق – قارا چىنە خىشلىق يەرنى تولۇق ئىگىلىگەنىدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى خەرىتىدىكى بىر نۇقتىغا، خىتاينىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان مەلۇم دۆلەتنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا مەركەزلەشكەنىدى. مەزكۇر دۆلەت تولىمۇ ئۇزۇن دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسىگە، شۇنداقلا ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل پىلانىنى بىتچىت قىلىش تارىخىغا ئىگە ـــ ۋېيتنام ئىدى.

«دۆلەت مۇداپىئە سېكرېتارى تۆت ئاۋىياماتكا ھۇجۇم گۇرۇپپىسىنىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىغا قاراپ ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىشىگە بۇيرۇق بېرىۋاتىدۇ. بۇ ئاۋىياماتكىلار بىلەن ھېچبولمىسا ھاۋايىنى قوغداپ قالالايمىز» دېدى بىر نەپەر ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى.

يۇقىرىقىسى رود ئارىلى شىتاتىنىڭ نېۋپورت شەھىرىدىكى دېڭىز ئۇرۇشى ئىنستىتۇتىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان تەقلىدىي ھەربىي مانېۋىردىن بىر كۆرۈنۈش ئىدى. بۇ ئۆيدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىستراتېگىيە مانېۋىرلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگىلى يەتمىش يىلدىن ئاشتى. بۇ خىل مانېۋىرلارنىڭ بەزىسى دىپلوماتىك ماھارەتنى سىنايدىغان تىنچ مەزگىللەردىكى رىقابەتكە ئالاقىدار بولسا، يەنە بەزىلىرىدە ھەربىي تاجاۋۇز، دېڭىز قامالى ۋە دۇنياۋى ئۇرۇشلار تەقلىد قىلىناتتى. ھەشەمەتلىك مەرمەر تاشلار بىلەن بېزەلگەن ۋە تېمىغا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يالدامىسى ئېسىلغان بۇ ئۆيدە، ياپونىيەنىڭ مەرۋايىت پورتى (**Pearl Harbor**) غا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى توغرا مۆلچەرلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرىدا بۇ مۆلچەر ئېتىبارغا ئېلىنمىغانىدى. ئادەم بۇ ئۆيگە كىرسە، خۇددى ئافېنالىق مەشھۇر قانۇنچى سولون (**Solon**) غا دۇنيادىكى تۇنجى ئاساسىي قانۇننى تۈزۈش ھەققىدە تەكلىپ بېرىلگەن ۋە ئالېكساندىرغا ئۆزىنىڭ «يېڭىلمەس» ئىكەنلىكى ئېيتىلغان دېلفى (**Delphi**، گرېتسىيەنىڭ قەدىمىي شەھىرى) غا بېرىپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ.

ئۇ كۈنى مەن نوقۇل بۇ مانېۋىرنى كۆرۈشكىلا ئەمەس، بەلكى قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىنغانىدىم. مېنىڭ يېتەكچىلىكىمدىكى «قىزىل گۇرۇپپا» خىتايغا ۋەكىللىك قىلاتتى. مەندىن خىتاي ھەربىي قوماندانلىرىغا ئوخشاش تەپەككۇر قىلىش، بۇ جەھەتتە (دوگما ئەمەس) جانلىق بولۇش ۋە ئىلگىرى ئۆزۈم تەتقىق قىلغان، خىتاينىڭ غەيرىي سىممېترىك ئۇرۇش مېتودىنى (**Asymmetric warfare**، غەيرىي سىممېترىك ئۇرۇش ـــ ھەربىي ئاتالغۇ بولۇپ، ھەربىي كۈچى ئاجىز تەرەپنىڭ قانداق قىلغاندا ئۆزىدىن كۈچلۈكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىنى ياكى كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىدىغان بىلىمنى كۆرسىتىدۇ، ۋىكىپېدىيا، ت) تەقلىد قىلىش تەلەپ قىلىنغانىدى. مەن قولۇمدىكى «دېڭىز ئارمىيەسى»نى دېڭىز ئۇرۇشى تارىخىدىكى ئەڭ كۈچلۈك فىلوتقا قارشى ئورۇنلاشتۇرۇشۇم كېرەك ئىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنى مانېۋىر ئاياغلىشىشتىن ئۈچ سائەت بۇرۇنقى ئەھۋال ئىدى. ئەمما، ئەڭ ئاخىرقى بىر قەدەم ئېلىنغاندا، يەردىكى خەرىتە ئامېرىكا «شاھى» قورشاۋدا قېلىپ، بىقوۋۇللۇق ئىلكىدە «مات» بولۇش ئالدىدا تۇرغان شاھمات تاختىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ ئامېرىكانىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەستىقلىغان تەقلىدىي مانېۋىرلاردا تۇنجى قېتىم ئۇتتۇرۇۋېتىشى ئىدى. مەن بۇ مانېۋىردا يېڭىشتە خىتاي ئىستراتېگىيەسى ھەققىدە بارغانسېرى چوڭقۇرلاشقان چۈشەنچەمگە تايانغانىدىم. مېنىڭ تاكتىكىلىرىمغا يېتەكچىلىك قىلغان قورال ۋە ھەربىي ئىستراتېگىيەلەر خىتاينىڭ قەدىمكى ئۇرۇشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ خىل قورال ۋە ئىستراتېگىيەلەرنىڭ زامانىۋى ئۆرنەكلىرى نۆۋەتتە خىتاي خەلق

ئازادلىق ئارمىيەسى تەرىپىدىن كونسېرى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتىدۇ. خىتايلار بۇ خىل قورالالارنى «قاتىل خەنجىرى» (杀手锏، بۇ يەردىكى «锏» خىتايلار قەدىمدە قورال سۈپىتىدە ئىشلەتكەن تۆت قىرلىق خەنجەرنى كۆرسىتىدۇ، ت) دەپ ئاتايدۇ. قەدىمىي خىتاي ئەدەبىياتىغا كۆرە، «قاتىل خەنجىرى» ئۆزىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك رەقىبنى يېڭىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان مەخپىي قورالنى كۆرسىتىدۇ.

ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مانېۋىردىن يىگىرمىنى ئۆتكۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە، «خىتاي گۇرۇپپىسى» ئەنئەنىۋى تاكتىكا ۋە ئىستراتېگىيە ئىشلەتكەن مانېۋىرلارنىڭ ھەممىسىدە ئامېرىكا غەلىبە قىلدى. ئەمما، خىتاي «قاتىل خەنجىرى» مېتودىنى ئىشقا سالغان ھامان، غەلىبە ئۇلارغا مەنسۇپ بولۇپ كەلدى (2). بۇ مانېۋىرلاردىن ئېرىشىلگەن يەكۇنلەر ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ «ئاسىياغا قايتىش» ئىستراتېگىيەسىگە تۈرتكە بولغان ھالقىلىق ئامىللاردىندۇر (3).

مېنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەلىرىنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىنىڭ تەشۋىشىگە كۆرە لايىھەلىنىدىغانلىقىنى كېچىكىپ ھېس قىلدۇق. تېخىمۇ چاتاق بولغىنى، بىز خىتاينىڭ نېمىدىن تەشۋىشلىنىدىغانلىقىغا قارىتا ناباب نۇقتىئىنەزەرنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدۇق. مۇھىم ئۇچۇرلارنىڭ ـــ بولۇپمۇ لى خانىم تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارنىڭ ـــ جۇغلىنىشى بىلەن بۇ جەھەتتىكى كۆز قارىشىمىز بىر ئاز توغرىلانغان بولسىمۇ، لېكىن نە قەدەر ئېغىر خاتالاشقانلىقىمىزنى يەنىلا ھېس قىلالمىدۇق.

خىتاي رەھبەرلىرى ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئۆزىنى «قورشاۋ»غا ئېلىشىدىن چوڭقۇر، ھەتتا ئەسەبىيلىككە يەتكەن دەرىجىدە خەۋپسىرەۋاتقاندا، خىتاينىڭ ئامېرىكاغا قارشى ئۇرۇش قوزغاش نىيىتى بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. دەرۋەقە، يېقىن كەلگۈسىدە (ئامېرىكا ياكى باشقا كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن) قوراللىق توقۇنۇشۇپ قېلىش (خىتاينىڭ) مارافون ئىستراتېگىيەسى ئۈچۈن ئەڭ زور تەھدىتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ خىل بولغۇسى ئۇرۇشلار خىتاينىڭ نەچچە ئون يىلنىڭ ياقى ئىقتىسادىي ۋە گېئوپولىتىك ئاتامانغا ئايلىنىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن سەبىرچانلىقى ۋە تارتقان جاپالىرىنى بىكار قىلىۋېتەتتى. خىتاي رەھبەرلىرى يېقىن كەلگۈسىدە پاراخوت، ئايروپىلان، تانكا ۋە ئەسكەر (گەرچە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 2.3 مىليون ئەسكىرى ئامېرىكانىڭكىدىن كۆپ بولسىمۇ) قاتارلىق جەھەتلەردە ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئادەتتىكى سەۋىيەسىگە توغرا كەلگۈدەك ھەربىي قۇۋۋەت ھازىرلاشنىڭ غەرب دۆلەتلىرىنى چۆچۈتۈپ قويىدىغانلىقىنى ۋە شۇ سەۋەبلىك يوشۇرۇن ھەربىي ھازىرلىق كۈرىشىنىڭ باشلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا خىتاي رەھبەرلىرى ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان تۈزۈپ، رەقىبنى (ئۆزىگە چېقىلالمىغۇدەك دەرىجىدە) چۆچۈتەلەيدىغان قورالنى دەرھال ھازىرلاش (ئاتوم بومبىسى ياساپ چىقىش شۇنىڭ جۈملىسىدىن، ت) ۋە ئادەتتىكى قوشۇنلىرىنى تەدرىجىي كۈچلەندۈرۈشنى قارار قىلغاندى.

***

قەدىمكى خىتاي ئەدەبىياتىدا، ئۆزىدىن كۈچلۈك دۈشمەنگە دۇچ كەلگەن قەھرىمان ھەققىدە بىر ئەپسانە بار. بۇ ئەپسانىدىكى دۈشمەن دىۋىدىنمۇ كۈچلۈك، شۇنداقلا زامانىسىنىڭ ئەڭ سەرخىل قوراللىرى بىلەن قوراللانغان بولۇپ، رەقىبلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن تولىمۇ قورقىدۇ. لېكىن، قەھرىمان بۇ كۈچلۈك رەقىبىگە قارشى جېڭىنى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ كۈرەش قىلىشتىن يانمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بىر مەخپىي قورالى، يەنى يەكتىكىنىڭ كەڭ يېڭىگە تىقىۋالغان، قىسقا، يېنىك، قىلچىنى، ھەتتا ئادەمنىڭ بېشىنى ئىككى پارچە قىلىۋېتەلەيدىغان قاتىل خەنجىرى بار ئىدى. ئىسمىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ خەنجەر قارىماققا ئانچە خەتەرلىك كۆرۈنمەيدۇ – يۇ، ئەمما قەھرىماننىڭ قولىغا چىققان ھامان، دەررۇ دۈشمەننى يەر چىشلىتىدىغان قورالغا ئايلىنىدۇ.

بۇ ئەپسانە ئىنجىلدىكى داۋۇد ئەلەيھىسسالام-نىڭ جالۇتنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئالاقىدار ۋەقەگە ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن، ئوخشىمايدىغان يېرى، ئىنجىلدىكى ۋەقەدە ئاجىز تەرەپ (داۋۇد ئەلەيھىسسالام) ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبە قىلغان بولسا، خىتاي ئەپسانىسىدىكى قەھرىمان « 杀手锏 » دەپ ئاتىلىدىغان قورالنىڭ ياردىمىدە غەلىبە قىلغان دېيىلىدۇ. «杀手锏» دېگەن مەزكۇر ئىسىم خىتايچىدىكى «ئۆلتۈرۈش»، «قول» ۋە «خەنجەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئۈچ سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنى «قاتىل خەنجىرى» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇمكىن.

«قاتىل خەنجىرى» كۈچلۈك رەقىبنى يېڭىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان كوزىر دېمەكتۇر. بۇ ئىبارىنىڭ تارىخى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگىچە سوزۇلىدىغان بولۇپ، خىتاينىڭ قەدىمىي سىياسەتنامىلىرىدە، پالۋانلار قىسسىلىرىدە، شۇنداقلا خىتاينىڭ كۈندىلىك ھەربىي گېزىتلىرىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. خىتايلار «杀手锏» دېگەن بۇ ئىبارىنى ئوخشىمىغان مۇھىتتا ئوخشىمىغان مەنىدە ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، بۇ سۆز تويلىشىش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلسە، يىگىت تەرەپنىڭ قولغا كەلتۈرۈش ئەڭ قىيىن بولغان قىزلارمۇ ئاسانلىقچە رەت قىلالمايدىغان جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى؛ سودا – تىجارەت ئىشلىرىدا ئىشلىتىلسە، بىراۋنىڭ ئۆزىدىن كۈچلۈك رىقابەتچىلىرىدىن ئېشىپ كەتكۈدەك ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى؛ پۇتبول مۇسابىقىلىرىدە بولسا، شۇ كوماندىدا توپ كىرگۈزۈشنى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان ھۇجۇمچىدىن بىرى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

خىتاي ئەنە شۇنداق «قاتىل خەنجىرى»، يەنى كوزىرغا ئېرىشىش ئۈچۈن، غەيرىي سىممېترىك ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە باشقا ساھەلەردىكىگە قارىغاندا بەكلا كۆپ مەبلەغ ئاجراتتى. 1990 – ۋە 2000 – يىللاردا خىتايدىن يۈز ئۆرۈپ كەلگەنلەر خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ «تەيۋەندىن ھالقىغان» رايونلاردا ئىشلەتكىلى بولىدىغان ھەربىي تېخنىكىلارنى تەتقىق قىلىپ چىققانلىقىنى تىلغا ئالغانىدى. بۇ ئامېرىكا ئىستراتېگىيەچىلىرى ئۈچۈن پىلانلانغان ۋە ئامېرىكا ئىستراتېگىيەچىلىرى مۆلچەرلىگەن سىنارىيەنىڭ ئىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولماسلىقى مۇمكىنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. خىتايدىن يۈز ئۆرۈگەنلەردىن بىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۆسۈش خاراكتېرلىك قوراللارنى تەرىپلەشتە «杀手锏» ئۇقۇمىنى ھاياجان ئىلكىدە تىلغا ئالغانىدى. (يۈز ئۆرۈگۈچىلەرنىڭ ئاشكارىلىشىچە) خىتاينىڭ بۇ جەھەتتىكى پىلانلىرىدا ئەڭ كۆپ مۇھاكىمە قىلىنغان تېما — تەيۋەن بولۇپ، بۇ مۇھاكىمىلەر خىتاي تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلغان ئەھۋالدا، ئامېرىكا ئارالنى قوغداشقا ئۇرۇنغان تەقدىردىمۇ، غەلىبە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يىراقلاشتۇرغۇچى قوراللار (anti-access weapon، بۇ ئامېرىكا ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرى ئاساسلىقى خىتاينى نەزەردە تۇتۇپ ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى ئۇقۇم بولۇپ، ئامېرىكانىڭ ھەربىي كۈچىنى مەلۇم بىر رايوندىن يىراقلاشتۇرۇش، ئامېرىكانى شۇ رايوندىكى ئۇرۇشقا ئارىلاشقىلى قويماسلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە باشقا قوراللار سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ، ت)نى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى (4).

«قاتىل خەنجىرى» تېخنىكىسى خىتاي ھەربىيلىرى ئارىسىدا «ئاجىز تۇرۇپ، كۈچلۈكنى يېڭىش» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان نەزەرىيەنىڭ مەھسۇلىدۇر. خىتايلارغا كۆرە، بۇ نەزەرىيەنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن، «قاتىل خەنجىرى» دەسلەپتە دۈشمەننى بىخۇدلاشتۇرالايدۇ ياكى ئۇنى خىتاينىڭ پايدىسىغا خىزمەت قىلدۇرالايدۇ. (بۇ جەرياندا) رەقىبكە ئالاقىدار ئىستىخبارات ئۇچۇرلىرىمۇ پەۋقۇلئاددە مۇھىم، بولۇپمۇ دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىنى ئالدىن مۆلچەرلەش، ئۇنى ئالداش، دۈشمەننىڭ ئىتتىپاقىنى پارچىلاش، دۈشمەنگە قارشى يوشۇرۇن ئىتتىپاق شەكىللەندۈرۈش ۋە پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە، ئىشلارنى خىتايغا پايدىلىق تەرەپكە بۇراش ئۈچۈن ئەجەللىك ھۇجۇمغا ئۆتۈش جەھەتتە تېخىمۇ شۇنداق. بۇ خىل مۆلچەرلەش يىگىنە سانجىپ داۋالاشتىكى پەللە تېپىش جەريانىغا ئوخشاپ

كېتىدۇ، ئەگەر يىڭنە مۇۋاپىق پەيتتە توغرا پەللىگە سانجىلسا، كۈچلۈك رەقىبنى پالەچلەندۈرۈپ قويالايدۇ.

مەن «قاتىل خەنجىرى» دېگەن ئۇقۇمنى تۇنجى قېتىم **1995** – يىلى، خىتاينىڭ ئۈچ نەپەر داڭلىق ھەربىي ئىستراتېگىيەچىسى يازغان «دېڭىز ئۇرۇشىدىكى ھەربىي ئىنقىلاب» دېگەن ماقالىنى ئوقۇش جەريانىدا ئۇچراتقانىدىم. ئاپتورلار بۇ ماقالىدە ئامېرىكانى مەغلۇب قىلىشقا ياردىمى تېگىشى مۇمكىن بولغان يېڭى تېخنىكىلارنى رەتكە تۇرغۇزغانىدى. ئۇلار دېڭىز ئۇرۇشلىرىدا غەلىبە قىلىشنى ئالەم بوشلۇقىدا ھەربىي نوپۇز تىكلەشكە مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، «ئالەم بوشلۇقىنىڭ كونتروللۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش دېڭىز ئۇرۇشلىرىدا غەلىبە قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر، چۈنكى ئالەم بوشلۇقى دېڭىز ئۇرۇشلىرىدىكى يېڭى كونترول نۇقتىسىغا ئايلىنىۋاتىدۇ... ئېلېكتروماگنىتلىق تىركىشىشتە ئەۋزەللىككە ئىگە دۆلەت «قاتىل خەنجىرى»دىن تولۇق پايدىلىنىپ، دېڭىز ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ» دېگەن. ئۇلار خىتاينى «تۇنجى قېتىم ئۇرۇش پاراخوتلىرىغا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىدا ئىشلىتىلىدىغان» تاكتىكىلىق لازېر نۇرلۇق قوراللارغا ئوخشاش «قاتىل خەنجىرى» تىپىدىكى قوراللار ساھەسىدە، شۇنداقلا ئۇرۇش پاراخوتى ۋە چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان سىنارەدكە ئالاقىدار يوشۇرۇن تېخنىكا جەھەتتە (دۇنيا بويىچە) باشلامچى ئورۇنغا ئۆتۈشكە ئۈندىگەن. «(كەلگۈسى ئۇرۇشلاردا) چاقماقتەك ھۇجۇم ۋە كۈچلۈك تۇنجى زەربە تاكتىكىسى بارغانسېرى كۆپ قوللىنىلىدۇ» دەيدۇ ئۇلار (5). بۇنىڭدىن سىرت، مەزكۇر ئاپتورلار يەنە ئامېرىكاغا ئوخشاش دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشتا زۆرۈر بولغان، ئەقلىي قوراللار سەپلەنگەن رادار ۋە رادىيو پونكىتلىرىغا ھۇجۇم قىلىش؛ ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئالاقە مۇئەسسەسەلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش؛ ئالاقە مەركەزلىرىگە، مۇئەسسەسەلىرىگە ۋە قوماندانلىق پاراخوتىغا ھۇجۇم قىلىش؛ دۈشمەننىڭ ئېلېكترونلۇق سىستېمىلىرىنى ئېلېكتروماگنىت ئىمپۇلسى ئارقىلىق ۋەيران قىلىۋېتىش؛ دۈشمەن كومپيۇتېرىدىكى يۇمشاق دېتاللارنى كومپيۇتېر ۋىرۇسى ئارقىلىق يۇيۇۋېتىش ۋە ئېنېرگىيە قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن تاكتىكىلارنى بايان قىلغان.

مەن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىزدىنىش ئارقىلىق، «قاتىل خەنجىرى» ئىبارىسىنىڭ ھەربىي ساھەدە ئىشلىتىلگەندە، «نىسبەتەن ئاجىز كۈچنى ئۆزىدىن كۈچلۈك رەقىبنىڭ ئەجەللىك نۇقتىسىغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق غەلىبىگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان بىر يۈرۈش غەيرىي سىممېترىك قوراللار»نى كۆرسىتىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. مەن ئەڭ دەسلەپتە بۇ ئىبارىنى تەكرار كۆرگەندە، بۇ پەقەت خىتايلار قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇلاۋاتقان تېخنىكىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ غايىلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. يەنە كېلىپ، بىر قوراللى «ئىلغار» ياكى «دەۋرنىڭ ئالدىدا» دەپ سۈپەتلەش ئۈچۈنمۇ « 杀手锏 » دېگەن بۇ ئىبارىنى ئىشلەتكىلى بولاتتى. ئەمما، بۇ ھەقتە ئىچكىرىلەپ ئىزدەنگەن ۋە ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسىدىكىلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ئىزدەتكەندىن كېيىن، «قاتىل خەنجىرى» ئىبارىسىنى تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىتىشقا باشلىدىم.

ئامېرىكا زىددىيەتلەرگە ھەربىي نۇقتىئىينەزەر-دىنلا قارايدۇ. ئەمما، سۇنزىغا ئوخشاش قەدىمكى خىتاي مۇتەپەككۇرلىرى ئىستىخبارات، ئىقتىساد ۋە قانۇن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېخىمۇ كەڭ ئىستراتېگىيەلىك نەزەر دائىرىگە ئىگە بولۇشنى تەرغىب قىلىدۇ. **1999** – يىلى چياۋ ۋە ۋاڭ فامىلىلىك ئىككى خىتاي پولكوۋنىك تەرىپىدىن يېزىلىپ، غۇلغۇلا قوزغىغان «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «روشەنكى، ئۇرۇش ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتكىنى دەل (ئۇرۇشتا) ئىشلىتىلگەن ۋاستىلەرنىڭ كۆپ خىللىقىدۇر. جەڭگاھ يېنىڭىزدىلا، دۈشمەن (جەڭگاھتا ئەمەس) توردا. بۇ يەردە ئوق – دورىنىڭ پۇرىقى ياكى قاننىڭ ھىدى يوق... شۇنىسى ئايدىڭكى، ئۇرۇش جەڭچىلەرنىڭ، ئارمىيەنىڭ تىزگىنىدىن چىقتى. ئۇرۇشنىڭ نوقۇل <ھەربىي>

لىك خاراكتېرى سۇسلاپ، بارغانسېرى سىياسىيونلارنىڭ، ئالىملارنىڭ، ھەتتا بانكىرلارنىڭ ئىشىغا ئايلىنىۋاتىدۇ». بۇ ئىككى پولكوۋنىك «11 – سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن ئىككى كۈن كېيىن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ زۇۋانى بولغان بىر گېزىتنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، («11 – سېنتەبىر» كۈنىدىكى) ئۇ ھۇجۇملارنىڭ «خىتايغا پايدىلىق» بولۇشى مۇمكىنلىكى ۋە بۇنىڭ ئامېرىكاغا غەيرىي ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنىڭ ئىسپاتى ئىكەنلىكى توغرىسىدا توختالغانىدى (6).

***

2000 – يىلى، مەن مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئۈچۈن «قاتىل خەنجىرى» پروگراممىسىغا ئالاقىدار تەتقىقات تېمىسى يازدىم. شۇنىڭدىن بىر يىل ئۆتكەندە، مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ماڭا تېلېفون قىلدى. (ئۇلارنىڭ دېيىشىچە) مۇئاۋىن پرېزىدېنت دىك چېنى (Dick Cheney) ۋە ئۇنىڭ باش مەسلىھەتچىسى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى تەرىپىدىن پرېزىدېنت ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىغا سۇنۇلغان تەھلىل دوكلاتلىرىدىن «قاتىل خەنجىرى» ئىبارىسىنى كۆرۈپ، «杀手锏»گە ئالاقىدار ئارقا كۆرۈنۈش ۋە بۇ ئىبارىنىڭ زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بوپتۇ. مېنىڭ (بۇ ھەقتىكى) دوكلاتىم مۇئاۋىن پرېزىدېنتنىڭ ياردەمچىلىرىنى ھەيران قالدۇرغانىكەن. مەن ئەينى چاغدا خىتاينىڭ خەتەرلىك قوراللارنى ئېكسپورت قىلىشنى ئازايتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان ۋە «قاتىل خەنجىرى»نى خىتاي ئىنتىلىۋاتقان ياكى شۇ ۋاقىتنىڭ شارائىتىدا خىتاينىڭ قۇربىتى يېتىدىغان بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى (خىتاينىڭ ئۆز – ئۆزىنى) رىغبەتلەندۈرۈشكىلا يارايدىغان ئۇقۇم دەپ ئويلايتتىم. چېنى خىتاينىڭ ھەقىقەتەن سۇنئىي ھەمراھغا قارشى باشقۇرۇلىدىغان سنارەد پروگراممىسى، رادارغا چۈشمەيدىغان ئۇچقۇلارغا قارشى پروگراممىسى، ياكى ئاۋىياماتكىنى ھالاك قىلالايدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى بار – يوقلۇقىنى تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ تەكشۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. بىز تېزلا بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىغا ئېرىشتۇق.

مەن ھازىر «قاتىل خەنجىرى»نىڭ خىتاينىڭ يۈز يىللىق مارافون جەريانىدىكى ھەربىي ئىستراتېگىيەسىنىڭ ھالقىلىق تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. بۇ خىل تېخنىكىغا ئىگە بولۇش قانداقتۇر خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغان غايىسى ياكى ئۇزاق كەلگۈسىدە ئىشقا ئاشۇرۇش تەمەسىدە يۈرگەن غەلىتە خىيالى ئەمەس، بەلكى ئۇلار ھازىرنىڭ ئۆزىدە بۇ ئىشنى قىلىۋاتىدۇ. يەنى ئۇلار غەربتىكى ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ھەربىي كۈچلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدىغان، دەۋر ھالقىغان ھەربىي قۇۋۋەت ھازىرلاش ئۈچۈن مىلياردلاپ دوللار سەرپ قىلىۋاتىدۇ. ئەمما، بۇ ئىشلاردا غەربنى چۆچۈتۈپ قويمىغۇدەك كۆلەم بىلەن كۆپايىلىنىۋاتىدۇ.

خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلار ئار- قىلىق ئۆزىنىڭ نىسپىي كۈچىنى زورايتىش ئارزۇسى يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللار سىستېمىسىغا ئىگە بولۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. خىتاينىڭ 1986 – يىلى باشلىغان دۆلەتلىك يۇقىرى تېخنىكا پروگراممىسى (863 پروگراممىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۇلارنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىنى پەن – تېخنىكا ئارقىلىق تولۇقلاش ئۇرۇنۇشلىرىدىن بىرىدۇر. ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقان «863 پروگراممىسى» بىيوتېخنىكا، لازېر نۇرى تېخنىكىسى ۋە ئىلغار ماتېرىياللار تېخنىكىسى دېگەندەك ھەم پۇقراۋى، ھەم ھەربىي ئىشلارغا ئىشلەتكىلى بولىدىغان تېخنىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزكۇر پروگراممىما يەنە خىتاينىڭ 2006 – يىلىدىكى پەن – تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش (2005 - 2020)قا ئالاقىدار دۆلەتلىك ئوتتۇرا – ئۇزاق مەزگىللىك پىلانى (MLP)غا كىرگۈزۈلگەن «يەرلىك ئىختىرا» ئىستراتېگىيەسىگە ئاساس سالغان. خىتاينىڭ يەرلىك ئىختىرا ئىستراتېگىيەسى چەتئەلنىڭ تەتقىقات ۋە تەرەققىياتقا ئاجراتقان مەبلىغىگە، تېخنىكا كۆچۈرۈشكە، شۇنداقلا چەتئەلدىكى شىركەتلەردە ۋە تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرىدا خىتاي ئىنژېنېرلارنى تەربىيەلەشكە تايىنىپ، مۇئەييەن تېخنىكىلارنى پەرقلەندۈرۈش، چۈشىنىش، تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىش ۋە ئىشلىتىش قاتارلىق ئۇرۇنۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خىتاي رەھبەرلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «863 پروگراممىسى»غا ئاجرىتىلغان مەبلەغنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، مەزكۇر پروگراممىنىڭ كۆلىمىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. دەرۋەقە، (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ) 2006 – يىلىدىكى پەن – تېخنىكىنى

تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى خىتاينىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ زور مىللىي پەن – تېخنىكا پروگراممىسى ئىدى. مەزكۇر پىلاننىڭ ئىچىدىكى تېلېگراف، ئالەم بوشلۇقى ۋە باشقا ساھەلەرگە ئالاقىدار، ئېلان قىلىنغان 16 تۈرلۈك «گىگانت مىللىي پروجېكت» شۇ ساھەلەردىكى «ئەلىيۇلئەلا» دەپ قارالغان ۋە ئۇلاردىن ئۈچى مەخپىي تۇتۇلغانىدى. 2006 پىلانى ۋە 863 پروگراممىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەرەققىيات نىشانلىرىدىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، خىتاينىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھەربىي پروگراممىلىرى بارغانسېرى (ھەربىي بازىلاردا ئەمەس) خىتاينىڭ پۇقراۋى پەن – تېخنىكا بازىلىرىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ (7).

ئامېرىكادىكى خىتايغا قارشى ئاتالمىش قاتتىق قوللارنىڭ نۇرغۇنى خىتاينىڭ ئوكيان دېڭىز ئارمىيەسى، يېڭى تىپتىكى رادارغا چۈشمەس كۈرەشچى ئايروپىلان، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋەھاكازا قاتارلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنىڭ خەتىرى ھەققىدە ھەدەپ جار سېلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ خىيالىچە، خىتاي بىلەن بولغان ئۇرۇش يېقىنلىشىپ قالغان بولۇپ، بۇ ئۇرۇش ھاۋادا ۋە ئوكياندا بولاتتى (8). لېكىن، خىتاينىڭ ھەرىكەتلىرى مەزكۇر قاتتىق قوللارنىڭ كېيىنكى ئېيتقان سۆزلىرىنى تەكرار يالغانغا چىقارغانىدى. ئۇلارنىڭ «خىتاي قوشنا ئەللەرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي كۈچىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، ئەينى چاغدىكى ھىتلېر ۋە ستالىننىڭكىدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ» دېگەن مۆلچەرلىرىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئامېرىكانىڭ ئۆز تۇپرىقىدىن يىراق جايلاردا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش سىستېمىسى ئالدىنقى سەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا (ICBMs) ۋە ھەربىي بازىلارنى؛ ھاۋا بوشلۇقىدا يېقىلغۇ قاچىلاش ئىقتىدارىنى؛ يادرو قورالى سەپلەنگەن بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنى ۋە ئۇزاق مۇساپىلەرگە ئەسكەر يۆتكەش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خىتاي سوۋېت ئىتتىپاقىدەك ئامېرىكانىڭ بۇ خىل ئەندىزىسىنى شۇ پېتى دورىمىدى، چۈنكى بۇ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى قائىدىلەرگە زىت بولۇپ، ئەگەر خىتاي بۇنداق قىلسا (يەنى ئۆز تۇپرىقىدىن يىراق جايلاردا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش سىستېمىسى جەھەتتە ئامېرىكاغا ئوخشاش يول تۇتسا) زومىگەرنى ياكى « 霸 »نى مۇددەتتىن بۇرۇن چۆچۈتۈپ قويياتتى. خىتاي رەھبەرلىرى ئامېرىكانىڭ قانداقسىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلىرىدىن خەۋپسىرەپ قالغانلىقىنى، شۇنداقلا شۇ ھەربىي ھازىرلىقلار سەۋەبلىك ستالىن بىلەن بولغان ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ھەمكارلىقنى ئاياغلاشتۇرۇپ، سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىنى باشلىغانلىقىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك سودا ۋە مەبلەغ ئېمبارگوسى يۈرگۈزگەنلىكىنى تەتقىق قىلغان ھەم شۇ ۋەجىدىن بۇ جەھەتتە موسكۋانىڭ خاتالىقىنى تەكرارلىماسلىققا بەل باغلىغانىدى. ئۇنداق قىلىش (يەنى ھەربىي ھازىرلىقلار جەھەتتە كەڭ كۆلەمدە، ئاشكارا كېڭىيىش) مارافوننىڭ ئاياغلىشىشىدىن دېرەك بېرەتتى.

خىتاي ئۆز تۇپرىقىدىن يىراق جايلاردا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش سىستېمىسى جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن رىقابەتلىشىش ئويىقتا تۇرسۇن، بۇ جەھەتتە ئۇزاق مۇساپىلىق بومباردىمانچى ئايروپىلان، زور كۆلەملىك قۇرۇقلۇق قىسىملىرى ۋە يادرو قورالى سەپلەنگەن قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا (ICBMs) دېگەنلەرگە بەك ئاز مەبلەغ ئاجراتتى ياكى پەقەتلا مەبلەغ ئاجراتمىدى. دەرۋەقە، خىتاي ئۆز تۇپرىقىدىن يىراق جايلاردا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتتى. (بۇنىڭ ئەكسىچە) ئالدىنقى ئون يىل مابەينىدە خىتاينىڭ ئىلغار قوراللارغا ئاجراتقان خىراجىتى شىددەت بىلەن ئاشتى. 2002 – يىلى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ خىتاينىڭ ھەربىي خىراجىتى ھەققىدىكى يىللىق دوكلاتىدا «خىتاينىڭ دۆلەت مۇداپىئە خامچوتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېيتقىنىدىن بىر ھەسسە كۆپ» دېگەن دادىل يەكۈن ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

خىتاي نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەربىي خىراجىتىنى بۇ دەرىجىدە تۆۋەنلىتىپ كۆرسىتىدۇ؟ خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۇددىئا سەۋەبلىك بۇ خىل بۇرمىلاپ كۆرسىتىشكە ئىشتىراك قىلغان-

لىقى، شۇنداقلا بۇنداق قىلىشنى خىتاينىڭ قەدىمىي تارىخىدىن ئۆگەنگەنلىكى شەكسىز. خىتاي رەھبەرلىرى خىتاينىڭ «تىنچ قەد كۆتۈرۈۋاتقان» دۆلەتلىك ئوبرازىنى ساقلاش ئۈچۈن، ھەربىي خىراجىتىنى ۋە ئىلغار قوراللارغا ئاجراتقان مەبلىغىنى مەخپىي تۇتۇشنىڭ؛ ۋە شۇ ئارقىلىق ئەتراپىدىكى ۋە غەربتىكى دۆلەتلەرنى — بولۇپمۇ ئامېرىكادىن ئىبارەت «زومىگەر»نى — چۆچۈتۈپ قويماسلىقنىڭ، بىر مەيدان ھەربىي ھازىرلىق مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىدۇ.

راند (**RAND**) شىركىتى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تەتقىقاتقا كۆرە، ھازىردىن باشلاپ **2030** – يىلىغىچە، خىتايلار ئۆزىنىڭ دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيەلىرىگە يېڭى قوراللارنى سەپلەش ئۈچۈن بىر تىرىلىيون دوللاردىن كۆپرەك پۇل ئاجرىتالايدىكەن (**9**). بۇنىڭغا ئامېرىكانىڭ باشقا يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىدىن (مەسىلەن، **2050** – يىلىغا بارغاندا ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ پاراخوتلىرى **200** دىن ئاز بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى ئۇرۇشتا ئىشلىتىشكە ماس كېلىدىغان كىچىك تىپتىكى پاراخوتلار بولىدۇ؛ شۇنداقلا، ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسى ھېلىھەم **1970** – يىللاردىكى بىر مۇنچە (كونا) تېخنىكىلارغا تايانماقتا) ئىبارەت يۈزلىنىش قوشۇلسا، بۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، خىتاينىڭ ھەربىي كۈچى ئامېرىكانىڭكىدىن ئېشىپ كەتمىدى دېگەندىمۇ، ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلىشىدۇ. ھەربىي قۇۋۋەت تەڭپۇڭلۇقى ئاستا – ئاستا ئۆزگىرىۋاتىدۇ، يەنى ئەسلىدىكى ئون (ئامېرىكا)غا بىر (خىتاي) توغرا كېلىدىغان نىسبەتتىن، تەدرىجىي ھالدا تەڭلىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا خىتاينىڭ ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتىش خەۋپى كۆرۈلمەكتە. **2013** – يىلىدىكى دۆلەت مەجلىسى گۇۋاھلىقىدا ئاشكارىلىنىشىچە، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ پاراخوت ياساش خامچوتى كەلگۈسى ئوتتۇز يىلدا ئىزچىل ھەر يىلى ئون بەش مىليارد دوللارلىق تۆۋەن سەۋىيەدە بولۇشى مۇمكىن، ھالبۇكى بۇ جەرياندا ھەربىر يېڭى دېڭىز ئارمىيەسى پاراخوتىنىڭ باھاسىنىڭ ئىزچىل ئۆسىدىغانلىقىنى ئېنىق (**10**). بىزنىڭ (خىتايغا قارشى) غالىبلىق ئورنىمىزنى ساقلاپ قېلىشتىكى بىردىنبىر كاپالىتىمىز — دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويغان، دېڭىز ۋە ھاۋا قاتنىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنغان دۈشمەنلەرگە قارشى دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيەسىنى تەڭ ئىشقا سالىدىغان، بىر گەۋدىلەشكەن ھاۋا – دېڭىز ئۇرۇشى نەزەرىيەسىگە ئوخشاش ئۈستۈن تېخنىكا ۋە «قاتىل خەنجىرى» پروگراممىسىغا قارشى تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىشتۇر (**11**).

خىتاي ئۆزىنىڭ «قاتىل خەنجىرى» پروگراممىسىدىكى تەرەققىياتلىرىنىڭ نۇرغۇنىنى ئامېرىكادىكى جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن. **2005** – يىلى، **FBI** گۇمانلىنىپ يۈرگەن مەي داخوڭ (麦大泓) ۋە ئايالى لى فۇشياڭ (李伏香) لوس – ئانجېلېستىن خوڭكوڭغا يولغا چىقىشتىن توققۇز كۈن ئىلگىرى، **FBI** نىڭ ئالاھىدە خادىملىرى مەي داخوڭنىڭ خىتايدىكى بىلىنگەن بىر جاسۇسقا تېلېفون قىلىپ، ئۆزىنىڭ «شىمالىي ئامېرىكا قىزىل گۈلى» بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى بايقىغان. («شىمالىي ئامېرىكا قىزىل گۈلى» دېگەن) بۇ مەخپىي نام خىتاينىڭ ئىستىخبارات كېلىشىمى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىدى. **FBI** مەي داخوڭنىڭ ئىنىسى مەي داجى (麦大志) نىڭ ئەخلەت چېلىكىدىن پۇرلانغان – يىرتىلغان ھۆججەتلەرنى تاپقان ۋە مەي داجىنىڭ «قىزىل گۈل»نىڭ نەق ئۆزى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. ئۇشبۇ «قىزىل گۈل» ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ سۇ ئاستىدا تىۋىشسىز ئىلگىرىلەش سىستېمىسى، پاراخوتلار ئارا ئالاقىلىشىش سىستېمىسى ۋە ئىلغار قوغلىغۇچى پاراخوت قاتارلىق ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلارغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى يىغىشقا مەسئۇل ئىدى (**12**). ئەگەر مەي داجىنىڭ (خىتايغا ئىستىخبارات يەتكۈزۈش) پىلانى ئوڭۇشلۇق بولغان بولسا، بۇنىڭ «قاتىل خەنجىرى» پروگراممىسىغا زور ياردىمى تەگكەن بولاتتى.

ئامېرىكامۇ ئىزچىل خىتاينىڭ ھەربىي كۈچىنى زورايتىشىغا ياردەم بېرىپ كەلدى. مەن **1980** –

يىللاردا ئامېرىكانىڭ خىتايغا قورال – ياراغ سېتىپ بېرىشىنى ۋە ئۇلارنى تېخنىكا بىلەن تەمىنلىشىنى تەشەببۇس قىلغاندىم، ئەينى چاغدىكى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى مۇھىتىدا بۇ تەشەببۇسنى مۇۋاپىق دېيىشكە بولاتتى. ئەمما، بۇ خىل ياردەملەرنىڭ نۇرغۇنى تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

***

خىتاينىڭ (ئامېرىكاغا قاراتقان) ئىستراتېگى-يەسى ئامېرىكادىن ئىبارەت بۇ «زومىگەر»نىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنى مەغرۇرلاندۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ئامېرىكادىن كېلىدىغان تەھدىتلەرگە ئىنكاس قايتۇرۇشنىمۇ نىشان قىلغان. مېنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى خىتاينىڭ ئامېرىكادىن كېلىدىغان «تەھدىت»كە نە قەدەر جىددىي مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى كېچىكىپ ھېس قىلدۇق. بۇ جەھەتتە توپلانغان ئىسپاتلارنىڭ تۈرتكىسىدە، ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر خىتايلارنىڭ مەنتىقىسىنى باشقىچە چۈشىنىشكە باشلىدى. خىتايلار ئامېرىكادىن كېلىدىغان تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇشقا، ئۆز تۈپرىقىدىن يىراق جايلاردا ھەربىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش سىستېمىسىغا كۆڭۈل بۆلگەندىن بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. «قاتىل خەنجىرى» بۇ جەھەتتىكى ھالقىلىق ئامىلدۇر.

ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ماڭا خىتاينىڭ تەھدىت چۈشەنچىسىنى تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىدى. لېكىن، كىشىلەر (بۇ جەھەتتىكى) بايقاشلىرىمنىڭ نۇرغۇنىغا چىنپۈتمىدى ۋە ھېلىھەم چىنپۈتمەيۋاتىدۇ. لېكىن، خىتاينىڭ تەھدىت ھەققىدىكى تونۇشلىرى، يەنى مەن تىلغا ئالغان «يەتتە قورقۇنچ» خىتاينىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي رەھبەرلىرىنىڭ (ئامېرىكاغا بولغان) نېگىزلىك مەيدانىغا دالالەت قىلىدۇ، چۈنكى بۇ «قورقۇنچ»لار ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەنلەر جامائەت پىكرى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئەمەس. مەزكۇر «يەتتە قورقۇنچ» پەقەت خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەربىي ساھەگە خاس بولۇپ، بۇ تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە جامائەت پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىش مەقسىتىدە قىلىنغان تەشۋىقات ئەمەس.

خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ نەزىرىدە، ئامېرىكا ئەڭ كېچىككەندىمۇ ئابراھام لىنكولىننىڭ دەۋرىدىن باشلاپلا خىتايغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش قەستىدە بولۇپ كەلگەن. مەن خىتايدىكى ئالاقىلاشقۇچىلىرىمدىن بۇ خىل رىۋايەتسىمان «ئامېرىكانىڭ (خىتاينى بويسۇندۇرۇش) بۈيۈك پىلانى» ھەققىدە ئىسپات كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدىم. ھەربىي ۋە پۇقراۋى ساھەدىكى بىر قانچە خىتاي يازغۇچى بىر يۈرۈش كىتاب ۋە ماقالىلەرنى (ئىسپات سۈپىتىدە) ماڭا بەردى. مەن بۇ ماتېرىياللاردىن ۋە **2001** – يىلىدىن **2012** – يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا خىتايغا قىلغان ئالتە قېتىملىق سەپىرىم جەريانىدىكى سۆھبەتلەردىن، «خىتاي رەھبەرلىرى ئامېرىكانىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى زومىگەر دۆلەتتەك ئىش قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. دەسلەپتە، خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ «جون تايلېردىن بىل كىلىنتونغىچە بولغان ئامېرىكا پرېزىدېنتلىرى ئاللىقانداق بىر شەكىلدە ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى دۆلەت باشقۇرۇش تاكتىكىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئاندىن شۇنىڭدىن ئېرىشكەن ئاجايىپ چۈشەنچىلەردىن پايدىلىنىپ، خىتاينىڭ يۈكسىلىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنغان» دېگەن يەكۈنگە كېلىشى ماڭا مەنتىقىسىزدەك، ھەتتا تولىمۇ بىمەنىدەك تۇيۇلدى. بۇ ھەقىقەتەن رېئاللىقتىن چەتنىگەن، ئاشقۇن چۈشەنچە ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، خىتاي ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە خىتاينى خەلقئارا جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقارغانىدى (13).

مېنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، مەن (بۇ جەھەتتە ئىزدىنىش نەتىجىسىدە) تەييارلىغان دوكلات خىتايدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىرەيلەن ئاشكارىلىغان، ئەمما مەن ۋە باشقىلار ئەقىلگە سىغمايدۇ دەپ رەت قىلىۋەتكەن بىر ئۇچۇرنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللىدى. ئىلگىرى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا خىزمەت قىلىپ، كېيىن خىتايدىن يۈز ئۆرۈگەن چېن يوڭلىن ئىسىملىك بۇ ئادەم بېيجىڭنىڭ قارار چىقىرىش جەھەتتە «دۈشمەننىڭ

نىيىتىنى ئەڭ يامىنىغا بۇراش، ئىدىئولوگىيە قاتماللىقى ۋە رېئاللىقتىن چەتنەش»تىن ئىبارەت بىر قانچە تۈرلۈك بىنورماللىقى بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى (14). تېخىمۇ غەلىتە يېرى، خىتاينىڭ ئۆزىنى ئامېرىكانىڭ ئۇرۇش پىلانىنىڭ مەركىزىدە دەپ ئويلىشىشى ئىدى.

(مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان) خىتاينىڭ «يەتتە قورقۇنچى» تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ئامېرىكانىڭ خىتاينى قورشاۋغا ئېلىش پىلانى بار. كۆپ قىسىم ئىستراتېگىيەلىك گەۋدىلەرنىڭ ئىش – ھەرىكەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ غەلىتە پىسخىكىلىرىنىڭ، يەنى ھېسسىيات، مەدەنىيەت ۋە قورقۇنچ دېگەندەك ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. خىتاي ئۆزىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسىنىڭ قورشاۋغا ئېلىنىشىدىن خەۋپسىرەيدۇ، شۇنداقلا خىتاينىڭ كۆپ قىسىم دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسىنىڭ سىرتىدىكى بىر قاتار ئاراللار خىتاي رەھبەرلىرىنى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن تېخىمۇ تەشۋىشلىنىدىغان قىلىپ قويغان (15). خىتاي ھەربىي ساھەسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ياپونىيەدىن فىلىپپىنغىچە سوزۇلغان بىرىنچى ئارال زەنجىرىدىن ئىبارەت مۇداپىئەلىنىشكە ئەپسىز جۇغراپىيەلىك شارائىت سەۋەبلىك، خىتاي ئاسانلا مەلۇم بىر دۆلەت تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ (16). بۇ ئاراللار (خىتاي تەرىپىدىن) خىتاينىڭ ئوچۇق دېڭىزغا چىقىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان تەبىئىي جۇغراپىيەلىك توسۇق دەپ قارىلىدۇ (17). دەرۋەقە، ياپونىيەنىڭ مەلۇم بىر سابىق دېڭىز ئارمىيە قوماندانى ئىشەنچ بىلەن «خىتاينىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرى ئامېرىكانىڭ ياكى ياپونىيەنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتىغا قارشى قىسىملىرى تەرىپىدىن بايقالماي تۇرۇپ، رىيۇكيۇ (Ryukyu) تاقىم ئاراللىرى ئارقىلىق، ياكى تەيۋەننىڭ جەنۇب – شىمالىدىن، ۋەياكى لۇزون بوغۇزى ئارقىلىق تىنچ ئوكياننىڭ چوڭقۇر سۇ رايونىغا كىرەلمەيدۇ» دېگەنىدى (18). خىتاينىڭ ھەربىي يازغۇچىلىرى دائىم ئارال مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىش جەھەتتە مەشىقلىنىش ۋە جەڭ پىلانى تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشىدۇ (19). مەلۇم بىر پارچە يۇرۇشتۇرۇش ئىلمى تەھلىلىدە، خىتاي سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىشى ئۈچۈن ئۆتۈشى كېرەك بولغان يەتتە قات دۈشمەن سېپى بايان قىلىنغان (20). ئۇلارنىڭ مۆلچەرىگە كۆرە، ئامېرىكا سۇ ئاستى پاراخوتلىرىغا قارشى تۇرۇش تورى، سۇ ئاستىدا ئاۋاز يەتكۈزۈش سىستېمىسى، سۇ ئاستى مىناسى، سۇ يۈزى ئۇرۇش پاراخوتلىرى، سۇ ئاستا پاراخوتلىرىغا قارشى ئايروپىلانلار، سۇ ئاستى پاراخوتلىرى ۋە رازۋېتكا سۈنئىي ھەمراھى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان قورشاۋ سىستېمىسى بەرپا قىلغان (21).

ئامېرىكا خىتاينىڭ دېڭىز – ئوكيان بايلىقلىرىنى تالان – تاراج قىلىشىنى قوللايدۇ. خىتاي يازغۇچىلىرى «خىتاي دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبلىك، خىتاينىڭ دېڭىز تېررىتورىيەسى تەۋەلىكىدىكى قىممەتلىك بايلىقلار چەتئەل كۈچلىرى تەرىپىدىن تالان – تاراج قىلىنىپ، خىتاينىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى تەھدىتكە ئۇچراتتى» دېيىشىدۇ. بۇ ئەھۋالنى ياخشىلاش ئۈچۈن، خىلمۇخىل لايىھەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ئاققىلار ئامبىرىنىڭ سابىق تەتقىقاتچىسى جاڭ ۋېنمۇ بۇ جەھەتتە چەكتىن ئېشىپ «دېڭىز ئارمىيەسى خىتاينىڭ دېڭىز كۈچىنى بەلگىلەيدۇ، دېڭىز كۈچى خىتاينىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ. كۆرۈپ تۇرغىنىمدەك، ئەگەر بىر دۆلەتنىڭ دېڭىز كۈچى يېتەرسىز بولسا، ئۇنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىمۇ بولمايدۇ» دەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن (22). 2005 - يىلى خىتاينىڭ «ھەربىي ئىقتىساد تەتقىقاتى» ناملىق ھەربىي ژۇرنىلىدىكى بىر ماقالىدە «خىتاينىڭ سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادى، چەتئەل تىجارىتى ۋە چەتئەل بازىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچنىڭ يۆلەپ تۇرۇشىغا موھتاج» دېيىلگەن (23).

ئامېرىكا خىتاينىڭ دېڭىز قاتنىشى لىنىيە-سىنى ئۈزۈۋېتىشى مۇمكىن. خىتايچە نۇرغۇن ئەسەرلەردە، خىتاينىڭ دېڭىز قاتنىشى لىنىيەسىنىڭ، بولۇپمۇ مالاككا بوغۇزىدىكى نېفىت ترانسپورت جان تومۇرىنىڭ ئاجىزلىقى تىلغا

ئېلىنغان. (خىتايدىكى) ئوكيان دېڭىز ئارمىيەسى قۇرۇش تەرغىباتچىلىرى، بۇنىڭغا خىتاي ئېنېرگىيە ئىمپورتى دۈچ كېلىۋاتقان خەۋپنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىدۇ (24). مەلۇم بىر خىتاي كۆزەتكۈچىگە كۆرە، ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ھىندىستان دېڭىز فىلوتى بىرلىكتە «خىتاينىڭ نېفىت تەمىناتىغا قارشى پەۋقۇلئاددە زور بېسىم شەكىللەندۈرگەن» (25). گەرچە يەنە بىر تەتقىقاتتا «پەقەت ئامېرىكالا خىتاينىڭ نېفىت توشۇش لىنىيەسىنى توسۇش كۈچىگە ۋە جاسارىتىگە ئىگە» دەپ خۇلاسىلەنگەن بولسىمۇ (26). شۇنىڭدەك، 2002 – يىلى خىتاي دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان «ئۇرۇش نەزەرىيەسى تەتقىقات يېتەكچىسى» دېگەن دەرسلىك كىتابتا خىتاي دېڭىز قاتنىشى لىنىيەسىنىڭ قامال قىلىنىش مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە بىر قانچە خىل ئېھتىماللىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان (27). مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېت تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇرۇش ئىلمى» ئىسىملىك يەنە بىر مۇھىم كىتابنىڭ 2006 – يىلدىكى نۇسخىسىدا دېڭىز قاتنىشى لىنىيەسىنى قوغداش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنغان (28). بەزى قەلەمكەشلەر بۇ ئىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى تەكىتلەپ: «خىتاي دېڭىز ئېمبارگوسى ياكى نېفىت لىنىيەسىنىڭ ئۈزۈۋېتىلىشى دېگەندەك مەسىلىلەرگە قارىتا، چوقۇم <سۇ كەلگۈچە توغان تۇت>ۇشى كېرەك» دېگەن (29). مەزكۇر تەرغىباتچىلار خىتاينىڭ سۇ ئاستى پاراخوتىنى مەركەز قىلغان دېڭىز ئارمىيەسى سىستېمىسىنى ئاۋىياماتكىنى مەركەز قىلىشقا ئۆزگەرتىشنى ئارزۇ قىلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

ئامېرىكا خىتاينى پارچىلاشنى ئويلايدۇ. خىتاينىڭ نوقۇل ئىچكى ھەربىي خوراشقا قارىتا تۈزۈلگەن مەلۇم بىر مەشىق قوللانمىسىدا تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان خىلمۇخىل ئەھۋاللاردىكى جەڭ پىلانى بايان قىلىنغان (30). خىتاي دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتى، ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئىستراتېگىيە ئاقىللار ئامبىرىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى 2005 – يىلدىكى تەسىر كۈچى زور تەتقىقاتىدا خىتايدىكى يەتتە ھەربىي رايوننىڭ ھەربىرىنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىنى باھالاپ، خىتايغا تاجاۋۇز قىلىدىغان دۆلەتلەر پايدىلىنىشى مۇمكىن بولغان لىنىيەلەرنى تەكشۈرۈپ چىققان (31). ئۇلار كەلگۈسىدىكى قۇرۇقلۇق ھۇجۇمى توغرىسىدا ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۈچۈن، ھەربىر رايوننىڭ ھەربىي جۇغراپىيەسىدىن ۋە تارىختا چەتئەل كۈچلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراش تەكرارلىقىدىن پايدىلانغان، (بۇ جەرياندا) ھەتتا قوشنا دۆلەتلەرنىمۇ كەلگۈسى تاجاۋۇزچى دەپ بېكىتكەن. يېقىنقى مەزگىللەردە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشىدىمۇ قۇرۇقلۇق تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنغاندەك تۇرىدۇ (32).

ئامېرىكا خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆكتىچىلەرگە ياردەم بېرىشى مۇمكىن. 2005 – يىلدىكى «خىتاينىڭ ئۇرۇش رايونى جۇغراپىيەسى» دېگەن تەتقىقاتتا، خىتاينىڭ شىمالىي چېگراسى بويىدىكى بېيجىڭ ھەربىي رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ ھەربىي رايوننىڭ برونېۋىك ھۇجۇمىغا ۋە پاراشوت ئارقىلىق چۈشۈشكە تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە ئاجىز ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان (33). 2005 – يىلى ئىچكى موڭغۇلىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن «شىمال خەنجىرى» مانېۋىرىغا ئىككى برونېۋىك دىۋىزىيەسى، يەنى 2800 تانكا ۋە باشقا ھەربىي قاتناش ۋاستىلىرى قاتناشقان. برونېۋىكلاشقان قوشۇن ۋە پاراشوتچىلار قىسمى ئىككى مىڭ كىلومېتىردىن كەڭ دائىرىدە، «چەتئەل ھەربىي كۈچلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن تېرورچىلارغا ھۇجۇم بېرىش»كە تەقلىد قىلىپ، خىتايدىكى ئەڭ چوڭ دالا مانېۋىرى ئۆتكۈزگەن. خىتاينىڭ باياناتچىسى بۇ قېتىملىق مانېۋىر تېمىسىنىڭ «چەتئەلنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن دۆلەت ئىچىدىكى تېرورچىلارغا زەربە بېرىش» ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكانىڭ ئىسمىنى ئېنىق تىلغا ئالمىغان (34).

ئامېرىكا خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىققا، ئىچكى ئۇرۇشقا ياكى تېرورچىلىققا قۇترىتىشى مۇمكىن. «چەتئەل كۈچلىرى تەيۋەن، تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى

<بۆلگۈنچى>لەرنى قوللاۋاتىدۇ» دېگەن گەپ خىتاينىڭ كۈندىلىك باياناتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى، لېكىن بۇ ھەقىقەتەن خىتاينىڭ (ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى) تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىگە بولغان ئەندىشىسىنى ئىپادىلەيدۇ (35). خىتاي مەركىزىي كومىتېتى خەلقئارالىق ئالاقە بۆلۈمىدىكى بىر تەتقىقاتچى «بۆلگۈنچى»لەرنىڭ ۋە فالۇنگوڭ ھەرىكىتىنىڭ تەھدىتىنى ئامېرىكا «زومىگەرى»نىڭ تەھدىتى بىلەن ئوخشاش دەرىجىگە تىزغان (36).

ئامېرىكا ئاۋىياماتكا ئارقىلىق خىتايغا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن. خىتايدىكى ھەربىي قەلەمكەشلەر ئەڭ كەم دېگەندىمۇ ئون يىلنىڭ ياقى ئامېرىكانىڭ ئاۋىياماتكىسىدىن كېلىدىغان تەھدىتنى مۆلچەرلەپ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ (37). يۇرۇشتۇرۇش ئىلمى تەھلىللىرىدە، ئامېرىكا ئاۋىياماتكىلىرىنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن خىتاي ئارمىيەسىدىن قانداق پايدىلىنىش كېرەكلىكى كۆرسىتىلگەن (38). باشقا تەتقىقاتلاردا بولسا، خىتاي (ئامېرىكانىڭ ئاۋىياماتكىسىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن) تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك بولغان مۇئەييەن قورال سىستېمىلىرى تىلغان ئېلىنغان (39). خىتاينىڭ ئاۋىياماتكىغا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى دەل مۇشۇ خىل قورقۇنچقا قايتۇرۇلغان ئىنكاسنىڭ مەھسۇلىدۇر.

مەن خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ماتېرىيال - ھۆججەتلىرىنى كۆرۈپ چىقىش جەريانىدا بايقىغان يەنە بىر پەرق شۇكى، خىتاي «شى»نى ئاشۇرۇپ، ۋەزىيەت يۈزلىنىشىنى خىتايغا پايدىلىق تەرەپكە بۇرايدىغان «ئاگاھلاندۇرۇش زەربىسى»دىن پايدىلىنىشقا ھەرۋاقىت تەييار تۇرىدىكەن. خىتاينىڭ ھەربىي دەرسلىك كىتابلىرىدا ۋە ھەربىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇنازىرىلەردە «كۈچلۈك زەربە بېرىپ، شى (势)نى ئاشۇرۇش» دېگەن ئىبارە كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي تارىختىن بېرى ھەربىي كۈچىنى باشقا زېمىنلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتمەي، پىسخىكىلىق زىلزىلە شەكىللەندۇرۇش، كىرىزىسنى ئۆڭشاش ياكى مەلۇم بىر يولسىز ھالەتنى قانۇنىيلاشتۇرۇش دېگەندەك تۈرلۈك شەكىللەردىكى سىياسىي مۇددىئا ئۈچۈن ئىشلەتكەن (40). مەسىلەن، 1950 – يىلى تۇيۇقسىزلا چاۋشيەن مەسىلىسىگە ئارىلىشىپ، ئامېرىكا ۋە بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قىسىملىرىغا قارشى چىققىنىغا ئوخشاش (41). ئۇلارنىڭ ھىندىستان (1960 – يىلى)، سوۋېت ئىتتىپاقى (1969 – يىلى) ۋە ۋېيتنام (1979 – يىلى) قاتارلىق قوشنىلىرىغا تۇيۇقسىزلا ھۇجۇم قىلىشمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. خىتاينىڭ ھەربىي قوماندانلىرى «ئالدىن قول سېلىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ھەربىي توقۇنۇشنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەيدىغان ھالقىلىق پەرقتىن دېرەك بېرىدۇ ۋە تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك سىياسىي مۇزاكىرىلەردە (مەسىلەن زېمىن تالاش – تارتىشى دېگەندەك) شەرت قويۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ» دەپ قارايدۇ. 1950 – يىلى خىتاينىڭ چاۋشيەن مەسىلىسىگە ئارىلىشىشىنىڭ ھېچقانداق مۇۋاپىق تەرىپى يوق ئىدى، چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا يادرو قورالى مونوپولى، شىمالغا يۈرۈش قىلىپ يالۇ دەرياسىدىن ئۆتەلەيدىغان 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن، ھۇجۇم قىلالايدىغان دائىرىگە توختىتىلغان ئاۋىياماتكا قاتارلىق غايەت زور ھەربىي ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى. خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ 1950 – يىلىدىكى قارارى ئەنئەنىۋى ھەربىي تەڭپۇڭلۇق چۈشەنچىسىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. بۈگۈنمۇ ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى ھەربىي توقۇنۇش ئەنە شۇ خىل خاتا چۈشىنىش ۋە خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ «تۇيۇقسىز ھۇجۇم تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك توقۇنۇشقا ئايلىنىپ كەتمەيدۇ» دېگەن شەكىلدە چوت سوقۇشى سەۋەبلىك يۈز بېرىشى مۇمكىن.

گەرچە بۇ ئاشكارا سورۇنلاردا كەمدىن كەم تىلغا ئېلىنسىمۇ، خىتاي بىلەن باردى – كەلدى قىلىدىغان ئامېرىكا سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مۇتەخەسسىسلىرى «خىتاي رەھبەرلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان (ئامېرىكاغا بولغان) ئىشەنمەسلىك ئىككىلا تەرەپ خالىمايدىغان ئۇرۇشقا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن» دېگەن قاراشتا بىرلىككە كەلگەن. 1997 – يىلدىن 2000 - يىلغىچە شەرقىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان

ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان سابىق مۇئاۋىن دۆلەت سېكرېتارى سۇسان شىرك **(Susan Shirk)** «خىتاينىڭ قانچە تەرەققىي قىلىپ گۈللەنگەنسېرى،شۇنچە تەشۋىشلىنىدىغانلىقى»-نى نەزەردە تۇتقان ھالدا «قەد كۆتۈرۈۋاتقان خىتاي بىلەن ئارىمىزدا ساقلانغىلى بولمايدىغان توقۇنۇش يۈز بېرىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن» دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى **(42)**. ئۇ يەنە ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى «يا ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق خاراكتېرىنى كۈچلەندۈرىدۇ، يا ئۇنىڭ ھېسسىيلىقىنى ئەۋجىگە چىقىرىدۇ» دېگەنىدى **(43)**. باشقا خىتايشۇناسلارمۇ ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا ئاۋاز قوشقانىدى. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ پېشقەدەم تەھلىلچىسى روبېرت سۇيتىنگېر **(Robert Suettinger)** خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي قارار چىقىرىش سىستېمىسىنى «مەخپىي، ئىشەنچىسىزلىككە تولغان، ئېغىر دەرىجىدە بيۇروكراتلاشقان، رەھبەرلەر ئاڭلاشنى خالايدىغان ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈشكە مايىل، ئىستراتېگىيە جەھەتتە ناھايىتى دوگما» دەپ سۈپەتلىگەن **(44)**.

خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى «تۇيۇقسىز ھۇجۇم»نى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن «قاتىل خەنجىرى»گە موھتاج. خىتاي ئەمەلدارلىرى ئامېرىكا بىلەن ئۆزلىرىنىڭ «قاتىل خەنجىرى» ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى ھەققىدە سۆزلىششىنى پەقەت خالىمايدۇ. مەن مەلۇم بىر يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئىستراتېگىيەچىدىن بۇ ھەقتە سورىۋىدىم، ئۇ ماڭا بۇ توغرىسىدا زىنھار مۇزاكىرىلەشكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، مەن خىتاينىڭ ھازىرقى زامان ھەربىي ئىستراتېگىيەچىلىرى يازغان ئۈچ پارچە كىتاب ۋە يىگىرمە پارچىدىن كۆپرەك ماقالىدىكى «قاتىل خەنجىرى» تېپىدىكى قوراللارغا ئالاقىدار نەقىللەرنى كۆرگەندىن كېيىن، يەنىلا خىتايلار مۇزاكىرە قىلىۋاتقان ۋە قۇرۇۋاتقان قورال – ياراغ ئامېرىنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلىدىم.

«قاتىل خەنجىرى» تىپىدىكى قوراللارنىڭ قىلىدىغان ۋەيران ئۆزى تەنىرخى قوراللارنىڭكىدىن تۆۋەن بولىدۇ. ئۇلار ئىمكانقەدەر ئەڭ مەخپىي شەكىلدە ياساپ چىقىلىدۇ. ئۇلار ئۇرۇشتىكى ھالقىلىق پەيتتە، يەنى دۈشمەننىڭ تەييارلىق قىلىۋالغۇدەك ۋاقتى يوق ئەھۋالدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلار دۈشمەننى گاڭگىرىتىدۇ، زىلزىلىگە سالىدۇ، ئەيمەندۈرىدۇ ۋە مەغلۇب بولغان ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى **2002** – يىلى دۆلەت مەجلىسىگە سۇنغان خىتاينىڭ ھەربىي كۈچى ھەققىدىكى دوكلاتتا دېيىلگىنىدەك، خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەسىدە «يۇقىرى تېخنىكىغا ئىگە دۈشمەننىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى پالەچلەندۈرىدىغان ھەربىي ھەرىكەتلەر ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەتلەر دەسلەپىدىلا دۈشمەننىڭ پائالىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ياكى ئۇنى كېچىكتۈرۈشنى؛ شۇنداقلا دۈشمەننىڭ ئەڭ زور تەھدىتكە ئىگە يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللىرىنىڭ تىپى ۋە ئورنىنى تېپىشنى نىشان قىلغان ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» **(45)**.

گەرچە، ئەپسانىلەردىكى «قاتىل خەنجىرى» بىر تاللا قورال بولسىمۇ، بۈگۈنكى «قاتىل خەنجىرى» غەيرىي سىممېترىك قوراللاردىن تەشكىل تاپقان بىر پۈتۈن قورال – ياراغ سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ. خىتاي ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ئالىي پولكوۋنىكى （大校） ياڭ جىبو **( Yang Zhibo)** «خىتاي چوقۇم ئالدى بىلەن بىر تەرەققىيات پروگراممىسىنى تاماملىشى كېرەك. بۇ مۇرەككەپ ھەم سىستېمىلىق جەريان، شۇنداقلا بۇ بىر ياكى ئىككى خىل ئىلغار قورال ياساپ چىقىش مەسىلىسى ئەمەس. بۇ پۈتۈن ئارمىيەنى، ھەممە جاينى، جۇملىدىن قۇرۇقلۇقنى، دېڭىزنى ۋە ھاۋانى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىستېمىدۇر» دېگەن **(46)**.

سابىق خىتاي رەئىسى جياڭ زېمىن «قاتىل خەنجىرى»نىڭ قىزغىن تەرغىباتچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، خىتاي **1990** – يىللىرى ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە مەزكۇر پروگراممىنى باشلىغانىدى. ئۇ **1999** – يىلى ئارمىيەنىڭ قوماندانلىرىغا: «دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئىمكانقەدەر ئەڭ

تېز سۈرئەتتە يېڭى <قاتىل خەنجىرى>گە ئىگە بولۇشىمىز زۆرۈردۇر» دېگەن **(47)**. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ يەنە «دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى ۋە بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئىمكانقەدەر ئەڭ تېز سۈرئەتتە بىر قانچە خىل <قاتىل خەنجىرى>گە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك» دېگەن سۆزنى تەكرارلىغان **(48)**. ئۇ **2000 –** يىلى يەنە: «بىز بىر چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، خەلقئارالىق زومىگەرلىككە قارشى كۈرەشتە <قاتىل خەنجىرى> تىپىدىكى بەزى قوراللارغا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك» دېگەن **(49)**. يەنە شۇ يىلى، ئۇ خىتاي بىلەن تەيۋەن ئارىسىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان توقۇنۇش ھەققىدە توختالغاندا «ئۇرغۇپ – تاشقان قىزغىنلىق بىلەن <قاتىل خەنجىرى> تىپىدىكى بەزى قورال ۋە ئەسلىھەلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر» دېگەن **(50)**. كېيىنكى يىلى، ئۇ يەنە «دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى ۋە بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش يېڭى <قاتىل خەنجىرى>گە موھتاج» دېگەن پىكىرنى تەكىتلىگەن **(51)**. ئامېرىكالىق بىر مۇتەخەسسىس بېيجىڭدا بۇ ئىشنى قىلىۋاتقان رەسمىي بىر ئىشخانا بارلىقىنى خۇلاسىلەپ چىققان.

يۇقىرىقى قۇرلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلۇشى تەبىئىي: جياڭ زېمىن خىتاينىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى كىمگە قارشى قوغداش زۆرۈر دەپ قارىغان؟ ئۇنىڭ «خەلقئارالىق زومىگەرلىككە قارشى كۈرەش» دېگەن سۆزىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى «ئامېرىكا»دۇر. نۆۋەتتىكى ھەربىي ۋەزىيەتتە، «قاتىل خەنجىرى» ئۇقۇمى پۈتۈنلەي «ئامېرىكانىڭ (خىتاي تەرىپىدىن) بايقالغان ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىشنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەربىي كۈچىنى پالەچلەندۈرۈشنىڭ ئامالىنى تېپىش»قا مەركەزلەشكەن. شۇ ۋەجىدىن، خىتاي دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتى چەتئەل ھەربىي تەتقىقاتى ئورنىنىڭ مەسئۇلى مايور گېنېرال **(Li Zhi yun)** لى جىيۈن **64** نەپەر ھەربىي قەلەمكەشنىڭ ماقالىسى جۇغلانغان بىر پارچە كىتابنى نەشر قىلدۇرغان بولۇپ، مەزكۇر كىتابتا ئامېرىكانىڭ ھەربىي جەھەتتىكى بىر تالاي ئاجىز نۇقتىلىرى رەتكە تىزىلغان **(52)**. بۇ كىتابنىڭ باش تېمىسى «ئامېرىكانى قاتىل خەنجىرى

ئىستراتېگىيەسى ئارقىلىق يەڭگىلى بولىدۇ»دىن ئىبارەتتۇر.

ئامېرىكانىڭ مەلۇم بولغان ئاجىزلىقلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ يۇقىرى – تېخنىكىلىق ئۇچۇر سىستېمىسىغا بېقىنىپ قالغانلىقىدۇر. دۇنيادا ئامېرىكانىڭ ھەربىي، ئىقتىسادىي، ئىستىخبارات ۋە ئۇل مۇئەسسەسە جەھەتلەردىكى ئاچقۇچلۇق مەنپەئەتىگە ئالاقىدار كومپيۇتېر سىستېمىسىنىڭ مۇداپىئەسى ۋە ئاجىزلىقلىرى ھەققىدە خىتايدەك چوڭقۇر ئىزدەنگەن يەنە بىر دۆلەت يوق. ئامېرىكا – خىتاي ئىقتىساد ۋە بىخەتەرلىكنى كۆزدىن كەچۈرۈش كومىتېتىدا كومىسسار بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن لارىي ۋورتزېل **(Larry Wortzel)**غا كۆرە، «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكاغا قارشى كەڭ كۆلەملىك تور ئىشپىيونلۇق ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقى ۋە بۇنى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىغا دائىر كۈچلۈك ئىسپاتلار ئوتتۇرىغا چىقتى» **(53)**. گەرچە خىتاي ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە بۇ خىل ھۇجۇملارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىسمۇ، لېكىن خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ «مەخسۇس توردا سىڭىپ كىرىش، تور ئىشپىيونلۇقى ۋە ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش بىلەن ھەپىلىشىدىغان» **16** تارمىقى بار **(54)**.

**21** –ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلىدا مەزكۇر جاسۇس-لۇق تارماقلىرىنىڭ ـــ شۇنداقلا باشقا خىتاي خاككېرلىرىنىڭ ـــ تولىمۇ قابىل ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىدىكى مايور گېنېرال ۋىلىيام لورد **(William Lord)** خىتاينىڭ (بۇ جەھەتتىكى) ھەرىكەتلىرىنى «مىللىي دۆلەت تەھدىتى» دەپ خاراكتېرلىگەن ۋە «خىتاينىڭ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ كومپيۇتېر تورىدىن ئون تېرابايت **(terabyte)** تىن يىگىرمە تېرابايتقىچە چوڭلۇقتا ماتېرىيال چۈشۈرۈۋالغانلىقى»نى بايقىغان **(55)**. «ۋاشىڭتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ **2013** – يىلىدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، «دۆلەت مۇداپىئە پەنلىرى كومىتېتى»نىڭ بىر مەخپىي تەتقىقاتىدا «(شۇ قېتىمقى) خاككېرلارنىڭ <ۋەتەنپەرۋەر> ناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسى، «ئېيجىس» باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئە-

نىش سىستېمىسى، **F/A-18** تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلان، **V-22** تىپلىق دېڭىز بۇركۈتىسىمان پىرقىرىما قاناتلىق كۈرەشچى ئايروپىلان ۋە دېڭىز ياقىسى ئۇرۇش كېمىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان **24** تىن ئارتۇق ئامېرىكا قورال سىستېمىسىنىڭ لايىھەسىنى قولغا چۈشۈرگەن»لىكى ئاشكارىلانغان **(56)**. «ۋاشىڭتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ خەۋىرىدە يەنە «ھەربىي ۋە سانائەت ساھەسىدىكى شۇ قېتىمقى خاككېرلىق ھۇجۇمىدىن خەۋەردار يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ختاينىڭ ئامېرىكانىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ھۆددىگەرلىرىگە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ۋاكالەت ئورۇنلىرىغا قارىتىلغان، ئىزچىل كېڭىيىۋاتقان ئىشپىيونلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىكەن» دېيىلدى **(57)**.

(ختايلار قىلغان) ئەڭ قارام خاككېرلىق ھۇجۇملىرىدىن بىرى **2003** – يىلى بىلەن **2005** – يىلىنىڭ ئارىلىقىدا يۈز بەردى. ئۇ قېتىملىق ھۇجۇم ئامېرىكا ھەربىي تارماقلىرىنىڭ، ھۆكۈمەت ۋە ھۆكۈمەت ھۆددىگەرلىرىنىڭ تور بەتلىرىگە قارىتىلغانىدى. كوللېكتىپ ھالدا ئۆزلىرىگە «تىتان يامغۇرى» دەپ ئىسىم قويىۋالغان خاككېرلار ھۆكۈمەتنىڭ يۈزلىگەن كومپيۇتېرلىرىغا ھۇجۇم قىلغانىدى. «دەۋر» ژۇرنىلى شۇ قېتىملىق ھۇجۇمنىڭ ختاينىڭ جەنۇبىدىكى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى ئۈچ دانە روتېرغا ئۇلانغان توردىن قوزغالغانلىقىنى خەۋەر قىلغان بولسىمۇ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەزكۇر خاككېرلىق ھۇجۇمىغا ئالاقىدار بۇ ۋە باشقا خەۋەرلەر ھەققىدە تومتاق ئىپادە بىلدۈرۈش بىلەنلا چەكلەندى **(58)**.

ۋورتزېلنىڭ كۆرسىتىشىچە، «تىتان يامغۇرى» ھۇجۇمىدىن كېيىنكى يىللاردا، ختاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ بىر تارمىقى بولغان **61398** – قىسىم «ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ **141** دىن ئارتۇق شىركەت، خەلقئارالىق تەشكىلات ۋە چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تور بېتىگە سوقۇنۇپ كىرگەن» **(59)**. بۇنىڭدىن سىرت، «يوشۇرۇن مولۇن» دەپ ئاتىلىدىغان ختايدىكى يەنە بىر قىسىم خاككېرلارنىڭ ختاينىڭ سىرتىدىكى بىر يۈرۈش نومۇسسىزلارچە خاككېرلىق ھۇجۇملىرى بىلەن باغلىنىشى بارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. مەزكۇر «يوشۇرۇن مولۇن» خاككېرلىرى گۇگېل **(Google)** ۋە ئادوبى **(Adobe)** قاتارلىق پەن – تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ، مالىيە مۇلازىمىتى شىركەتلىرىنىڭ، دۆلەت مۇداپىئەسى ھۆددىگەرلىرىنىڭ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ۋاكالەت ئورۇنلىرىنىڭ تور بەتلىرىگە ھۇجۇم قىلغان **(60)**. ئامېرىكادىكى مەلۇم بىر تور بىخەتەرلىك شىركىتىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ خاككېرلار «زېرەك ئۇۋۇچىلاردەك سەبىرچان ۋە چىداملىق»، شۇنداقلا «كومپيۇتېرلارنى بەلگىلەنگەن نىشان (تور بەت) دىكى تەمىنلىگۈچى (گە ئورۇنلاشتۇرۇلغان خاككېرلىق يۇمشاق دېتالى) ئارقىلىق يۇقۇملاندۇرۇپ، ئاندىن يۇقۇملانغان كومپيۇتېرلارغا شۇ يۇمشاق دېتاللارنىڭ قاچىلىنىشىنى ۋە خاككېرلارنىڭ كومپيۇتېرىغا ئۆزلۈكىدىن ئۇچۇر ئەۋەتىشىنى كۆتۈپ تۇرىدىغان <ئازگال تېخنىكىسى>نىڭ ئاۋانگارتلىرى»دىن ئىكەن **(61)**. ئامېرىكانىڭ سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇچۇر بىخەتەرلىكى ئەمەلدارى پاۋل ستراسمان **(Paul Strassmann)** نىڭ ئېيتىشىچە، ئالاقىدار تەرەققىياتلار داۋامىدا، ئامېرىكادىكى **730** مىڭدىن كۆپرەك كومپيۇتېرغا ختاينىڭ «جەسەتلىرى»، يەنى يامان غەرەزلىك يۇمشاق دېتاللىرى قاچىلىۋېلىنغان بولۇپ، (ختايدىكى) خاككېرلار بۇ يۇمشاق دېتاللار ئارقىلىق كومپيۇتېرلارنى يۇقۇملاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ «قۇل» كومپيۇتېرىغا ئايلاندۇرۇپ، شۇ كومپيۇتېرلار ئارقىلىق غايەت زور مىقداردىكى سانلىق مەلۇماتلارنى مەلۇم بىر تور ياكى توربەتكە يوللاپ، ئۇنى ۋەيران قىلىۋېتىدىكەن **(62)**.

ختاي ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى مايور گېنېرال سۈن بەيلىننىڭ يازمىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا «ئېلېكترونلۇق پالەچلەندۈرۈش سىستېمىلىرى» ئارقىلىق كاردىن چىقارغىلى بولىدىغان «دەرىجىدىن تاشقىرى يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر تاشيولى»غا زىيادە بېقىنىپ قالغان. بۇ خىل «ئېلېكترونلۇق پالەچلەندۈرۈش سىستېمىلىرى» ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى سىستېمىسىنى، خەلق ئاۋىئاتسىيەسى سىستېمىسىنى، تىرانسپورت تورىنى، دېڭىز

پورتلىرىنى، رادىيو – تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنى، تېلېگراف سىستېمىلىرىنى، كومپيۇتېر مەركەزلىرىنى، زاۋۇت – كارخانىلارنى پالەچلەندۈرۈپ قويالايدىكەن ياكى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىكەن **(63)**. بېيجىڭ سىستېما قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنژېنېرى **(Chang Mengxiong)** چاڭ مېڭشيوڭ «21 – ئەسىردىكى قوراللار» دېگەن ئەسىرىدە «ئالەم بوشلۇقى سۈنئىي ھەمراھى، بوشلۇقتا ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش سىستېمىسى، ئېلېكترونلۇق كۆرەشچى ئايروپىلان ۋە يەر يۈزىدىن قوماندانلىق قىلىش نۇقتىسى قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇلارنى قوغداش ئۇرۇشنىڭ مۇھىم شەكىللىرىگە ئايلىنىدۇ» دېگەن **(64)**.

خىتاينىڭ «قاتىل خەنجىرى» پروگراممىسى كۆزىتىش سىستېمىسىنى، قۇرۇقلۇقنى بازا قىلغان ئېلېكترونلۇق ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى ياكى ئامېرىكانىڭ ئاۋىياماتكىسىنى پالەچلەندۈرەلەيدىغان قوراللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن باشلانغانىدى. بۇ يادرو پارتلىشى جەريانىدىكى ئېلېكتروماگنىت ئېففېكتىنى تەقلىد قىلىپ، كەڭ دائىرىدىكى بارلىق ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى كاردىن چىقىرالايدىغان ئېلېكتروماگنىت ئىمپۇلسى **(EMP)** قوراللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خىتاي يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلېكتروماگنىت ئىمپۇلسى قوراللىرىنى چاشقان، توشقان، ئىت ۋە ئېشەكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا سىناق قىلدى. خىتاي يەنە چاڭ مېڭشيوڭنىڭ ئېيتقىنىدەك «دۈشمەننىڭ ئېلېكترونلۇق ئەسلىھەلىرىنى ۋەيران قىلىدىغان» يۇقىرى قۇۋۋەتلىك مىكرو دولقۇنلۇق قوراللارنىمۇ تەتقىق قىلىۋاتىدۇ **(65)**. كومپيۇتېر ۋىرۇسلىرى، شۇنداقلا ئېلېكتروماگنىت ئىمپۇلسى ۋە مىكرو دولقۇن تارقىتىدىغان قوراللار ئامېرىكانىڭ ئارقا سەپتىكى كومپيۇتېرلىرىنى، يانفونلىرىنى، ھاۋا قاتنىشى كونترول مەركەزلىرىنى ۋە ئالدىنقى سەپتىكى كۆرەشچى ئايروپىلانلارغا قوماندانلىق قىلىش - كونترول قىلىش مېخانىزملىرىنى ۋە ئەقىللىق بومبىلىرىنى پالەچلەندۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھالىتىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.

خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئورگان تەرەپ گېزىتىغا بېسىلغان تۆۋەندىكى بايانات توغرىسىدا ئويلىنىپ باقايلى:

«بەزىلەر ئۇچۇر دەۋرىدە <مەرۋايىت پورتى ۋەقەسى> **(Pearl Harbor Incident)** گە ئوخشاش ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئەگەر ئېلېكتروماگنىت ئىمپۇلسى قوراللىرىغا ئوخشاش ۋاستىلەر ئارقىلىق دۈشمەننىڭ قوماندانلىق، كونترول ۋە ئالاقە ساھەلىرىدىكى ھالقىلىق ئۇچۇر سىستېمىلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىنسا، بۇنى 21 – ئەسىردىكى <مەرۋايىت پورتى ۋەقەسى> دېيىشكە بولىدۇ. ھەتتا، ئامېرىكاغا ئوخشاش يادرو ئوقبېشى سەپلەنگەن باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە كۈچلۈك ئارمىيەگە ئىگە دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتمۇ بۇ خىل ھۇجۇملاردىن ئامان قالىمەن دېيەلمەيدۇ... ئۇلارنىڭ (ئامېرىكانىڭ) ئۆزىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئامېرىكاغا ئوخشاش يۈكسەك دەرىجىدە كومپيۇتېرلاشقان بىر دۆلەت ھەممە تەرەپتىن قىلىنغان ئېلېكترونلۇق ھۇجۇملار ئالدىدا پەۋقۇلئاددە ئاجىزدۇر. چۈنكى، ئامېرىكادا بانكىلاردىن تېلېفون سىستېمىسىغىچە، ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن پولات – تۆمۈر زاۋۇتلىرىغىچە، پۈتۈن ئامېرىكا ئىقتىسادى تامامەن كومپيۇتېر تورىغا باغلىنىپ قالغان... بىر دۆلەت ئىقتىساد ۋە تېخنىكا جەھەتتە قانچە كۈچەيگەنسېرى، ئۇنىڭ زامانىۋى ئۇچۇر سىستېمىسىغا بېقىنىشىمۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ... (شۇ ۋەجىدىن) ئامېرىكا (زامانىۋى، ئېلېكترونلۇق) ھۇجۇم ئالدىدا دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق دۆلەتتىن بەكرەك ئاجىزدۇر» **(66)**.

خىتايلار «ئامېرىكانىڭ ئالەم بوشلۇقى سۈنئىي ھەمراھىغا تايىنىپ قالغانلىقى ئۇنىڭ يەنە بىر ئەجەللىك ئاجىزلىقى» دەپ قارايدۇ. سۈنئىي ھەمراھ بەزىدە دۈشمەننىڭ ئورنىنى رەسىمگە تارتىش، شۇنداقلا رادىيو ۋە تېلېفون ئالاقىسىنى نازارەت قىلىش ئارقىلىق ئىستىخبارات توپلىسا، يەنە بەزىدە ئادەمسىز ئۇچقۇ، چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە باشقا ئەسلىھەلەرگە يول باشلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئەنە ئاشۇ سۈنئىي ھەمراھلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ھەربىي ھەرىكەتلىرىگە مەسئۇل

ئامېرىكا مەركىزىي قوماندانلىق شتابى فلورىدا شتاتىدىكى تامپا (Tampa) شەھىرىگە جايلاشقان. يەنە ئاشۇ سۇنئىي ھەمراھلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئامېرىكانىڭ ھونولۇلۇدىكى تىنچ ئوكيان قوماندانلىق شتابى 105 مىليون كۋادىرات مىل دائىرىدىكى دېڭىز فلوتلىرى ۋە باشقا قىسىملار بىلەن ئالاقىلىشالايدۇ. ئامېرىكا 2004 – يىلى ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك دېڭىز كۈچىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، 12 ئاۋىياماتكا گۇرۇپپىسىدىن يەتتىنى خىتاينىڭ ئەتراپىدىكى دېڭىز رايونىغا ئەۋەتتى، لېكىن ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ئالەم بوشلۇقىدا ئۈچۈپ يۈرگەن ئالاقە ۋە ئىستىخبارات سۇنئىي ھەمراھلىرى بولمىغان بولسا، ھەرقايسى ئۇرۇش گۇرۇپپىلىرى ئۆزئارا ئالاقە قىلىشالمىغان بولاتتى.

خىتاي يىگىرمە يىلدىن بۇيان مەزكۇر سۇنئىي ھەمراھلارنى ۋەيران قىلىش ياكى پالەچلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئامېرىكانىڭ سۇنئىي ھەمراھلىرىنى «قارىغۇ» قىلىپ قويىدىغان ياكى پارتلىتىۋېتىدىغان، قۇرۇقلۇقتىن قويۇپ بېرىلىدىغان لازېر نۇرى قورالىغا ئوخشاش «قاتىل خەنجىرى» تىپىدىكى قورالدىن بىر قانچىنى ياساپ چىقتى. خىتاي يەنە «پارازىت مىكرو سۇنئىي ھەمراھ» ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىشكە باشلىدى. ئىسمىدىنلا كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، بۇ كىچىك ئەسۋاب (پارازىت مىكرو سۇنئىي ھەمراھ) ئامېرىكا سۇنئىي ھەمراھىغا چاپلىشىۋېلىپ، يا ئۇنى كاردىن چىقىرىدۇ، يا ئۇ توپلىغان ئۇچۇرلارنى ئوغرىلايدۇ. خىتاينىڭ باشقا مىكرو سۇنئىي ھەمراھلىرى ئېلېكترونلۇق كاشىلا پەيدا قىلىش، ئېلېكتروماگنىت ئىمپۇلسى تارقىتىش ياكى سۇنئىي ھەمراھنى ئۆز ئوربىتىسىدىن چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق ئامېرىكا سۇنئىي ھەمراھلىرىنى پالەچلەندۈرەلەيدۇ (67).

خىتاي بۇنىڭدىن سىرت، سۇنئىي ھەمراھنى ئالەم بوشلۇقىدا پارتلىتىۋېتىدىغان، قۇرۇقلۇقتىن قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھەققىدىمۇ ئىزدەنگەن. خىتاي 2007 - يىلىدىكى بىر قېتىملىق ئوڭۇشلۇق سىناقتا، مۇشۇ خىل قورالنى ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ تاشلاندۇق ھاۋارايى سۇنئىي ھەمراھىنى ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ بىر دوكلاتىدا: «بۇ سىناق نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ئەندىشىگە سالدى، شۇنداقلا بۇ سىناق سەۋەبلىك پەيدا بولغان سۇنئىي ھەمراھ قالدۇقلىرى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى ئۈسكۈنە - ئەسلىھەلىرىگە تەھدىت شەكىللەندۈردى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى ئۇچۇشلىرىنى خەتەرگە ئۇچراتتى» دېيىلگەن (68). ئامېرىكا دېڭىز ئۇرۇشى ئىنستىتۇتىدىكى جون جونسون فرىس (Joan Johnson-Freese) خىتاينىڭ شۇ قېتىملىق «مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قىلغان سىنىقىدىكى دىنامىكا تەسىرى سەۋەبلىك شەكىللەنگەن ئۈچ مىڭ پارچىدىن ئارتۇق سۇنئىي ھەمراھ قالدۇقىنىڭ يەر شارىدىكى نوپۇس زىچ جايلاشقان رايونلارنىڭ ئۈستىدىكى تۆۋەن ئوربىتىدا ئون يىللارچە لەيلەپ يۈرۈيدىغانلىقى»نى ئېيتقان (69).

تېخىمۇ چاتاق يېرى، خىتاينىڭ سۇنئىي ھەمراھقا قارشى سىنىقىدا ئاشكارىلىق كەمچىل. شۇ قېتىملىق سىناقتىن كېيىن، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى كومىتېتىنىڭ باياناتچىسى «خىتاي بۇ قېتىملىق قورال سىنىقىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرمىدى، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە يەنە باشقا سىناق قىلىش نىيىتى بار - يوقلۇقى توغرىسىدىمۇ گەپ قىلمىدى» دېگەن ۋە يەنە شۇ قېتىملىق سىناقنىڭ خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ «ئالەم بوشلۇقىنىڭ ھەربىيلەشتۈرۈلۈشىگە قارشى ئاشكارا مەيدانى»غا زىتلىقى ھەققىدىمۇ چۈشەنچە بەرمىگەنلىكىنى ئېيتقان (70).

شۇ قېتىملىق سىناقنىڭ ئادەمنى ھەممىدىن بەك بىئارام قىلىدىغان يېرى، ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرىنىڭ مۇشۇنداق بىر سىناقنىڭ قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالمىغانلىقىدۇر. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ شۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئۈچ يىلدا دۆلەت مەجلىسىگە سۇنغان خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى توغرىسىدىكى يىللىق دوكلاتىدا، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى دۆلەت مەجلىسىگە «خىتاي سۇنئىي ھەمراھنى پەقەت يادرو قورالى ئارقىلىقلا

ۋەيران قىلالايدۇ» دېگەنىدى (71). «ۋاشىڭتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ خەۋىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: «خىتاينىڭ بۇ قېتىملىق سىنىقى <ئامېرىكانىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى>نى ئاشكارىلاش ئارقىلىق (دۇنياغا) <ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بەردى>. شۇنداقلا ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە ساھەسىدىكى بەزى ئەمەلدارلار <ئامېرىكانىڭ سۇنئىي ھەمراھلىرى ئامېرىكانىڭ ھەربىي ئالاقە، ئىستىخبارات ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا يول باشلاش قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ توقسان پىرسەنتىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان بولۇشىغا (يەنى شۇ دەرىجىدە مۇھىم بولۇشىغا) قارىماي، ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىسىدىكىلەر خىتاينىڭ ئامېرىكا سۇنئىي ھەمراھلىرىنى پالەچلەندۈرەلەيدىغان ياكى كاردىن چىقىرالايدىغان باشقا ئالەم قوراللىرى ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان - بولمىغانلىقى ياكى ھازىرنىڭ ئۆزىدە تەتقىق قىلىۋاتقان - قىلمايۋاتقانلىقى ھەققىدە ھېچقانچە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس> دېدى» (72).

ئاندىن خىتاي 2007 – يىلى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا باشقا سىناقلارنى داۋاملاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە 2013 – يىلى قۇرۇقلۇقتىن قويۇپ بېرىلگەن، سۇنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن «ئالەم بوشلۇقىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قويۇپ بېرىلگەن راكېتانىڭ سىياقىغا كىرگۈزۈلگەن» دېيىلدى (73). خىتاي ئارمىيەسى شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكانىڭ سۇنئىي ھەمراھلىرىغا ھۇجۇم قىلغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە سۇنئىي ھەمراھتىن ئۈچنى قويۇپ بەردى. ئامېرىكا تەرەپ بۇنى «خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ دۆلەت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىگە رېئال تەھدىت شەكىللەندۈرگەن <پلانېتلار ئۇرۇشى> پروگراممىسىنىڭ بىر قىسمى» دېدى (74). بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى يەنە سۇنئىي ھەمراھتىن كېلىدىغان ئالاقىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدىغان ياكى تەلتۆكۈس توسۇپ قويىدىغان باشقا قورال ۋە كاشىلا ئىستانسىسىنىمۇ ياساپ چىقتى. بۇ قوراللار لازېر نۇر، مىكرو دولقۇنلۇق قوراللار، زەررە دەستىسى قوراللىرى ۋە ئېلېكتروماگنىت ئىمپۇلسى قوراللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن (75).

ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ سۇنئىي ھەمراھقا بېقىنىپ قالغاندىن سىرت يەنە بىر ئاجىزلىقى ئوق – دورا، يېقىلغۇ ۋە ئۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر باشقا ئەشيالارنى ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇزۇن تەمىنات لىنىيەسىگە بېقىنىپ قالغانلىقىدۇر. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى بىرىنچى قېتىملىق دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىدا، ھەركۈنى 19 مىليون گاللون (بىر گاللون = 3.875 لىتىر، ت) نېفىت ۋە كورىيە (چاۋشيەن) ئۇرۇشىدىكىدىن يىگىرمە ھەسسە كۆپ ئوق – دورا ئىشلەتكەن. ئېچىۋېتىلگەن دېڭىز قاتنىشى لىنىيەسى بولمايدىغان بولسا، بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. ھالبۇكى، ئېچىۋېتىلگەن دېڭىز قاتنىشى لىنىيەسى ئاسانلا نۆۋەتتە خىتاينىڭ قولىدا بار بولغان سۇ ئاستى پاراخوتى، سۇ مىناسى، تورپېدا ۋە ئاۋىياماتكىنى ۋەيران قىلغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبا قاتارلىقلارنىڭ غەيرىي سىممېترىك ھۇجۇملىرىغا ئۇچرايدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، سۇ ئاستى پاراخوتى ئامېرىكانىڭ دېڭىز قاتنىشى لىنىيەسىگە تەھدىت شەكىللەندۈرەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، خىتاينىڭ دېڭىز ئارمىيەسى تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن 21 – ئەسىردىكى ئەڭ مۇھىم پاراخوت دەپ قارالماقتا.

خىتاي ئامېرىكانىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئەۋزەللىكىنى يوق قىلىش ئۈچۈنمۇ «قاتىل خەنجىرى»دىن بىرنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىدۇ. ئامېرىكانىڭ ھەربىي ئايروپىلانلىرىغا AGM-88 تىپلىق رادىئاتسىيەگە قارشى يۇقىرى سۈرئەتلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا (HARM) سەپلەنگەن. ئايروپىلانغا قاراپ كېلىۋاتقان يەر – ھاۋا باشقۇرۇلىدىغان سىنارەد ئايروپىلانلارنى ھاۋادا پاچاقلاپ تاشلاشتىن ئىلگىرى، مەزكۇر باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنارەدتىن چىققان رادار رادىئاتسىيەسىنى نىشانلاش ئارقىلىق ھەربىي ئايروپىلانلارنى قوغداپ قالىدۇ. ئامېرىكانىڭ ھاۋا بوشلۇقى ئەۋزەللىكى زور دەرىجىدە مۇشۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا تايىنىدۇ. لېكىن، خىتاي ئاللىقاچان مەزكۇر باشقۇرۇلىدىغان بومبا يەر – ھاۋا

باشقۇرۇلىدىغان سىنارەدنى بايقاشتا ئىشلىتىدىغان چاستوتىدا 10 مىڭ دانە سىگنال تارقىتىدىغان، مىڭلىغان مىكرو تارقاتقۇچلۇق قارا قۇتىلارنى كەشىپ قىلدى. گەرچە خىتاي ھازىرچە مەزكۇر تېخنىكىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بۇنىڭغا قادىر بولۇپلا قالسا، مەزكۇر قارا قۇتا AGM-88 تىپلىق رادىئاتسىيەگە قارشى يۇقىرى سۈرئەتلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا 10001 دانە باشقۇرۇلىدىغان بومبا كېلىۋاتقاندەك تەسىر بېرىدۇ – دە، بۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبا 10000 دانە يالغان بومبا سىگنالىنى نىشانلاش ھەلەكچىلىكىدە قېلىپ، شۇنىڭ ئىچىدىكى بىردىنبىر ھەقىقىي باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى تېپىشى ئاساسەن مۇمكىن بولمايدۇ.

تەيۋەن توغرىسىدىكى ھەرقانداق دېڭىز ئارمىيەسى توقۇنۇشلىرىدا «قاتىل خەنجىرى» مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى، ئۇلار («قاتىل خەنجىرى» تىپىدىكى قوراللار) ئامېرىكانىڭ كۆلەم جەھەتتە (خىتايىنىڭكىدىن) بەكلا چوڭ ۋە تېخنىكا جەھەتتە كۆپ ئىلغار دېڭىز ئارمىيەسىگە خىرس قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاستىلىرىدۇر. خىتاي ئامېرىكانىڭ دېڭىز پاراخوتلىرىنى مەغلۇب قىلىش ئۈچۈن دېڭىز ياقىسىدىن قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ئۈچقۇلارنى ياساپ چىقتى. «دېڭىز ئۇرۇشى ئىنستىتۇتى ئوبزورلىرى» ژۇرنىلىدىكى بىر پارچە ماقالىگە كۆرە، «بۇ خىل قوراللار تېخنىكا جەھەتتە يېتەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلالمىغان دۆلەتلەرنى غەيرىي سىممېترىك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇرۇش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ». خىتاينىڭ DF 21s/CSS-5 تىپلىق باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى قىرغاقتىن 1500 مىل (تەخمىنەن 2414 كىلومېتىر، ت) يىراقلىقتىكى ئاۋىياماتكىغا زەربە بېرەلەيدۇ. شۇنداقلا، خىتاينىڭ ئاۋازدىن تېز، نىشانغا دەل تېگىدىغان چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى 180 مىل (تەخمىنەن 290 كىلومېتىر ) ئۇزاقلىقتىكى نىشانلارغا زەربە بېرەلەيدۇ. «دېڭىز ئۇرۇشى ئىنستىتۇتى ئوبزورلىرى»دە كۆرسىتىلىشىچە، «بۇ خىل باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارغا رادىئاتسىيەگە قارشى قورال، ۋاكۇم قوراللىرى ياكى ئېلېكتروماگنىت ئىمپۇلسى ئوقبېشى، ھەتتا يادرو ئوقبېشى سەپلىنىدىكەن، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ ئېيجىسناملىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسى مەزكۇر ئاۋازدىن تېز چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا ئامال قىلالمايدىكەن» (76). ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ دوكلاتىدا «خىتاي نىشانغا دەل تېگىش ئىقتىدارى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان، ئەجەللىك باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ئۇزاق مۇساپىلىك ھۇجۇمچى ئايروپىلانلارنىڭ مىقدارىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتتى. شۇنداقلا ھازىر ئۇنىڭ قولىدا ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ھەربىر ئاۋىياماتكا گۇرۇپپىسىنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىشقا يەتكۈدەك باشقۇرۇلىدىغان بومبا بار» دېيىلگەن (77).

خىتاينىڭ «قاتىل خەنجىرى» تىپىدىكى قوراللار ئامېرىدا يەنە ئاۋىياماتكىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن، راكېتا بىلەن ئىلگىرىلىتىدىغان سۇ مىناسى؛ شۇنداقلا ئادەمسىز، يىراقتىن كونترول قىلىنىدىغان بومبا قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان، يەنە كېلىپ ئايرىم ماي باكى ۋە شىددەتلىك پارتلاتقۇچ دورا سەپلەنگەن، نەچچە مىڭلىغان تاشلاندۇق رېئاكتىپ كۈرەشچى ئايروپىلانلارمۇ بار. بېيجىڭ يەنە ئۇرۇش پاراخوتلىرىغا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى پالەچلەندۈرەلەيدىغان تاكتىلىق لازېر نۇرى قوراللىرىغا ئوخشاش، ئۆزى «سېھرىي قوراللار» دەپ ئاتىۋالغان قوراللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بارغانسېرى زورىيىۋاتقان سۇ ئاستى پاراخوتلىرى فلوتىغا (رۇسىيەنىڭ) شكۋال (Shkval) تىپلىق راكېتا ئارقىلىق ئىلگىرىلىتىلىدىغان تورپېداسىنى سەپلەۋاتىدۇ. شكۋال 7500 يارد (تەخمىنەن 6858 مېتىر)لىق ئېتىلىش مۇساپىسىگە ۋە 230 مىل (تەخمىنەن

**370** كىلومېتىر)لىق سائەتلىك سۈرئەتكە ئىگە بولۇپ، ھۇجۇم گۇرۇپپىلىرىنى چۆكتۈرۈۋېتەلەيدۇ. ئامېرىكانىڭ مەزكۇر تور پېدالارغا قارشى «بىلىنگەن مۇداپىئە تەدبىرلىرى» يوق **(78)**. **2001** – يىلى خىتايدا چىقىدىغان «ھەربىي ئەسەرلەردىن تاللانما» دېگەن ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىدە «سۇ مىناسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، دەل ۋاقتىدا كاشىلا چىقىرىش، ئېلېكترونلۇق قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش، سۇ ئاستى پاراخوتى بۆكتۈرمىسى، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئارقىلىق تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش» دېگەندەك ئامېرىكا دېڭىز فىلوتىنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىغان ھۇجۇم شەكىللىرى مۇھاكىمە قىلىنغان **(79)**.

قىسقىچە ئېيتقاندا، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلگەندەك، خىتاينىڭ دۈشمەننىڭ قۇرۇقلۇق، دېڭىز ياكى ھاۋا ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئالاقىدار «مەشغۇلات نەزەرىيەسى» — «دۈشمەننىڭ قوماندانلىق سىستېمىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىش؛ ئۇچۇر سىستېمىسىنى پالەچلەندۈرۈش؛ ئەڭ ئىلغار قوراللار سىستېمىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىش؛ ئارقا سەپ تەمىنات سىستېمىسىنى پالەچلەندۈرۈش؛ ۋە دۈشمەننىڭ تېخنىكىلىق ئەۋزەللىكىدىن ھاسىل بولغان ئاشۇرما ئۇنۇمنى يوققا چىقىرىش» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت **(80)**. خىتايلار تولا ئىشلىتىدىغان بىر ئوخشىتىشنى ئىشلەتسەك، بۇ بىر چامباشچىنىڭ ئۆزىدىن كۈچلۈك رەقىبىنىڭ ۋۇجۇدىكى ئەجەللىك ئاجىز نۇقتىنى بىلىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى يەر چىشلىتىشكە ئوخشايدۇ. بۇ جەھەتتە يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى بەدىنىنىڭ بىر يېرىدە ئەجەللىك ئاجىزلىقى بار كۈچلۈك قەھرىماننىڭ ھېكايىسى ئامېرىكالىقلارغا تېخىمۇ تونۇشلۇق. ئەنە شۇ رەۋىشتە، خىتاي يىگىرمە يىلدىن بۇيان بىرلا مەقسەتتە، يەنى ئامېرىكانىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى تېپىپ چىقىش مەقسىتىدە، قوراللارنى تەتقىق قىلىپ، ياساپ كەلدى.

**2013** – يىلى، بېيجىڭدىكى بەزى قاتتىق قوللار ماڭا ئۆزلىرىنىڭ «ئامېرىكانىڭ ئوبامانىڭ ئاتالمىش ئاسىيانى <قايتا تەڭپۇڭلاشتۇرۇش> ۋە <ئاسىياغا قايتىش> ئىستراتېگىيەسىگە قانچىلىك جىددىي مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى»نى مۆلچەرلىيەلمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى **(81)**. ئۇلار خىتاينىڭ چوتنى خاتا سوققان بولۇشىدىن، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ «قاتىل خەنجىرى» پروگراممىسىغا زىيادە جىددىي ئىنكاس قايتۇرۇپ، خىتاينى نىشانغا ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇلار ماڭا «ئەگەر ئامېرىكا ئۆزىنىڭ <كەلگۈسى ئون يىلدا دۆلەت مۇداپىئە خامچوتىنى بىر تىرىلىيون دوللار ئازايتىش> پىلانىنى داۋاملاشتۇرسا، بۇ پۇل <قايتا تەڭپۇڭلاشتۇرۇش>قا يەتمەيدۇ» دېيىشىدى، مەن ئۇلارغا راستىمنى ئېيتىپ، «ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن تۇتۇشۇش ئۈچۈن دۆلەت مۇداپىئە خامچوتىنى كۆپەيتىدىغان – كۆپەيتمەيدىغانلىقىغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ» (يەنى ئامېرىكا خىتاي بىلەن تۇتۇش ئۈچۈن بۇ خامچوتنى ئاشۇرۇشى مۇمكىن) دەپ جاۋاب بەردىم.



8

## كاپىتالىستىنىڭ ياسالمىلىقى

«پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نەپ ئېلىش»
– «ئوتتۇز ئالتە تەدبىر»دىن

2005-يىلى  خىتايدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردىن بىرى خىتاينىڭ مارافون ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي ۋارىيانتىنى – ئامېرىكا بىلەن رىقابەتلىشىش ۋە ئامېرىكادىن ئۆتۈپ كېتىش ئارقىلىق دۇنيادىكى بىرىنچى ئىقتىسادىي كۈچ بولماقچى ئىكەنلىكىنى – بىزگە ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىدى. مەن بۇ يۈز ئۆرۈگۈچىنى تاڭ خانىم دەپ ئاتايمەن. خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن بولغاندا مۇئاۋىن مىنىستىر دەرىجىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بېيجىڭنىڭ شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان مەركىزى كومىتېت پارتىيە مەكتىپىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر مەخپىي پروگراممىدا ئىستراتېگىيە ئۆگىنىدىكەن. بۇ مەكتەپتە يەنە ئارمىيىنىڭ كەلگۈسىدىكى گېنىراللىرىمۇ ئوقۇيدىغان بولۇپ، بۇ پروگراممىنى تۈگىتىش ھوقۇق ئۆسۈشتىكى شەرت ھېسابلىنىدىكەن. پروگراممىدىكى دەرسلىكلەر خىتاي قەدىمكى تارىخىدىكى تاكتىكىلارنى ئۆگىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى شۇكى، خىتايدىن يۈز ئۆرۈگۈچى بۇ شەخسنىڭ ئاشكارىلىشىچە، بۇ مەكتەپتە ئامېرىكانىڭ ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق ئىستراتېگىيىسىدە قانداق قىلىپ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىقتىسادىي كۈچ بولغانلىقىنى، خىتاينىڭ تېخىمۇ قىسقا ۋاقىتتا ئامېرىكانىڭ مودېلىنى قانداق تەدبىقلىشى كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدىغان كامىدا ئالتە توملۇق كىتاب دەرسلىك قىلىنىدىكەن. (1)

تاڭ خانىمنىڭ ئېيتىشىچە، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىكى ئەڭ مۇھىم دەرسلىك چارلىز دارۋىننىڭ ئەسەرلىرى ئىكەن، بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ 1840-يىلىدىن تاكى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆز دۆلىتىنىڭ شىركەتلىرىنى قوللاپ، گېرمانىيە بىلەن بېرىتانىيەدىن ئۆتۈپ كېتىشىگە ياردەم قىلىشىغا ئائىت مەزمۇنلار ئۆتۈلىدىكەن. بۇ پروگراممىدا ئۆگىتىلىدىغانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئامېرىكانىڭ قانداق قىلىپ دۇنيادىكى يېتەكچى كۈچ بولغانلىقى، خىتاي ئامېرىكادىن ئۆتۈپ كېتىمەن دېسە، ئامېرىكانىڭ قىلغىنى بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەكلىكى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىكەن. تاڭنىڭ دېيىشىچە، بۇ دەرسلىك توغرۇلۇق خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئوينىغان ئىستراتېگىيىلىك رولىغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەن ئاساستا، ھەر قايسى ساھەلەردىكى كۆپلىگەن ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن قانداق تەجرىبە يەكۈنلىگەنلىكىگە ئائىت يىگىرمە نۇقتىدىن ئىمتىھان ئېلىنىدىكەن.

ئامېرىكا تەتقىق قىلىدىغان ئىستراتېگىيىلەر دۆلەت ئىچى بازىرىنى قوغداش، مىللىي كارخانىلارغا ئىقتىسادىي تولۇقلىما بېرىش، ئېكسپورتنى ئاشۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەركىزى پارتىيە مەكتەپتىكى دەرسلىك ئامېرىكانىڭ رىقابەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مونوپولچىلىققا قارشى تۇرۇش چارىلىرىنىڭ يولغا قويغانلىقىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ خىتاينىڭ ئامېرىكانى تەقلىد قىلغان مىساللىرىدىن يەنە بىرىدۇر. ئامېرىكانىڭ بىخەتەرلىك مىزانى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئامېرىكانى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ۋە تەسىرى ئەڭ زور بازارغا ئايلاندۇرغان. ئۇ يەنە ئەڭ مۇھىم ساۋاقنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى روياپقا چىقارغان ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىنىڭ ئامېرىكا بازارلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىدىن ئېشىپ كېتىشى ئىكەنلىكىنى قوشۇمچە قىلدى. ئامېرىكا ئۆز بازىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن 19-ئەسىرلەردە ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆز كارخانىلىرىغا بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تولۇقلىما ئارقىلىق ياردەم بەرگەن. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە ئامېرىكانىڭ بارا-بارا ئازىيىۋاتقان، ئاپتوماتىك تۈگمەنلەرگە ئائىت تېخنىكىنى ئوغرىلىغانلىقىنى، بۇ خىل تۈگمەندە بىر ماشىنا كوزۇپى كېلىدىغان بۇغداي بىلەن سۇلۇنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىنىپ ئۇن بولۇپ چىقىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى. «ياۋروپادىن ئوغرىلانغان بۇ تېخنىكىنى قوللانغان تۇنجى شىركەت ئۇن تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پىلزبېرىي شىركىتىدۇر (Pillsbury Company)» دېدى، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ.(2) ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى « Anheuser-Busch»  قاتارلىق

پۈۋا ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا، «Coca-Cola» قاتارلىق گازلىق ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەتلەرگە چەتئەللەردە زاۋۇت قۇرۇشى ئۈچۈن ياردەم بەرگەنمىش. مەن بۇ سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

(مەركىزى پارتىيە مەكتىپىدە) خىتاي رەھبەرلىرىگە ئۆتىلىدىغان دەرسلىكتە ئامېرىكانىڭ قەغەزچىلىك سانائىتىدە **1900**-يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلگەن يېڭى تېخنىكا سايىسىدە گېرمانىيەگە يېتىشىۋالغانلىقى بايان قىلىنغان. شۇنداقلا، (ئۇلارنىڭ دەرسلىكىدە يەنە) پولات-تۆمۈر سانائىتىدىمۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى **1879**-يىلى ئاندرېۋ كارنېج (**Andrew Carnegie**) نىڭ پولات-تۆمۈر سانائىتىدە يېتەكچى كۈچ بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغىمۇ ئوخشاشلا بىر ئاماللار بىلەن ياردەم قىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكالىقلار ياۋروپالىقلارنىڭ تېخنولوگىيىسى ئارقىلىق مىس ۋە ئالىيۇمىن ئىشلەپچىقىرىشنى كونترول قىلىشقا قارار قىلغان. ئاندىن، ئامېرىكالىقلار **1880**-يىللاردا كاۋچۇك ۋە نېفىت سانائىتى جەھەتتىمۇ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشكە باشلىغان.**(3)** ب.ف گۇدرىچ (**B. F. Goodrich**) ئامېرىكانىڭ ياردىمى ئاستىدا بۇ خىل سانائەتنىڭ دۇنياۋى ماگناتىغا ئايلانغان.

ئامېرىكالىقلار بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشىدىن (**World War I**) كېيىن ياۋروپادىن دۇنيا لىدېرلىقىنى تارتىۋېلىشتەك ئىستراتېگىيىلىك مەقسىتىگە ئومۇمەن يەتتى. بۇ ھېكايىنىڭ شەكىللىنىش ۋارىيانتلىرىدىن بىرى **1890**-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئاممباب ئېلېكتېر بۇيۇملىرى شىركىتى (**General Electric**) بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ شىركەتمۇ ئوخشاشلا گېرمانىيەنىڭ زىمېنز (**Siemens**) ۋە **AEG** قاتارلىق شىركەتلەردىن ئېشىپ كېتىشى ئۈچۈن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنمىش. ئاممباب ئېلېكتېر بۇيۇملىرى شىركىتى ئۆزى مال تەمىنلىگەن، نەتىجىلىك شىركەتلەردىن پاي-چېكى ھېسابىدا مەبلەغكە ئېرىشىش پىكرىنى زىمېنز ۋە **AEG** شىركەتلىرىدىن ئوغرىلىغانمىش.

تاڭ خانىمنىڭ بايانى بويىچە ئېيتقاندا، ھېكايىنىڭ يەنە بىر يۈزى، ياكى يەنە بىر نۇقتىسى ئامېرىكانىڭ ئاپتوموبىل سانائىتى، ئېلېكترونلۇق بۇيۇملار سانائىتى ۋە دورىگەرلىك سانائىتى قاتارلىق جەھەتلەردە يېتەكچى كۈچكە ئايلىنىشقا باشلىغان **1914**-يىللىرىدىن **1950**-يىللىرىغىچە بولغان مەزگىللەر ئىكەن. بۇ مەزگىللەردە بولۇپمۇ ئاممباب ئاپتوموبىل شىركىتىگە (**General Motors**) باشقىچە يېقىن بولغان ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئاممباب شىركىتىنىڭ ياۋروپادا قوللىنىلىۋاتقان پار ماشىنىسىنىڭ ئىشلىتىلىشتىن قېلىشىغا سەۋەب بولغان دېزېل ماتورىنى ياساپ چىقىشىغا ياردەمدە بولغانمىش. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى چەتئەل نېفىت زاپىسىغا ئېرىشىشتە ئەنگلىيە نېفىت شىركىتى ۋە گېرمانىيە خان جەمەتى شېل نېفىت شىركىتىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن ئامېرىكانىڭ بەش نېفىت شىركىتىنى قوللىغان. ئۇنىڭ دېيىشىچە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا گېرمانىيەنىڭ ئاسپىرىن، ئانتىبىئوتىك، مەست قىلىش دورىسى قاتارلىق دورىگەرلىك پاتېنتلىرىدىن ئامېرىكانىڭ قانداق پايدىلانغانلىقى ئۆگىتىلگەن ئىكەن.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز شىركەتلىرىنى قوللاش جەھەتتىكى «ئۈچىنچى دولقۇن»نى ئاۋئاتسىيە ۋە نېفىت-خىمىيە سانائىتىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈشكە مەركەزلەشكەنمىش. «**DuPont**» شىركىتى بىرىكمە ماددا پاتېنتىنى بېرىتانىيە خىمىيە سانائىتىدىن مەجبۇرىي ھالدا قولغا چۈشۈرگەن بولۇش مۇمكىنچىلىكى چوڭمىش.**(4)** تاڭ خانىم يەنە **1942**-يىلى مېرك (**Merck**) شىركىتىنىڭ تۇنجى قېتىم پېنىسىلىننى كۆپ مىقداردا ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سېلىشى قاتارلىقلارغا ئوخشىغان يېڭى دورىلارنى ياساشتا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ رولى توغرۇلۇق سۆز قىلدى.

مەن ئۇنىڭدىن «مارافون» ئاتالغۇسىنىڭ (پارتىيە رەھبەرلىرىگە ئۆتۈلىدىغان ) دەرسلىكتە تىلغا

ئېلىنىدىغان، ئېلىنمايدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ ماڭا تىلغا ئېلىنىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئېھتىياجلىق بولسام مەركىزىي پارتىيە مەكتەپىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى «يېڭىچە مارافون: يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتلەردىن دەرسلەر» ناملىق كىتابنى تېپىپ ئوقۇپ باقسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ كىتاب مارىيانىي گىلىمىك بىلەن كلاۋدىيا بىرد سكۇنوۋېر تەرىپىدىن يېزىلىپ، 1990-يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان ئىكەن. «مارافون ھەققىدىكى يەنە بىر كىتاب <كومپيۇتېر ئۇرۇشى: غەرب قانداق قىلىپ IBM دىن ھالقىغان دۇنيادا غەلىبە قىلالايدۇ> دېگەن كىتاب بولۇپ، چارلىز ر. مورىس بىلەن چارلىز خ. فېرگۇسون تەرىپىدىن يېزىلغان» دېدى ئۇ ماڭا.(5)

– شۇنداق قىلىپ، سوۋېت تىپىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش مودېلىنى ئامېرىكا تىكلىگەن بولدىمۇ؟ – دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

– ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئامېرىكانىڭ بۇنداق شىركەتلىرى يوق. تېنېپسى جىلغىسىدىكى نوپۇزى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. خىتاينىڭ ئىستراتېگىيىسى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا بانكىسىدىن (World Bank) كەلگەن،– دېدى ئۇ.

بىزنىڭ سۆھبىتىمىز بىر سائەتتىن ئارتۇق داۋاملاشتى. (سۆھبەت جەريانىدا) خاتىرە دەپتىرىم توشۇپ كەتكەن ئىدى. ئەمدى دۇنيا بانكىسىنىڭ بېيجىڭدىكى بىناسىدا ئىشلەيدىغان ئىقتىسادشۇناسلارنى زىيارەت قىلىدىغان ۋاقتىم ئىدى.

***

خىتاي رەھبەرلىرى ئۆتكەن يىگىرمە يىلدىن كۆپ ۋاقىت مابەينىدە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەركىنلىك يولىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىغا، دۆلەتتە خۇسۇسىي مۈلۈك ھوقۇقى ۋە ئەركىن بازارنىڭ يۇقىرى چەكتە مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە دۇنيانى ئىشەندۈردى. «ۋاقىت ھەپتىلىكى» ۋە «خەۋەر ھەپتىلىكى» نىڭ مۇقاۋىسىدا خىتاينىڭ «كاپىتالىزىم يولى»دا كېتىۋاتقانلىقى، خىتايغا غەربچە دېموكراتىيىنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقى توغرۇلۇق پو ئېتىلغان. خىتاينىڭ 1978-يىلىدىن بېرى جان- جەھلى بىلەن زامانىۋىلىشىشىنى قوغلىشىشى، دۇنيا بانكىسى ۋە غەربنىڭ مەبلىغى بىلەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. خىتاي ئوتتۇز يىلغا يېقىن مۇددەت ئىچىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۈزلۈكسىز ھالدا شىددەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ قەنتىنى چاقتى. بۇ جەرياندا گەرچە ئۇششاق-چۈششەك داۋالغۇشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، خىتاينىڭ ئىقتىسادى دۇنيا ئىقتىسادىي ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىنى ئۈچ قاتلىۋەتتى. 2001-يىلىدىن باشلاپ، خىتاينىڭ يىللىق ئىقتىسادىي ئېشىش سۈرئىتى 10.1 پىرسەنت بولدى. 1980-يىلى خىتاينىڭ GDP سى 70 مىليارد دوللار ئەتراپىدا ئىدى. 2011-يىلىغا كەلگەندە بۇ سان يەتتە تىرىليونغا ئۆستى. 1980-يىلى ئىقتىسادى ئۆلۈك ھالەتتە بولغان خىتاي بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئامېرىكادىن قالسىلا، دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي كۈچ ئىكەنلىكىدىن ماختانماقتا. خىتاينىڭ 95 شىركىتى 2014-يىلىدىكى ئۇتۇق قازانغان بەش يۈز كۈچلۈك كارخانا قاتارىغا كىردى.(7) بۇنىڭ ئىچىدە بەش خىتاي كارخانىسى دۇنيادىكى ئەللىك كۈچلۈك كارخانا قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.(8) تېخى 2000-يىلىدا، خىتاينىڭ دۇنياۋى 500 كۈچلۈك كارخانا قاتارىغا كىرەلىگەن بىرمۇ كارخانىسى يوق ئىدى. نۆۋەتتە خىتاي دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەت، ئەڭ چوڭ ئېنېرگىيە ئىستېمال قىلغۇچى دۆلەت، شۇنداقلا ئەڭ چوڭ كاربون تۆت ئوكسىد قويۇپ بەرگۈچى دۆلەت ھېسابلىنىدۇ.(9) گەرچە خىتاي نوپۇس ئۆسۈشىنى كونترول قىلىشقا شۇنچە كۈچىشىگە قارىماي، خىتاي 1.35 مىليارد نوپۇسى بىلەن، دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ نوپۇس مەۋجۇت دۆلەت ھېسابلىنىدۇ.(10)

بۇ ئىقتىسادىي مۆجىزىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنىڭغا غەرب – ئامېرىكامۇ شۇنىڭ ئىچىدە – مەسئۇلدۇر. مېدىيالار ۋە سىياسىي ئانالىزچىلار خىتاينىڭ كاپىتالىزىم يولىغا ۋە ئەركىن بازار ئىقتىسادىغا يۈزلەنگەنلىكى توغرۇلۇق – گەرچە خىتاي بۇ جەھەتتە ھېچقانداق ھەرىكەت قىلمىغان بولسىمۇ – چۇقان سېلىشتى. خىتاي كاپىتالىزم بوسۇغىسىغا قەدەم قويىدى دېگەن چۆچەكلەرگە نەچچە ئون يىل بولغان بولسىمۇ، 2014-يىلى خىتاي ئىقتىسادىنىڭ تەخمىنەن ئەللىك پىرسەنتى خىتاي

هۆكۈمىتىنىڭ قولىدا ئىدى.

كۆپلىگەن غەربلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نەزىرىدە، يۇقىرىقىلار ئەرزان ئەمگەك كۈچى، تۆۋەن تەننەرختە ئىشلەپچىقىرىش ۋە باھا جەھەتتە غەربكە قارىغاندا ئەۋزەللىكنى روياپقا چىقىرىدىغان ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ ۋە پۇلنىڭ قىممىتىنى سۇنئىي ئۇسۇلدا تۆۋەن چەكتە تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ.**(11)** خىتاينىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكەن نەرسە نوقۇل ھالدىكى ئىسلاھات بولماستىن، بەلكى خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن قوللاش مەجبۇرىيىتىدۇر. خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىنىڭ (ياراتقان قىممىتى) ئېخىچە خىتاي **GDP** سىنىڭ قىرىق پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.**(12)** دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بۇ كارخانىلار، ياكى «خىتايدىكى چېمپىيونلار» بېيجىڭدىكى ھۆكۈمەت زاللىرىنىڭ ئىچىدە مەلۇملۇق بولغىنىدەك، يۈز يىللىق مارافوننىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ كارخانىلار ئىقتىدارسىزلىقىغا قارىماي، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي يۈكسىلىشىنى ياردەم بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن غەربتىكى رىقابەتچىلىرىنى باھا جەھەتتە غەلىبىلىك ھالدا ئۇتۇپ چىقتى.**(13)** خىتاينىڭ رەھىمسىز سودا مەنپەئەتچىلىكىگە بولغان بۇ خىل قوللىشى خىتاينىڭ كونا تارىخلىرىدىن تېپىلىدۇ. ئۇرۇشقاق بەگلىكلىرى دەۋرىدە رىقابەت ئىچىدىكى دۆلەتلەر دۆلەت كونتروللىدىكى ئىقتىسادنى جەڭنى داۋاملاشتۇرغۇچى ئامىل سۈپىتىدە قوللىناتتى.

خىتاينىڭ ئىقتىسادى خاتا چۈشىنىلىش ھالىتىدە قالدى. دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئىقتىسادشۇناسلىرى خىتاينىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ تەسىرچانلىقى توغرىسىدا بەزى ھاماقەتلەرچە جاكارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. مانا بۇ خىتاينىڭ ھېچقانچە ئىنچىكە تەكشۈرۈشسىز ياكى قارشىلىقسىز ھالدا ئىقتىسادىي ئەركىنلىك يولىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى داۋا قىلىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرىدۇر. نوبېل ئىقتىساد مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەردىن رونالد كوز **(Ronald Coase)** ۋە **(Ning Wang)** نىڭ ۋاڭ **2013**-يىلى مۇنداق ئاگاھلاندۇرغان: « خىتاي بازىرىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى بىلىدىغانلىرىمىز تېخىچىلا بەكمۇ ئاز. بىراق، بۇ ھەقتە پاكىت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا تاشلانغان نەرسىلەر چىنلىقى زىت.»**(14)** بۇ ئىككەيلەن خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئۆز ئىستراتېگىيىسىنى يوشۇرۇپ، چەتئەل رەھبەرلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ بەك خۇسۇسىيلاشقان، ئەركىن بازارنى قوغلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتقانلىقىدەك كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مىساللارنى كەلتۈرگەن.**(15)** باشقا ئالىملار خىتاي ئۆزىنىڭ «كاپىتالىزىمغا مېڭىش» ئىستراتېگىيىسىنى خام خىيال تېپىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىنىڭ توختاۋسىز داۋاملىشىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلغان.

خىتاي **1990**-يىللىرىنىڭ باشلىرىدىكى ئىچكى ستاتىستىكىسىدا ئۆز **GDP** سىنىڭ **2020**-يىلى ئەتراپىدا ئامېرىكانىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆز ئىقتىسادىنىڭ كېلەچەكتىكى ئۆسۈشىنىڭ مۆھىملىقىنى باشقا يىغىنلاردا كۆتۈرۈپ چىقمايدىغان بولدى. خىتاي نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئوتتۇز يىل مابەينىدىكى غەلىبىلىك ئىقتىسادى يۈكسىلىشىدىكى ئىستراتېگىيىلىك نۇقتىلارنى يوشۇرىدۇ؟ نېمىشقا ئەركىن بازارغا يۈزلىنىشنىڭ مۆھىملىقىنى مۇبالىغە قىلىۋېتىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى تولىمۇ ئاددىي: خىتاي رەھبەرلىرى خىتاينىڭ قەدىمكى دۆلەت ئىدارە قىلىش ھىيلە-نەيرەڭلىرىدىكى ئەڭ ئاددىي تاكتىكىلاردىن پايدىلىنىپ، تىنچلىق خاراكتېرلىك ئۈچۈرلارنى تەرغىپ قىلىش، ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىكىنىڭ سېزىلىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئۇچۇرلارنى يوشۇرۇش ئارقىلىق (دۈشمىنىنىڭ) مەغرۇرلىنىشىنى روياپقا چىقارماقچى بولدى. ناۋادا خىتاي ئۆز **GDP** سىنىڭ **2020**-يىلى ئەتراپىدا ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مۆلچەرىنى ئوچۇق-ئاشكارا ۋە مەغرۇر ھالدا جاكارلىغان بولسا، زومىگەر كۈچكە شەپە بېرىپ قويۇشى ۋە زومىگەر كۈچنىڭ بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشىگە سەۋەبچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، خىتاي بۇنداق قىلىشنىڭ ئەكسىچە، چەتئەللىكلەرگە ئۆزى دۇچ كەلگەن توسالغۇلار

ھەققىدە ھال ئېيتىش ۋە ئۆز غەرىزىنى كىچىك كۆرسىتىش تاكتىكىسىنى ئىشلەتتى.

يېقىنقى يىللاردا، غەربلىك بەزى ئانالىزچىلار خىتاي رەھبەرلىرى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلگەن بۇ كونا كۆز قاراشقا جەڭ ئېلان قىلدى.(16) ئۇلار خىتاينىڭ غول سانائەتلەرگە مەبلەغ ئاجرىتىش، ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا چەتئەللەردىكى تەبىئىي بايلىقلارنى ۋە ئېنېرگىيە زاپىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرمىشىش قاتارلىق يالىڭاچ ھالدىكى تىجارەت مەنپەئەتچىلىكى ئىستراتېگىيىسىنىڭ «نېفىت بىلەن تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىشى يەر شارى مىقياسىدا ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى» دەيدىغان گۇمانلىق كۆز قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، كەلگۈسى ئون يىگىرمە يىلدا تەبىئىي بايلىقلارنى تالىشىش ئۇرۇشلىرىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇ ۋەجىدىن، خىتاينىڭ باشقىلارنى بايلىق بىلەن تەمىنلەشنى رەت قىلىپ، چەتئەللەردىكى بايلىق مەنبەلىرىنى سېتىۋېلىشى ۋە زاپاس بايلىق ساقلىشى مۇقەررەر.(17)

كۆپلىگەن خىتاي ئىستراتېگىيىچىلەر «نېفىت قەھەتچىلىكى» نەزەرىيىسىگە مايىل. بۇ نەزەرىيە – ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەش بارغانسېرى قىسلىشىپ، نېفىت باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كېتىدۇ، دېگەن كۆز قاراشتىن ئىبارەت. بۇ كۆز قاراش بويىچە، دۇنيا بىر غايەت زور شاھمات تاختىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ شاھمات تاختىسىدا مىس، نېفىت، لىتىي قاتارلىق بايلىق مەنبەلىرىگە چوقۇم ئېرىشىش كېرەك ۋە بۇلارنىڭ رەقىبىنىڭ قولىدا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن كۈچەش كېرەك. خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئانالىزچىلاردىن ۋاڭ شياڭلىڭنىڭ تۆۋەندىكى جۈملىلىرى خىتاينىڭ گېئوئىستراتېگىيىلىك خىرىسى توغرىسىدا ئومۇملاشقان كۆپلىگەن ئانالىزلارنىڭ (مەركىزى ئىدىيىسىنى) ئىپادىلەپ بەردى: «كەلگۈسىدىكى يەرشارىۋى ئېنېرگىيە تەمىنلىشىنىڭ كامچىل بولۇش خىرىسىغا نىسبەتەن، خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ۋە زىددىيەتلەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. (بولۇپمۇ نېفىت مەسىلىسىدە.)»(18) ئۇ مۇنداق يازغان: «مۇتەخەسسىس ئانالىزچىلارنىڭ بايانلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، خىتاي 2015-يىلى نېفىت قەھەتچىلىكىگە دۇچ كېلىدۇ. نېفىت ئىشلەپچىقىرىشى بۇ چاغدا ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەندىن كېيىن، تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ. خىتاي بۇ چاغدا ناھايىتى ئېغىر بىر مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ: نېفىت بىلەن گاز يېتىشمەسلىك ئاشىدۇ. نېفىت ئىستېمالى بارغانچە ئىمپورتقا بېقىنىپ قالىدۇ.»(19)

چەتئەللىكلەر بۇ خىل ناتوغرا ئۇچۇرلارنى يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن خىتايغا پۇشتەك چېلىشى (توختا دېيىشى) كېرەك ئىدى. ئەمما، بۇنىڭ ئەكسىچە، خىتاينىڭ يالغان بايانلىرى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىندى. كۆپۈنچە كىشىلەر ماۋزېدوڭنىڭ بارچە قۇشقاچلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇشىدەك كونا بۇيرۇق سىستېمىسى نۆۋەتتە ئەركىن كارخانا ۋە خەلقئارالىق نىزاملارغا ھۆرمەت قىلىدىغان سودا سىياستى ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتىدۇ دەپ قاراشماقتا. خىتاي رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ پو ئېتىشلىرى سەۋەبلىك سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يىراقلاپ كەتكىنىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويغىنىنى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە موسكۋانىڭ خىتايغا قىلغان بارچە ياردەمنى توختاتقانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇلار ئوخشاش ئۇسۇلدا غەربنىڭمۇ چىشىغا تېگىپ قويۇشىدىن ساقلىنىشى كېرەك. (بۇ كەچمىشتىن) ئۇلار «قۇشقاچلارنى ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتى» ئۈچۈن ئىككىنچىلەپ يەڭ شىمايلىماسلىق كېرەكلىكىنى ئۆگەنگەن. (شۇ ۋەجىدىن) خىتاي رەھبەرلىرى غەرب رەھبەرلىرىنى خىتاينىڭ نۆۋەتتە غەربكە ئوخشاش بولماقچى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرمەكتە. بۇ جەھەتتە زەپەر قازىنىش سىز ئويلىغاندەك قىيىن ئەمەس.

ماۋنىڭ نەزىرىدە قۇشقاچ چاشقان، چىۋىن ۋە پاشىلار بىلەن بىر قاتاردىكى «زىيانداش ھاشارات» بولۇپ، قۇشقاچ خىتايدا ساغلاملىق جەھەتتە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئىقتىسادىي يۈكسىلىشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. 1958-يىلىدىكى «قۇشقاچ يوقىتىش ھەرىكىتى» «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» سىياسىتىنىڭ بىر ۋارىيانتى بولۇپ، بۇ سىياسەت خىتاينىڭ يېزا-ئىگىلىك ئىقتىسادىنى 20-ئەسىرگە ماسلاشتۇرۇشقا بولغان

كۈچلۈك ئىستەك تۈپەيلىدىن ئوتتۇرىغا چىققان.

ماۋزېدۇڭ ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلىرىنىڭ نەزىرىدە، قۇشقاچلار خىتاي خەلقىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزىدىغان، كوممۇنالار ۋە خىتاينىڭ ئىقتىسادىنى غەربنىڭ ئىقتىسادى بىلەن تەڭلەشتۈرۈشتىكى تۈپكى رىقابەت كۈچى ھېسابلىنىدىغان چوڭ كۆلەملىك سانائەتلىشىش ئۈچۈن يېقىلغۇ بولىدىغان نەچچە مىڭ تونىلىغان دانلارنى يەپ كەتكەن. (نەتىجىدە) دېھقانلار يېزا-يېزىلاردا قۇشقاچلارنىڭ ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ، تۇخۇملىرىنى چېقىپ تاشلىغان. قازان، چۆمۈچلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قۇشقاچلار توپىنى قوغلىغان. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئىنتايىن ئېغىر سەلبىي تەسىرى بولغان بولۇپ، 1959-يىلى، خىتايدا قۇشقاچلاردىن ئومۇمەن ئەسەر قالمىغان.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئاشلىقتىن سىرت، قۇرت-قوڭغۇزلارنىمۇ قۇشقاچلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇقى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلمىگەن. كېيىنكى يىلى «بۇلاڭچى قۇشقاچلار» بولمىغانلىقى ئۈچۈن، چېكەتكىلەر ئاشلىقلارغا مىسلىسىز زىيان سېلىپلا قالماي، بۇ يەنە ئېغىر دەرىجىدىكى قۇرغاقچىلىققا سەۋەب بولغان. 1958-يىلىدىن 1961-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئوتتۇز مىليونغا يېقىن خىتاي ئاچارچىلىق سەۋەبلىك ئۆلۈپ كەتكەن. كوممۇنىست خىتاينىڭ ئىقتىساد جەھەتتە غەربكە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك رىقابەتچانلىققا ئىگە بولۇشتىكى تۇنجى قېتىملىق تەجرىبىسى مانا مۇشۇ شەكىلدە مەغلۇپ بولغان.

1978-يىلى خىتاينىڭ «ئەڭ چوڭ رەھبىرى»گە ئايلانغان دېڭ شياۋپىڭ ماۋزېدوڭ يېتەكچىلىكىدىكى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قالاقلىقى توغرىلىق چوڭقۇر ئويغا چۆكتى ۋە (ماۋزېدۇڭدىن) باشقىچە ئىقتىساد يولىدا ئىلگىرلەيدىغانلىقى توغرۇلۇق قەسەم ئىچتى.(20) دېڭ خىتاينىڭ قاياق خۇسۇسىي ساھەلەرسىز ھەرگىزمۇ يۇقىرى رىقابەتچانلىققا ئىگە دۇنياۋى كۈچ بولالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ غايەت زور ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى ۋە ئەنئەنۋىي ماركسىزم-لېنىنىزىمدىن پەيدىنپەي يىراقلاشتى. «تۆتنى زامانىۋىيلاشتۇرۇش»قا يىغىنچاقلانغان بۇ ئىسلاھات يېزا-ئىگىلىكى، سانائەت، تېخنولوگىيە ۋە ئارمىيىدىن ئىبارەت تۆت كۈچنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا مەركەزلەشتى. دۆلەت پىلانى ۋە بازار كۈچىنى بىر گەۋدىلەشتۈرگەن ئاساستا، ئۇنى «خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم» ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بۇ ئىسلاھاتنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

كۇنىمىزدە كۆپلىگەن سىرتقى شەخسلەر ماۋنىڭ بۇيرۇقۋازلىق سىستېمىسى خەلقئارالىق نىزاملارغا رىئايە قىلىدىغان ئەركىن كارخانىچىلىققا ۋە سودا سىياسىتىگە يول ئاچتى دەپ قارايدۇ. دۇنياۋى بانكىرلار، ئاكادېمىكلار ۋە ئاقىل ئامېرى مۇتەخەسسىسلىرى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان ئاسان ئىشىنىپ قالىدىغان كۆپ سانلىق كىشىلەر سەۋەبلىك، خىتاي ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن غەربكە ئوخشىۋېلىش ئارزۇسىدىن ۋاز كەچتى. بىراق، خىتاي ئىقتىسادىغا يېقىندىن نەزەر سېلىش كۆرۈنگىنىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولغان نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

***

2001-يىلى ئۆكتەبىردە بەش بۇرجەكلىك بىنا مېنىڭ يەنە بىر خىزمەتنى تەڭ قىلىشىمغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان «ئامېرىكا-خىتاي دۆلەت مەجلىسى كومىتېتى»نىڭ تۇنجى «باش تەتقىقات مەسلىھەتچىسى»لىك خىزمىتىمنى باشلىدىم. بۇ كومىتېت خىتاينىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا (WTO) كىرەلەشتە ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا كۆپراق بېلەتكە ئېرىشەلىشىنى قولغا كەلتۈرەلىشى ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان. بىزنىڭ گۇرۇپپىمىزنى قۇرغان قانۇن بىزنىڭ ۋەزىپىمىزنى بەلگىلىگەن بولۇپ، بىز (بىزگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىگە بىنائەن) خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكىگە بولغان تەسىرىنى بايقاپ چىقىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق. خىتاي دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشنى كۆزلەۋاتقانلىقى ۋە سودىنىڭ خىتايغا مۇقەررەر ھالدا دېموكراتىيە ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەركىن بازار شەكىللەندۈرۈش چۇقانلىرى توختاۋسىز كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بولۇپمۇ دېموكراتچىلار خىتاينىڭ نىيىتىدىن

گۇمانلانغان ئىدى. بۇ كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋە مەن مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ (CIA) ئىككى نۇقتا تەكىتلەنگەن دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. بۇ دوكلاتتا تەكىتلەنگەن نۇقتىلارنىڭ بىرىنچىسى: خىتاينىڭ ئەركىن بازار ئىقتىسادىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ تىپتىكى شىركەتلەرنى سېتىۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىدى. ئىككىنچىسى بولسا: خىتاينىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئامېرىكانىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى، ئەگەر بۇ مۇمكىنچىلىكنى يۈز بېرىدۇ دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى ئوبزورچىسى توماس فرىدمەننىڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن ۋە ئەينى زاماندا مودا بولغان «توقۇنۇشلارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئالتۇن ياي نەزەرىيىسى»گە ئاساسەن، خىتاي تىنچلىقسۆيەر دېموكراتىك دۆلەتكە ئايلانغاندىن كېيىن، ئەڭ بالدۇر دېگەندىمۇ 2100-يىلىغا بارغاندا ئاندىن ئىقتىسادىي جەھەتتە ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلار ئىدى. فرىدمەن «لېكسۇس ۋە زەيتۇن دەرىخى» ناملىق كىتابىدا مەزكۇر نەزەرىيىسىنىڭ بايانىدا:«ئۆز دۆلىتىدە ماكدونالد بولغان ئىككى دۆلەت ماكدونالدقا ئىگە بولغاندىن ئېتىبارەن، بىر-بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلمايدۇ» دېگەن ئىدى.(21)

شۇنداق قىلىپ بىز بېيجىڭدىكى خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بېيجىڭغا قاراپ ئۇچتۇق. بىز ئولتۇرغان بوئىن 747 تىپلىق يولۇچىلار ئايروپىلانىدا ئومۇمەن يولۇچى يوق دېيەرلىك ئىدى. 11-سېنتەبىر تېرورلۇق ھۇجۇمى يۈز بېرىپ بىر ئايمۇ بولمىغان شۇ كۈندە، ئايروپىلان خادىملىرىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئەنسىزلىك قاپلىغان ئىدى. ئامېرىكالىقلار ئەنسىرەشكە ھەقلىق بولسىمۇ، بىراق، ئۇلارنىڭ ئەنسىرىشى ئۆز ئورنىنى تاپالمىغان ئىدى. ئايروپىلان خادىملىرى ئەسلىدە بىز ئۇچۇۋاتقان دۆلەتتىن ھەممىدىن بەك ئەنسىرىشى كېرەك ئىدى.

1950-يىللاردا خىتاي دۇنيادىكى ئەڭ نامرات دۆلەتلەردىن بىرى ئىدى. خىتاينىڭ بۇ چاغدىكى GDP سى 1820-يىللاردىكى سانائەتلىشىشنى ئەمدىلەتىن باشلىغان ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ۋە ئامېرىكانىڭ GDP سىدىنمۇ تۆۋەنراق ئىدى. ھەتتا 1975-يىللىرىدىمۇ، خىتاينىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئارقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ قاتارىدا ئىدى.(22) ھالبۇكى، بىر قانچە ئون يىل ئىچىدىلا خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى غايەت زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ كەتتى. خىتاينىڭ ئىقتىسادىي يۈكسىلىشى كۆنىمىزدە ئامېرىكىغا سېلىشتۇرغاندا بەش ھەسسە ئېشىپ كەتتى.

2001-يىلى، خىتاينىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئىككى خانىلىق سان بويىچە ئۆسۈش نىسبىتى ئىزچىل داۋاملاشمايدۇ، دېگەن كۆز قاراش كەڭ تارقالغان ئىدى. بىز تاپشۇرۇۋالغان مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ تۇرگە ئايرىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۆلچەرىمۇ كۆپچىلىك ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ مۆلچەرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئامېرىكادىكى خىتاي ئىقتىسادىنىڭ كېلىچىكىگە بولغان مۆلچەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا خىتاينىڭ ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى. (ئاشۇ يىللاردا) خىتاي ئىشچىلىرى مائارىپ تەربىيىسى كۆرمىگەن، نامرات ئىنسانلار دېيىلگەن ئىدى. خىتاينىڭ نوپۇسىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۆز زېمىنىدىن چىقىدىغان تەبئىي بايلىق مەنبەلىرى ئاز. خىتاي تېخىچە زامانى ئۆتكەن، ۋەيران بولغان ماركسىزم-لېنىنىزم ئىدىئولوگىيىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىدى. نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان كوممۇنىست خىتايدىن تۇزۇك كارخانىچىلارمۇ چىقىپ باقمىغان ئىدى. زامانىۋى سودا بىلىملىرىدىنمۇ، ئىقتىساد باشقۇرۇش جەھەتتىنمۇ خەۋىرى يوق سىياسىي بيۇروكراتلار ھوقۇق بېشىدا ئىدى. خىتاي ئىقتىسادىنىڭ يىلىغا ئون پىرسەنت نىسبەت بىلەن ئۆسۈپ مېڭىشى نەچچە ئون يىللاپ داۋاملىشالمايدۇ، دېگەن قاراش كەڭرى تارقالغان ئىدى. (چۈنكى) غەربتىكى ھېچبىر چوڭ دۆلەت ھېچبىر زامان ئىقتىساد جەھەتتە بۇنداق يۇقىرى يۈكسىلىشكە ئېرىشىپ باقمىغان، ھەتتا ئامېرىكا سانائەتلىشىشنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان چاغلاردىمۇ ئىقتىسادىي يۈكسىلىش نىسبىتى

خىتايىنىڭدەك يۇكسىلىشكە مۇيەسسەر بولۇپ باقمىغان ئىدى. خىتاينىڭ يىللىق ئىقتىسادىي يۇكسىلىش نىسبىتىنىڭ مۇقەررەر ھالدا كۆپلەپ تۆۋەنلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىلگەن ئىدى. مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان ئىقتىسادشۇناسلاردىن بىرى ماڭا ئەپسۇسلانغان ھالدا «بىزنىڭ سىستېمىمىز خاتا» دېگەن ئىدى.

مانا بۈگۈن، خىتاينىڭ يۇكسىلىشى (نىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلمايدىغانلىقى) توغرىسىدىكى قاراشلار خاتا بولۇپ چىقتى. (ئەمدىلىكتە) رەسمىي تۇردىكى ھېچبىر پۇل-مۇئامىلە ئورگىنى خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئامېرىكا ئىقتىسادىدىن ئۇزاق مۇددەت ئارقىدا تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. كۆپلىگەن كىتابلاردىكى نوپۇزلۇق مەلۇماتلارغا كۆرە، خىتاينىڭ يۇكسىلىشى «تاشلارنى سىلاپ يۇرۇپ دەريادىن ئۆتۈۋېلىش» نەتىجىسىدە قولغا كەلگەن. بۇ ئەقلىيە سۆزنى دېڭ شياۋپىڭ چەتئەللىك زىيارەتچىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە دائىم تىلغا ئالاتتى.(23) بۇ ئەقلىيە سۆز خىتاينىڭ كەڭ دائىرىلىك ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنىڭ يوقلۇقىنى، ئەكسىچە، ئۇنۇملۇك پىلان بويىچە ئىش كۆرۈشتىن ئىلگىرى بۇ خىل يۇكسىلىشكە ئېرىشىپ قالغىنىنى ئىپادىلەيدۇ. خىتاينىڭ رەھبەرلىرى دائىملا مۇشۇ ئەقلىيە سۆز ئارقىلىق خىتاينىڭ ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى ئىقتىسادىي يۇكسىلىشىنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇشىدۇ.(24) ھالبۇكى، ۋەزىيەت ئېھتىياجى ئۈچۈن ئېيتىلغان بۇ گەپ پەقەتلا ھەقىقەتنىڭ قىسمەن يۈزى ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ تەنقىدتىن قېچىش ۋە خىتاينىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن قاقۋاشلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەقلىيە سۆزدۇر.

دۇنيا ئىقتىسادىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق كۈچ بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا سۆز بولغاندا، دېڭ شياۋپىڭ قەدىمكى تەرىقەتچىلەرنىڭ «پىسەنت قىلماسلىق» پرىنسىپىنى ئۈلگە قىلىپ، بۇ ھالەتكە باشقىلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ تۇرۇپ يۇكسەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىش دەپ تەبىر بەرگەن. ئەمەلىيەتچان دېڭ شياۋپىڭ ئىككىنچى دۇنيا 1944-يىلىدىكى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئېچىلغان برېتون ئورمانلىقى يىغىنىدا بەلگىلەنگەن ئىقتىسادىي تەرتىپ بويىچە بولغاندا، (خىتاينىڭ) پەقەت ماركسىزم-لېنىنىزم ئىدىيىسىگە ئېسىلىۋېلىشىنىڭ يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئامېرىكا ۋە يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان باشقا دۆلەتلەرگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن خىتاي دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشى، خەلقئارالىق پۇل-مۇئامىلە فوندىدىن ۋە دۇنيا بانكىسىدىن قەرز ئالالىشى كېرەك ئىدى. بۇلارنىڭ روياپقا چىقىشىدا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ پايتەختىدىكى سىياسىئونلار، ھۆكۈمەتلەر ۋە سودا ماگناتلىرى ئاكتىپ ھەمدەمدە بولغان. كوممۇنىستىك دۆلەت ھېسابلانغان خىتاينىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشىنىڭ شەرتىنى ھازىرلاشقا رازى بولۇشىغا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكى كۆپچىلىك شەخس شۈبھە بىلەن قارىغان. ئاقىۋەتتە، خىتاينىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشىغا ئون بەش يىل ۋاقىت كەتتى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ خىتاي بىلەن تۈزگەن كېلىشىمى بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغان ھەرقانداق دۆلەتكە سېلىشتۇرغاندا ئەڭ ئىنچىكە بايانلارغىچە ئۆز ئىچىگە ئالغان كېلىشىمگە ئايلاندى. خىتاي دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشتىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ھىندىستانغا قويۇلغان شەرتلەر خىتايغا قويۇلغاندىكىدەك ئېغىر ئەمەس ئىدى. خىتاي دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشنىڭ ئۆزى ئۈچۈن غايەت زور دەرىجىدە پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق، ئامېرىكا ئۇلارنىڭ بۇ تەشكىلاتقا كىرىشىگە قوشۇلامدۇ؟ خىتاي بۇ تەشكىلاتقا 2001-يىلى ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغان ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي قارارلىرىغا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا تەسىر كۆرسەتمەسلىك بەلگىلىمىسىنى قوبۇل قىلدى. (25) ئەمما، خىتاي بۇ ھەقتىكى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىدى. خىتايدىكى بارلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار بازار كۈچلىرىگە جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا، دۆلەتنىڭ نىشانىغا يېتىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. كوممۇنىستىك پارتىيىسى خىجىل بولۇپمۇ قويماستىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا مەبلەغ سېلىشنى خىجىل بولماستىن

داۋاملاشتۇردى. ناۋادا خىتاينىڭ بىرەر قىزىلما بايلىقلار شىركىتى خىتاينىڭ سىياسىي تەسىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، (ھۆكۈمەت تەرىپىدىن) ئافغانىستاندا ياكى ئانگولادا بىرەر كان ئېچىشقا بۇيرۇلغان بولسا – بۇنداق قىلىشتىن زىيان چىقىدىغان تەقدىردىمۇ – بۇ شىركەتلەر شۇنى قىلدى.(26)

مەن لى خانىم دەپ ئاتىغان خىتايدىن يۈز ئۆرىگۈچى ئايال خىتايدا ئۆزى قاتناشقان مەخپىي يىغىنلارغا قاتناشقاندا يىغقان مىساللار ئارقىلىق، خىتاي ئامېرىكانىڭ ئۆزى بىلەن بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك نورمال سودا مۇناسىۋىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە دۇنيا سودىغا كىرىشكە يول ئېچىپ بېرىشى ئۈچۈن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە 1995-يىلىدىن 2000-يىلىغىچە قانداق يالغان ۋەدىلەرنى بەرگەنلىكىنى پاكىتلىق بايان قىلدى. لى خانىمنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئىستراتېگىيىسى خىتاينىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاۋاز بەرگەنلەرگە ياردەم بېرىش ۋە ئۆزىنىڭ سودا مەنپەئەتچىلىكى ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيىسى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى باستۇرۇش ئارقىلىق (ئۆزىگە قارشى سۆز ۋە ھەرىكەت جەھەتتە) ھېچكىمگە پۇرسەت قالدۇرماسلىق بولغان. خىتاي رەھبەرلىرى ناۋادا ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان كەلگۈسىگىچە خىتايدا ئەركىن بازار بولۇش ھەققىدىكى كېلىشىملەرنىڭ ئۈستەل ئۈستىگە چىقمايدىغانلىقىنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى بىلگەن تەقدىردە، خىتاينىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرەلىشى ئۈچۈن تاشلىنىدىغان بېلەتنى قولغا كەلتۈرەلمەيمىز دەپ قارىغان. خىتاي تەرەپ ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرىدىكى ھەر قانداق بىرىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويمىغۇدەك دەرىجىدىكى ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيىلىك تەشۋىقات پروگراممىسىنى باشلىغان ۋە ئىشپىيونلۇق ھەرىكىتىگە ئۆتكەن. لى خانىم خىتاينىڭ ماۋزېدوڭ 1930-يىللىرىدا يازغان سىياسىي ئىختىلاپلارنى قانداق ئانالىز قىلىش توغرىسىدىكى بىر كونا ماقالىنى ئۆزىگە يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تۇرۇپ، ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياسەت بەلگىلىگۈچى گۇرۇپپىلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلىش ئۈچۈن، ئامېرىكانىڭ سىياسىي جەھەتتىكى خاتالىقلىرىنى قانداق تەتقىق قىلغانلىقى توغرۇلۇق تەپسىلىي مەلۇمات بەردى.(27) خىتاي (مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن) تارقاتقان مۇھىم ئۇچۇرلار ئارىسىدا خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىنى قەدەممۇ قەدەم ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئەركىن بازار سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش، پۇلنى كونترول قىلىۋالماسلىق، چوڭ كۆلەملىك سودا زاپىسى يىغىۋالماسلىق، ئامېرىكا بارلىققا كەلتۈرگەن كەشپىياتلارغا ۋە ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشى ئۈچۈن يۇقارقى شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك ئىدى. شۇنداقلا، خىتاينىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشى توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر جەريانىدا، خىتاي تەرەپ ئىككى مىڭدىن ئۈچ مىڭغىچە بولغان خىتاي سىياسىي مەھبۇسلىرىنىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان شەرتنى سودا كېلىشىمىگە قوشۇش توغرۇلۇق پىرىزىدېنت كېلىنتوننى قايىل قىلالمىدى.

ئاۋام پالاتاسى 2000-يىلى، 24-مايدا 197 ئاۋازغا قارشى 237 ئاۋاز بىلەن خىتاي بىلەن بولغان تىجارەتنىڭ نورماللىشىشىنى ماقۇللىدى.(28) ئارقىدىن، شۇ يىلى 19-سېنتەبىر كېڭەش پالاتاسى 15 ئاۋازغا قارشى 83 ئاۋاز بىلەن مەزكۇر قانۇن لاھىيىسىنى ماقۇللىدى.(29)

«پىسەنت قىلماسلىق» ۋە باشقىلارنىڭ زېھىن ۋە بەدەن كۈچىنى ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق پايدىلىق ۋەزىيەت يارىتىش تاكتىكىسىنىڭ تەتقىق قىلىدىغان كلاسسىك مىساللاردىن بىرىدە، خىتاي غەربتىن ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلارنى ئەكىرىش ئارقىلىق پاي-چېك ۋە ئاكسىيە پەرز كاپىتالى بازىرى، ئورتاق سەرمايە سانائىتى، ياشانغانلارنى بېقىش فوندى، ئىگىلىك ھوقۇق فوندى، پۇل-مۇئامىلە بازىرى قاتارلىق ساھەلەردە؛ شۇنداقلا چەتئەل مەبلىغى، خەلقئارالىق مەركىزىي بانكا، ئۆلتۈراق ئۆي قەرزى ۋە ئامانەت كارتىسى، قايتا تاشقىنلىقتا چۆمگەن ماشىنىسازلىق سانائىتى قاتارلىق جەھەتلەردە تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ يۈكسىلىشلەرنىڭ ھەممىسى دۇنيا بانكىسى ۋە شەخسىي كارخانا بولغان گولدمەن سەكس گۇرۇھى قاتارلىقلارنىڭ ئاكتىپ ياردىمى ئاستىدا قولغا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خىتاي كوممۇنىستىك

پارتىيىسى باشقا ھەرىكەتلەرگە مۇراجىئەت قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، تېخنولوگىيە ۋە غەربنىڭ بىلىم-مۇلۇك ھوقۇقىنى ئوغرىلاش ئۈچۈن، ئاشكارا ۋە قاپ يۈرەك پروگراممىلارنى ئىشقا سالدى. ساختا مەھسۇلاتلار ياراتقان ئىقتىسادىي قىممەت خىتاي GDPسىنىڭ سەككىز پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.(30)

2008-يىلى دۇنيا بانكىسىنىڭ باش ئىقتىسادشۇناسى بولغان خىتاينىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ئىقتىسادىي مەسلىھەتچىسى جاستىن لىن لېكسىيە ۋە ماقالىلىرى بىلەن خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيىسى ئەڭ نوپۇزلۇق شەخسلەردىن بىرىدۇر. ئۇنىڭ لېكسىيە ۋە ماقالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئېنگلىز تىلىدا سۆزلىگەن ۋە يازغان. (31) ئۇ خىتايغا ئەڭ يۇقىرى چەكتە سادىق بولغان. مەن 1971-يىلى تەيۋەن دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىككى يىل تەتقىقات ئۈچۈن بارغىنىمدىن بېرى ئۇنى بىلىمەن. ئاشۇ يىلى ئۇ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. ئون يىلدىن كېيىن تەيۋەندىن يۇز ئۆرۈپ خىتاينىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان. 1981-يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا سىياسىي ئىقتىسادتىن ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. كېيىن چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىقتىسادشۇناسلىقتىن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. دوكتور لىن ئاخىرىدا سوۋېتچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى قانداق قىلىپ قايتىدىن شەكىللەندۈرۈش جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش ئۈچۈن خىتايغا قايتقان.(32)

لىننىڭ خىتاينىڭ ئىقتىسادىي يۈكسىلىشىنىڭ تەسۋىرلىشى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئىدى: دېڭ شياۋپىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى خىتاينىڭ ئاڭلىق رەۋىشتىكى ئىستراتېگىيىسىنى ئوچۇق ئاشكارا ھالدا ھەددىدىن زىيادە ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىپ، بازار ئىقتىسادىنى خىتاينىڭ رىقابەت كۈچى پىلانىنىڭ يادروسى دەپ قارىۋالدى. لىن خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيىسى ھەققىدە ئۈچ پارچە ئاددىي ۋە ھەممىگە تونۇشلۇق كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇ بۇ كىتابلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىككى مەنبەسىنىڭ «خىتاينىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە دۇنيا بانكىسى» بولغانلىقىنى قەتئىيلىك بىلەن ئىپادە قىلغان.(33) بۇ ئىپادىنىڭ توغرىلىقى خىتايدىن يۇز ئۆرۈگۈچى شەخسلەر ئىچىدىن ئەڭ كامىدا بىر شەخس تەرىپىدىن قۇۋۋەتلەندى. بۇ شەخس دۇنيا بانكىسىنىڭ رولى توغرۇلۇق، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ ئەركىن بازار تەشەببۇسىنىڭ كۈتۈلمىگەندە خىتايىنى ئۆزىنىڭ سودا مەنپەئەتچىلىكىنى دۇنيا مىقياسىدا كۈچەيتىشى ئۈچۈن قانداق قىلىپ تاكتىكا بىلەن تەمىنلەپ بەرگەنلىكى توغرۇلۇق تەپسىلىي مەلۇماتلارنى بەردى. لىننىڭ (خىتاينىڭ ھەقىقەتەن ماكرولۇق ئىستراتېگىيىسى مەۋجۇت دەيدىغان) كۆز قاراشلىرى خىتاينىڭ ئامېرىكانى تەتقىق قىلىدىغان ئەڭ نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسى ۋاڭ سىجىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا زىت. ۋاڭ سىجى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان بولۇپ، بېيجىڭدىكى بىر مەشھۇر تەتقىقات مەركىزىنىڭ مەسئۇلىدۇر. ۋاڭ دېڭ شياۋپىڭغا ئوخشاش دائىملا «خىتاينىڭ بۈيۈك ئىستراتېگىيىسى يوق، ئۆتكەن ئوتتۇز يىلدا خىتاي ئىستراتېگىيە جەھەتتە قالايمىقان ۋە تەرتىپسىز ھالەتنى بېسىپ ئۆتتى» دەپ قارايدۇ.

ۋاڭ 2011-يىلى «تاشقى مۇناسىۋەتلەر ژۇرنىلى»دا «خىتاينىڭ بۈيۈك ئىستراتېگىيە ئىزدىشى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ماقالىدە كىمكى خىتاي ئىستراتېگىيە بىلەن ئىش كۆرىدۇ، دېسە خاتالاشقان بولىدۇ، بۇنداق دېگۈچىلەر خىتايغا قارشى يامان نىيەتتىكى كىشىلەر بولۇش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن چوڭ، دېگەندەك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.(34) دېڭ شياۋپىڭمۇ تاكى 1997-يىلى ئۆلگەنگە قەدەر، ئۆزىنى زىيارەت قىلغانلارغا ئوخشاش ھالدا «خىتاينىڭ مۇكەممەل ھالدىكى ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيىسى يوق» دەپ كەلگەن.(35)

1983-يىلى، دۇنيا بانكىسىنىڭ باشلىقى ئا.ۋ.كلاۋزىن (A. W. Clausen) خىتاينى زىيارەت قىلىپ، دېڭ شياۋپىڭ بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇلار مەخپىي ھالدا دۇنيا بانكىسىدىن بىر گۇرۇپپا ئىقتىسادشۇناس خىتاينىڭ ئىقتىسادىنى تەتقىق قىلىپ، كەلگۈسى يىگىرمە يىلدا خىتاينىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئامېرىكاغا قانداق يېتىشىۋالىدىغانلىقى توغرۇلۇق مەسلىھەت بېرىشى ئۈچۈن مەخپىي كېلىشكەن. دۇنيا بانكىسى بۇ جەرياندا (بىر ياقتىن) خىتاينىڭ ئەركىن بازار ئىقتىسادىغا قاراپ مېڭىشقا موھتاجلىقىنى

ئىپادىلەيدىغان بىر قىسىم ئېنىقسىز دوكلاتلارنى ئېلان قىلىپ قويۇپ،(36) (يەنە بىر ياقتىن) دۇنيا بانكىسىنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىرى خىتاينىڭ قانداق قىلىپ ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتەلەيدىغانلىقى توغرۇلۇق مەخپىي يوسۇندا خىتايغا يول كۆرسەتكەن. تولىمۇ ئېنىقكى، دۇنيا بانكىسى غەربنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى چاندۇرماستىن، خىتاينى كاپىتالىزىم يولىغا مېڭىۋاتقان قىلىپ كۆرسەتكەن. ئەسلىدە، بۇ ئىشلار خىتاينىڭ ئۆرۈشقاق بەگلىكلەردىن ئۇدۇم قالغان «كونا زوراۋان كۈچنى كۆرەڭلىتىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن قارار قىلىنغان.

دۇنيا بانكىسى 1985-يىلى خىتاينىڭ 2050-يىلىغا بارغاندا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە يېتىشىۋالالايدىغانلىقىنى مەخپىي يوسۇندا كۆرسەتكەن ئىدى. بۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن، خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئەڭ كامىدا يىلىغا 5.5 پىرسەنتلىك تولىمۇ يۇقىرى يۈكسىلىشنى ئىزچىل هالدا داۋاملاشتۇرالىشى كېرەك ئىدى. پەقەت ياپونىيەلا خىتايغا سېلىشتۇرغاندا ئاجىز ئىقتىسادىي سەۋىيەدىن يۈكسىلىپ، ئامېرىكاغا ۋە باشقا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە يېتىشىۋالدى. دۇنيا بانكىسى خىتايغا باشقا دۆلەتلەر سىناپ باقمىغان، ئەمما قىسمەن دەرىجىدە تەجرىبە قىلىپ باققان بىر تۈرلۈك ئىستراتېگىيىنى يۈرگۈزگەن تەقدىردە، خىتاينىڭ تەرەققىي تاپقان ئەللەرگە يېتىشىۋالالايدىغانلىقى توغرۇلۇق مەسلىهەت كۆرسەتتى.(37)

دۇنيا بانكىسى خىتاينىڭ زاپاس ساقلاش نىسبىتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ناۋادا خىتاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئېشىشىنى قولغا كەلتۈرەلىگەن، بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلىم-پەن ۋە تېخنولوگىيەگە مۇراجىئەت قىلغان تەقدىردە، بۇنىڭغا قوشۇپ نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە چەكلىمە قويغان تەقدىردە، خىتاينىڭ (غەرب ئەللىرىگە يېتىشىۋېلىشتەك) بۈيۈك غايىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. دۇنيا بانكىسى خىتايغا مەخپىي رەۋىشتە ئالتە نۇقتىدىن تەكلىپ سۇندى. دۇنيا بانكىسى سىياسىۋىيلىقى ئىنتايىن سەزگۈر قارار چىقارغانلىقى، خىتاينىڭ سوتسىيالىزم يولىنى قوللايدىغانلىقى، توغرا رەۋىشتىكى بازار ئىقتىسادى يۈزلىنىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەنلىكى سەۋەبلىك، تەكلىپلىرىنى دۇنياغا ئاشكارىلىمىدى. بىرىنچى تەكلىپتە، 1985-يىلدىن باشلاپ يىگىرمە يىل ئىچىدە خىتاينىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى، بولۇپمۇ يۇقىرى تېخنىكىلىق مەهسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش سالمىقىنى جىددىي رەۋىشتە ئاشۇرۇشى كۈچەپ تەكىتلەندى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئېكسپورت قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشى كېرەكلىكى كۆرسىتىلدى. ئىككىنچى تەكلىپتە، خىتاي رەهبەرلىرىنىڭ چەتئەلدىن غايەت زور مىقداردا قەرز ئالماسلىقى كېرەكلىكى ئاگاهلاندۇرۇلدى. ئۈچىنچى تەكلىپتە، دۇنيا بانكىسىنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىرى چەتئەل كارخانىلىرىنىڭ پەقەتلا يۇقىرى تېخنولوگىيە ۋە زامانىۋى باشقۇرۇش تېخنىكىلىرى جەهەتتىلا خىتايغا مەبلەغ سېلىشى ئۈچۈن، خىتاينىڭ ئۇلارغا مۇشۇنى تەشۋىق قىلىشنى تەكىتلىدى. تۆتىنچى تەكلىپتە، چەتئەلنىڭ مەبلەغ سېلىش شىركەتلىرى ۋە شېرىكلەشكەن كارخانىلىرىنى ئىقتىسادىي ئالاهىدە رايوندىن باشقا رايونلارغا كېڭەيتىش ئۈتتۈرىغا قويۇلدى. بەشىنچى تەكلىپتە، (ئۆزى تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان) تاشقى سودا شىركەتلىرىنى پەيدىنپەي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، هەر بىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىنىڭ ئۆز ئالدىغا سودا ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەكلىكى بىلدۈرۈلدى. ئەڭ ئاخىرقى ئالتىنچى تەكلىپتە بولسا، خىتاي ئۆزىنىڭ ماكرو ئىقتىساد رامكىسىنى قەرەللىك رەۋىشتە بەلگىلەپ تۇرۇشى كېرەكلىكى بايان قىلىندى.(38)

1990-يىلىغا كەلگەندە، دۇنيا بانكىسىنىڭ ئەڭ كۆپ خىزمەتچىلەر گۇرۇپپىسى بېيجىڭدا ئىدى. خىتاي رەهبەرلىك قاتلىمى دۇنيا بانكىسىنىڭ پەردە ئارقىسىدا ئويناۋاتقان رولىنى قىلچە ئاشكارىلىماستىن، بۇ خەلقئارالىق تەشكىلاتنىڭ ئومۇمەن هەممە تەكلىپىگە بىنائەن ئىش كۆردى. ئې.س هۋا (E. C. Hwa) نىڭ ياردىمى ئاستىدا، 1984-يىلى خىتاينىڭ ئىقتىسادىنى تەتقىق قىلىشقا باشچىلاپ چۆككەن پېتىر خارولد (Peter Harrold) (1990-يىلى) دۇنيا بانكىسىنىڭ باش

ئىقتىسادشۇناسى بولۇپ تەيىنلەندى. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، خىتاينىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرلىرىدىن بىرى ماڭا ھۆانىڭ – گەرچە ئۇ خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ساھەسىنىڭ سىرتىدا ھېچقانداق تونۇلمىغان بولۇشىغا قارىماي– خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئۆلىنى سالغۇچى شەخس ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. مەن تونۇيدىغانلاردىن ھېچكىم ھۆا توغرىسىدا مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، خىتاي ئىقتىسادشۇناسلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپانىڭ ئىقتىسادىي مودېلىغا ئەگىشىمىزمۇ يوق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ چاغدا شەرقىي ياۋروپانىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرى تېزدىنلا خۇسۇسىيلىشىپ، ئەركىن ھالەتتە باھا بەلگىلەشكە ئۆتۈپ بولغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا بۇ مەسىلىدىن ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى خەۋەرسىز بولغان بولسىمۇ، خىتاينىڭ ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسىدىكى سىياسىئونلىرى رۇسىيەنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش مودېلىغا ئەگىشىشىمىز كېرەك دەپ قارايتتى. شۇنداق قىلىپ خىتاي يەنە بىر دوقالغا دۇچ كەلدى. تيەنئەنمېن ۋەقەسى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى بىر قانچە يىلدا، ئامېرىكانىڭ خىتايشۇناس تەتقىقاتچىلىرى بۇ مۇنازىرىدە مەغلۇپ بولدى. ئىككى نەپەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەمەلدارى ھەقىقىي ئىسلاھاتچى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. ئارقىدىن، ئامېرىكا پارىژدا ياشاۋاتقان سۈرگۈندىكى خىتايلارنى قوللىماسلىقنى قارار قىلدى. پرېزىدېنت كلىنتون خىتاي ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن ئەركىن بازار ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك يولىغا ماڭامدۇ ۋەياكى تېخنىكا ئوغرىلاش، ساختا مال ياساش، ئاخبارات توپلاش تىپىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرنى كۆپلەپ قۇرۇش يولىغىمۇ دېگەنلەرنى تېخىچە بىلەلمىگەن ئىدى.

ئەگەر بىلىدىغان بولساق، ھەقىقىي رەۋىشتىكى ئەركىنلىشىش يولىغا ماڭغۇسى بارلار كىشىلەرنى قوللاش ھەققەتەن ئاقىلانىلىك بولغان بولاتتى. بىراق، تېخىمۇ كۆپ ۋە كۈچلۈك سادالار – مەسىلەن، كېيىنكى يىللاردا جۇڭگو بانكىسىنىڭ باشلىقى بولغان جوۋ شياۋچۇەن قاتارلىقلارنىڭ ساداسى – غالىپ كەلدى. جوۋنىڭ بۇرۇنلا دۇنيا بانكىسى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىۋېلىشى خىتاينىڭ مارافون ئىستراتېگىيىسى ئۈچۈن مىسلىسىز پايدىلىق بولدى. **1991**-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ تەسىركە كۈچكە ئىگە بەزى سىياسەتچىلىرى رۇسىيەنىڭ ئىسلاھات مودېلىغا تەقلىد قىلىپ مېڭىشنى ئارزۇلىدى. بىز ئەسلى مۇشۇ ئىسلاھاتچىلارنى قوللاپ، بۇنىڭ ئەكسىچە جوۋغا ئوخشاشلارغا قارشى تۇرغان بولساق بولاتتى. ئەمما، بىز بۇ مەخپىي مۇزاكىرىدىن خەۋەر تاپالمىدۇق.

جوۋ سىياسىي ئىسلاھات قىلىشنى رەت قىلدى. ئەكسىچە، ئۇ ۋە ئۇنىڭ دۇنيا بانكىسىدىكى ئىتتىپاقداشلىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ پايدىغا ئېرىشىشنى كۈچەيتىش ئىستراتېگىيىسى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كونترول قىلىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. جوۋ شياۋچۇەن دۇنيا بانكىسى ئۈچۈن بىر پارچە مەخپىي دوكلات تەييارلاپ، دوكلاتتا ئۆزىنىڭ غەربنىڭ بازار ئىقتىسادىنى رەت قىلىش پىلانىنى ۋە رۇسىيە بىلەن شەرقىي ياۋروپانىڭ ئىسلاھات تەجرىبىلىرىدىن ئالغان ئىجابىي ساۋاقلىرىنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويدى. جوۋ بىلەن دۇنيا بانكىسىنىڭ خىتاي شۆبىسى دېرىكتورى پېتىر خارولد خىتاينىڭ ئۇنۇمسىز، قۇرۇلمىسى ناباب، سودىسى ناچار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن يېڭىچە ئىستراتېگىيە ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار غايەت زور سوممىدىكى ئىقتىسادتىن زىيان تارتقانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت كونتروللىقىدىكى بانكا سىستېمىسى ئارقىلىق بۇ زىياننىڭ ئورنىنى تولۇقلاندى.(39) دىنازاۋورلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىپ، ئۇنى دۆلەت چېمپيونىغا ئايلاندۇرۇش ئىلگىرى ھېچقاچان يۈز بېرىپ باققان ئىش ئەمەس ئىدى.

تەپسىلىي تەتقىق قىلىنىشتىن كېيىن، خىتاي گۇرۇپپىسى ۋە دۇنيا بانكىسىنىڭ ئىقتىساد-شۇناسلىرى كارخانىلارنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ۋە سىياسىي ئىسلاھاتقا قارشى تۇرۇش قارارىغا كەلدى. ئۇلار بىرلىكتە ئىقتىسادىي يۈكسىلىشتىكى ئەڭ مۇقىم يولنىڭ سوتسىيالىزمچە ئىقتىسادنى ۋە

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىي مونوپوللۇقىنى قوغداش بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. ئۇلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى رەت قىلىشتىكى قىسمەن باھانىسى – ئۆزلىرىنىڭ مۆلچەرىچە خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قىممىتى ئىككى تىرىليون خىتاي پۇلى ئىكەنلىكى، خەلقىنىڭ زاپاس پۇلى بىر تىرىليون خىتاي پۇلى ئىكەنلىكى؛ شۇ ۋەجىدىن، خىتاي خەلقىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا مەبلەغ سېلىپ، بۇ كارخانىلارنىڭ ئىگىلىرى بولالايدىغانلىقىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى، شۇ ۋەجىدىن خىتاينىڭ سوۋېت تىپىدىكى كارخانىلارنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش يولىغا ماڭسا بولمايدىغانلىقى ئىدى. يېزىلاردىمۇ ئوخشاشلا خۇسۇسىي مۈلۈك بولسا بولمايتتى. ھەتتا **2014**-يىلىدىمۇ، ئالتە يۈز مىليون خىتاي دېھقانلىرى ئۆزى تېرىۋاتقان يەرلىرىگىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلالمايتتى.

بۇ مۇئازىرىلەرنىڭ بىر قىسمى (毛玉石) ماۋ يۈشى **2012**-يىلى كاتو ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن مىلتون فرىدمەن ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، **2013**-يىلى ماۋيۈشى تەرىپىدىن ئاشكارىلاندى.**(40)** بەلكىم ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى بازارنى ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىرىدىكى مۆتىدىللەر بىلەن قاتتىق قوللار ئارىسىدىكى بۇ زىددىيەتلەردىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپقان بولسا، ۋاشىڭتوندا باشقىچە قارار چىقىرىلىشى مۇمكىن ئىدى.

***

**90**-يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، پۇل-مۇئامىلە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاشۇ غەربلىكلەر چىڭداۋ پىۋىسى گۇرۇھى خىتايدىكى بىردىنبىر داڭلىق كارخانا دەپ بىلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈن بولسا، دۇنيادىكى بەزى ئاۋانگارت كارخانىلار خىتاي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردۇر. مەسىلەن، سىنوپېك (中石化)، خىتاي بانكىسى، خىتاي تېلگرافى، خىتاي كۆچمە تېلگرافى ۋە خۇاۋېي قاتارلىقلار مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن. گەرچە كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرى بولسىمۇ، بىراق، باشقا دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنىڭ جان تومۇرى دەپ قارالغان ساھەلەر ئارقىلىق ئىقتىسادىي مەنبەلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان. بۇ كارخانىلارنى دۆلەت ئىگىلىكىدە تۇتۇشتىكى سەۋەب – ئەركىن بازار بۇ خىل ئىقتىسادىي مەنبەلەرنى تەمىن ئېتىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمايدۇ دەپ قارالغان.

خىتاي جەنۇبىي كورىيەنىڭ چېبول **(chaebol)** شىركىتى ۋە ياپونىيەنىڭ گورۇھ شىركەتلىرىنىڭ ئەندىزىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بىر نەچچە قەدەمنى بالدۇر ئالدى. خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىنى كوممۇنىستىك پارتىيە ئۆزى قۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك قەدەم-باسقۇچلىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. بۇ قەدەم-باسقۇچلار چوقۇم دۆلەت مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولۇشى، ھەر قاچان تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ كامىدا بىرىنى، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپراقىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. خىتاينىڭ بارچە مۇھىم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى تاللايدىغان بولۇپ، بۇ باشقۇرغۇچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى دۆلەتنىڭ ئىستىخبارات قاتلىمىدىن ياكى ھەربىي قاتلىمىدىن تاللانغان. شۇنداقلا، بۇ خىل مۇناسىۋەت دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار يۈرۈشۈپلا تۇرغان تەقدىردە توختاپ قالماي داۋاملىشىدۇ. خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بانكىلىرى خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقتىكى كارخانىلارغا قارىغاندا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار (نى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش) نى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ بانكىلار خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىنى زور سوممىدا ئىقتىساد بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق، بۇ قالتىس كارخانىلارنىڭ چەتئەلنىڭ تېخنولوگىيىسىنى قولغا كەلتۈرىشى ۋە چەتئەلدىن خام ماتېرىيال قولغا چۈشۈرۈشىگە ھەمدەم بولىدۇ. بۇ خىل ھۆكۈمەت ياردەملىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن، كۆپىيىشى يوقنىڭ ئورنىدا بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەبلەغلەر خىتاينىڭ مەزكۇر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىنى غەرب كارخانىلىرىغا قارىغاندا ئەۋزەللىككە ئىگە

قىلىدۇ.(41) خىتاينىڭ يۈزگە يېقىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىسىنىڭ ھەممىسى دۇنيادىكى بەش يۈز كۈچلۈك كارخانا قاتارىدا.

مۇھىم ئۆزگىرىشلەردىن بىرىدە، مەخپىي ساھەلەرنى ئاساس قىلىدىغان دۇنيا بانكىسى ۋە خەلقئارالىق پۇل-مۇئامىلە فوندى خىتاي بەلگىلىمىرىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلدى. بۇنداق قىلىش خىتاينىڭ ئۆز ۋەدىلىرىگە خىلاپ. دۇنيا بانكىسى 1993-يىلىدىكى بىر مەخپىي دوكلاتىدا شۇ دەرىجىدە چوڭقۇرلاپ كەتكەنكى، ئۇلار ھەتتا خىتاي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىنىڭ ئىلغارلاشتۇرۇلمىسا ۋە ئۇزۇل-كېسىل ھالدا تاپاۋەت يارىتىدىغان ھالغا كەلمىسە خىتاينىڭ باشقا ئىسلاھاتلىرىنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدىغانلىقىدىن خىتاينى ئاگاھلاندۇرغان.(42) دوكلاتتىكى «شىركەتلەشتۈرۈش» دېگەن ئۇقۇم دۆلەت كونترولىنى بوشاشتۇرۇش، بەزى كارخانىلارنى ۋەيران بولۇشقا ياكى تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىش، باشقا كارخانىلارنى بولسا نۇرغۇنلىغان كىچىك، زىيان ئېچىدىكى كارخانىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، زور پايدا يارىتىدىغان كارخانا قىلىپ چىقىشتىن دېرەك بېرىدۇ. مانا بۇ ئون يىلدىن كېيىن «دۆلەت چېمپىيونى» سىستېمىسى دەپ تونۇلغان سىستېمىنىڭ باشلانغۇچى بولۇپ قالغان.

دۇنيا بانكىسى خىتايغا تېخىمۇ يىراقتا قەدەم ئېلىش تەكلىپىنى بەرگەن، خىتاي بۇنى قوبۇل قىلغان. دۇنيا بانكىسى خىتايغا يەنە بىرلەشمە پاي ھەسسىدارلىق مەبلەغ سېلىش شىركەتلىرىنى قۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن بولۇپ، بۇ شىركەتلەر ئەركىن بازار ئىقتىساد سىستېمىسىدىكى بىرلەشمە فوندلارغا بەكمۇ ئوخشىشىدۇ. پايچەك بازارلىرىنى قۇرۇش ئارقىلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ پاي-چېكىنى سېتىۋېتىش تەكلىپى كىشىنى ھەممىدىن چۆچۈتىدىغان تەكلىپ ھېسابلىنىدۇ. (ئەسلىدە، پايچەك بازىرى دۆلەت كارخانىلىرى ئۈچۈن ئەمەس، شەخسىي كارخانىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.) بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇش «قىسمەن خۇسۇسىيلاشتۇرۇش» دەپ ئاتالدى. خىتاي يەنە بىر قېتىم پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ يول كۆرسىتىۋاتقان دۇنيا بانكىسىنىڭ يول-يورۇقىغا ئەگەشتى. تىيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ياپونىيە خىتايغا جازا يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، دۇنيا بانكىسى مەخپىي ھالدا خىتايغا ياردەم بەردى. خىتاي يەنە بىر قېتىم دۇنيا بانكىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن، ئامېرىكا فېدېراتسىيە زاپىسى سىستېمىسىغا ئوخشاش سىستېمىدىن بىرنى قۇرۇپ چىقتى.(43)

خىتاي ئەمەلدارلىرى 2003-يىلىدىن باشلاپ دۆلەتلىك كۈچلۈك كارخانىلارنى بەرپا قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەشكە باشلىدى. بۇ ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىسىدىن ئەللىكىگە ياردەم بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ 2010-يىلىدا دۇنيادىكى بەش يۈز كۈچلۈك كارخانا قاتارىغا كىرىشنى قولغا كەلتۈرۈش پىلانىغان بىر يوشۇرۇن پىلاندىن دېرەك بېرەتتى. خىتاي بۇ غايىسىگە يەتتى. قورال-ياراق، توك، ئېنېرگىيە، ئۇچۇر تېخنولوگىيىسى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، سۇ ترانسپورتى قاتارلىق ساھەلەردىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى خىتاي كارخانىلىرى زېمىن ۋە ئېنېرگىيە ياردەم پۇلى، ئېتىبار ئۆلچىمىدىكى باج سىياستى، خىتاي بانكىسىدىن بېرىلىدىغان نورمىدىن تۆۋەن ئۆسۈم نىسبەتلىك قەرز (بۇ خىل قەرزنىڭ قايتۇرۇلۇشىدىن ئۈمىد كۈتۈلمەيدۇ) قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.(44)

كۈنىمىزدە خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ۋە دۆلەت كونتروللۇقىدىكى ئىقتىسادى غايەت زور. ئېرىشكىلى بولىدىغان سان-سىفېرلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، دۆلەت ئىگىدىكى خىتاي كارخانىلىرى ۋە بۇ كارخانىلار بىۋاستە كونترول قىلىدىغان ساھەلەرنىڭ GDP سى خىتاينىڭ يېزا-ئىگىلىكىگە تەۋە بولمىغان GDP سىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ناۋادا بۇ كارخانىلار ۋاستىلىك كونترول قىلىدىغان شەھەرلەردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك ۋە يېزا قىشلاقلاردىكى كان-كارخانىلارنى يۇقىرىقى سانغا قوشۇپ ھېسابلىغاندا، خىتايدىكى ئومۇم ئىگىدارچىلىقىدىكى ۋە

كونتروللۇقى ئاستىدىكى ساھەلەرنىڭ **GDP** سى ختاي ئومۇمىي ئىقتىسادىنىڭ **50** پىرسەنتىنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپراقىنى ئىگىلەيدۇ. ناۋادا سىز كونا زوراۋان كۈچنى ئۆزىڭىزنىڭ كاپىتالىست بولىدىغانلىقىڭىزغا ۋە ئوتتۇرا تەبىقىدىكىلەرنىڭ پات ئارىدا دېموكراتىيە تەلەپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندۇرمەكچى بولسىڭىز، يۇقىرىقىلار ھەقىقەتەنمۇ بىر ئاچچىق رېئاللىقتۇر.

ختاينىڭ بەش چوڭ بانكىسى ختايدىكى بارچە ئامانەت پۇلىنىڭ **50** پىرسەنتىنى قولىدا تۇتىدۇ. بىر مىليارد **350** مىليون نوپۇسقا ئىگە بىر دۆلەتتە، مەركىزى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىگىلىكىدىكى بانكا **29**، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندىكى بانكىلار **34**، شەخسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بانكا ئارانلا ئىككى.**(45)** ختاينىڭ بۇ **65** بانكىسى ئامېرىكانىڭ توققۇز مىڭغا يېقىن بانكىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلسا تولىمۇ زور سېلىشتۇرما ھاسىل بولىدۇ.**(46)** **2013**-يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدا، ختاي مەركىزى بانكىسىنىڭ ئومۇمىي تاشقى پېرۋوت زاپىسى **3.66** تىرىليون دوللار بولغان.**(47)** بۇ سان ختاي ئومۇمىي **GDP** سىنىڭ قىرىق پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

ختاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىنىڭ ئۆزۈن زامان داۋاملىشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ راست-يالغىنى ئايرىلىشىپ كەتكەن.**(49)** كۆپ ساندىكى ئىقتىسادشۇناسلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار بازار ئېھتىياجى قامداش ئۈچۈن ئەمەس، سىياسىي ئېھتىياجنى قامداش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان دەپ قارايدۇ. بۇ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتكە بولغان ئۆزگىرىشچان تەلەپلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالىشى قىيىن؛ ئوخشاش ساھەدىكى ياكى خوسۇسىي ساھەدىكى رىقابەتلەرگە نىسبەتەن ئۇنۇمدارلىقى تۆۋەن. ئۇلار دائىملا يېقىنلىرىنى ئىشقا قويۇشنىڭ زىيىنىنى تارتىدۇ. بۇ كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمى سىرتقا كامدىن-كام ئاشكارىلىنىدۇ.

دۆلەتنىڭ ئايرىلىشى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمسىزلىكىگە سەۋەب بولغان. غەربنىڭ ياردىمى بولمىسا، ختاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرى ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ، ئاقىۋەتتە خوسۇسىي ئىگىدارچىلىقىدىكى ختاي كارخانىلىرى تەرىپىدىن شاللىنىپ كېتىدۇ. **(50)** بىراق، غەربنىڭ ياردىمى سەۋەبلىك، ختاي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرى يەنىلا گۈللەنمەكتە. گولدمەن ساكس **(Goldman Sachs)** ۋە مورگان ستەنلىي **(Morgan Stanley)** قاتارلىق غەرب كارخانىلىرى ختاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىنى قايتا تەشكىللەپ، بۇ كارخانىلارنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىغا خەلقئارالىق پۇل-مۇئامىلە تەلىپىگە ۋە بوغالتېرلىق تەلەپلىرىگە قانداق رىئايە قىلىشنى ئۆگەتتى.**(51)** نەتىجىدە، ختاينىڭ بۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرى لوندوندىن نيۇيوركقىچە بولغان خەلقئارالىق پايچەك بازارلىرىدا تۇنجى قېتىم ئۆز پايچەكىنى بازارغا سالدى، شۇنداقلا شاڭخەي، شېنجېن ۋە خوڭكوڭدىكى پايچەك بازارلىرىدا ئۆز پايچېكىنى ئىككىنچى قېتىم بازارغا سالدى.

ختايدىكى بەزى داڭلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار غەربتىكى مەبلەغ سېلىش بانكىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان. مەسىلەن، جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىشى **(ChinaMobile)** نىڭ قايتا قۇرۇلۇش خىزمىتى، باشقۇرۇلۇشى ياخشى بولمىغان بىر قانچە ئۆلكە دەرىجىلىك تېلگراف شىركەتلىرىنىڭ قوشۇۋېتىلىپ، ئاخىرىدا خەلقئارالىق فوند باشقۇرۇش شىركىتىگە سېتىۋېتىلىش ئارقىلىق رويابقا چىققان. نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى ھېسابلانغان بۇ شىركەت، **1997**-يىلى ئىككى قېتىم پايچېكىنى بازارغا سېلىپ **4.5** مىليارد مەبلەغ توپلىغان. بۇ شىركەت شۇ دەرىجىدە چوڭكى، ئالما شىركىتى ئايفونلىرىنى جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىشى ئارقىلىق ساتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان كۈنى، ئالمىنىڭ پايچېكى تۆت پىرسەنتكە يېقىن ئۆسۈپ كەتكەن. **(53)**

غەربلىكلەرنىڭ ختاي كارخانىچىلىرى ۋە مەبلەغ سالغۇچىلىرىغا بولغان تەسىرىمۇ ناھايىتى چوڭ بولغان. مەسىلەن، ختاي غەربلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ **MBA** (سودا باشقۇرۇش ئىلمى ماگىستىرلىقى) پروگراممىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن ياۋروپادىكى ۋە ئامېرىكادىكى سودا ئىنستىتۇتلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆزىگە قىزىقتۇرغان. لوندون سودا ئىنستىتۇتى **(London Business School)** ۋە روتېردام باشقۇرۇش ئىلمى ئىنستىتۇتى

**(Rotterdam School of Management)** قاتارلىقلارنىڭ سابىق مۇدىرلىرى نۆۋەتتە خىتاي ياۋروپا خەلقئارالىق سودا مەكتىپىدە ئىشلىمەكتە. ديۇك سودا ئىنستىتۇتى ۋە خارۋارد سودا ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلار خىتاينىڭ سودا ماگىناتلىرىنى تەربىيىلىمەكتە.(54) ستانفورد ۋە ۋارتون ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا سودا باشقۇرۇش ئىلمىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقان خىتاي پۇقرالىرى دائىملا ئامېرىكانىڭ خەتەرلىك تۇرلەرگە مەبلەغ سېلىش شىركەتلىرىدە ۋە خۇسۇسىي سەرمايە شىركەتلىرىدە ۋاقتىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار مەبلەغ سېلىش پۇرسىتى يارىتىش ئۈچۈن تېزلا بۇ يەرلەردىن تېزلا خىتايغا يۆتكىلىدۇ.

خىتاي رەھبەرلىرى گەرچە غەربنىڭ بۇ خىل ئىقتىسادىي سىستېمىنى تەنقىدلەيدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلىش دائىرىسى ئىچىدىكى كەلگۈسىدىمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا تايىنىشنى داۋاملاشتۇرىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىر قانچە سەۋەبى بار. بىرىنچىدىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار بۈگۈنگە قەدەر ئىقتىسادىي نۇقتىدىن ئىنتايىن غەلىبىلىك هالدا ئىلگىرىلىدى. خىتاي (بۇ خىل سىستېما ئارقىلىق) بىر ئەۋلاد ئىچىدىلا دۆۋە-دۆۋە مەسىلىلىرى بار بىر دۆلەتتىن غايەت زور ئىقتىسادىي ماگناتقا ئايلاندى. ئىككىنچىدىن، خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ هاكىمىيىتىنىڭ داۋاملىششىنى ياردەم بىلەن ۋە سەۋەب بىلەن تەمىنلەيدۇ. «خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم» خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ بىر شوئارى بولۇپ، ئۇ بۇ شوئار ئارقىلىق ئامىمنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرالايدۇ. ئۈچىنچىدىن، خىتاي رەھبەرلىرى خىتاي ئىقتىسادى ئۈچۈن، شۇنداقلا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينايدىغان ئاساسلىق سانائەت تارماقلىرى پەقەت تامامەن ياكى ئومۇمىي جەھەتتىن ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا تۇرغاندىلا، ئاندىن توغرا يۆنىلىش بويىچە ئىلگىرىلىيەلەيدۇ؛ دۆلەت چوقۇم كۆپ ساندىكىلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق هوقۇقى جەھەتتە ئاساسىي رول ئويناشنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. تۆتىنچى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار تەيىنلەش هوقۇقى ۋە قانۇنىيلىقنى تەمىنلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، كومپارتىيەنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىدىكى ئاساسىي مېخانىزم هېسابلىنىدۇ. بەشىنچى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار خىتاينىڭ يېڭىلىق يارىتىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، شۇ ئارقىلىق خىتاينىڭ چەتئەل تېخنىكىسىغا بولغان بېقىندىچىلىقىنى ئازايتىدۇ؛ مانا بۇ دۆلەتنىڭ يەنە بىر نىشانىدۇر. ئالتىنچى، خىتاي رەھبەرلىرى رۇسىيەنىڭ سوۋېت دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە دۇچ كەلگەن – دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتلەرنى دوللار هېسابىدا سىياسىي جەھەتتە يېقىنلىقى بولغان شەخسلەرگە سېتىپ بېرىش نەتىجىسىدە، پۇلىنىڭ ھەددى-هېسابى يوق ئاز ساندىكى غايەت زور بايلار خەلقئارا رىقابەتكە قاتنىششقا ئامالسىز قالغان قاتمال شىركەتلەر بىلەن قېلىشتەك – سەلبىي كەچمىشىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ بېشىغا كېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئالدىرىماستىن هەرىكەت قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇشى مۇمكىن.

خىتاينىڭ ئەڭ يېقىنقى بەش يىللىق پىلانى – ئىستراتېگىيە جەھەتتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ساھەلەر بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك ئىلغار كارخانىلارنى بەرپا قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى يۈرگۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.(55) خىتاي ئۆزى ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىلغار تېخولوگىيىلەرنى سېتىش ئارقىلىق خەلقئارالىق بازارغا كىرىشكە باشلىدى. بۇ هال خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىدىن هالقىغان ئەندىشىلەرنى پەيدا قىلدى. مەسىلەن، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تور-ئالاقە ۋاسىتىلىرى شىركەرتلىرىدىن بىرى هېسابلانغان خۇاۋېي تېخنولوگىيە شىركىتى خىتاي ئىستىخبارات تارماقلىرى بىلەن يېقىن ھەمكارلىق ئىچىدە بولۇشى مۇمكىن.(56) كەلگۈسىدە، ئامېرىكا شىركەتلىرى، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئەسكىرىي ئورگانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا مىقياسىدىكى نۇرغۇنلىغان تور-ئالاقە ئۇلىنىشلىرى خۇاۋېي تور سېستىمىسىنى قوللىنىدىغاندەك قىلىدۇ.توختاۋسىز هالدا تېزلىك

بىلەن يەرشارىلىشىۋاتقان دۇنيادا مۇمكىنچىلىك ئىچىدىكى تەھدىتلەر روشەن هالدا مەۋجۇت. خىتاينىڭ ئىشپىيونلۇق تارماقلىرى مەلۇم تور-ئالاقە لىنىيەلىرىنى نازارەت قىلالامدۇ-يوق؟ ئۇلار تور سىستېمىلىرىنى ئۇچۇر ئوغرىلاش ئۈچۈن ئىشلىتەمدۇ يوق؟ ئۇلار كەلگۈسىدىكى جىددىي ئەهۋاللاردا «زەربىدار كونۇپكىلار»نى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، خەلقئارالىق مۇهىم تور لىنىيەلىرىدە توسالغۇ پەيدا قىلالامدۇ-يوق؟(57) مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئامېرىكا ۋە ئەنگىلىيە هۆكۈمەتلىرى باشقا (بەزى) هۆكۈمەتلەر قاتارىدا خۇاۋېي مەهسۇلاتلىرىنىڭ ئۆز دۆلىتىدە سېتىلىشىنى چەكلىدى.

خىتاي يەنە ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن چەتئەللەرگە مەبلەغ سالدى. خىتايلار ئارىسىدا هەتتا ئۆزىنىڭ سودا تاپاۋىتىنىڭ خەلقئارالىششىنى «چىقىپ كېتىش» ئىستراتېگىيىسى دەپ ئاتاش مودىغا ئايلانغان. خىتاي ئىزچىل هالدا خىتاي پۇلىنىڭ خەلقئارالىشىپ، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دۇنيادا زاپاس ساقلىنىشى ئالدى بىلەن ئويلىشىلىدىغان پۇل بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. (58) خىتاي كارخانىلىرى «چىقىپ كېتىش» ئىستراتېگىيىسىنىڭ ۋارىيانتى سۈپىتىدە ئاتالمىش «چەتئەلگە قارماق تاشلاش»نى، يەنى چەتئەل شىركەتلىرىنى تۆۋەن باهادا سېتىۋېلىش هەرىكىتىنى باشلاپ بولدى.(59) دۆلەت بانكىلىرىدىن بېرىلىدىغان زور سوممىلىق مەبلەغلەر ۋە بۇ مەبلەغنى قايتۇرۇش زۆرۈرىيىتىنىڭ يوق دېيەرلىكلىكى سايىسىدە، خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرى ئۆز «كۆشەندە»لىرىنى سېتىۋېلىشنىڭ ئالتۇن پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

«دۆلەتلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى» 国家发改委 - National Development and) (Reform Commission دەپ ئاتىلىدىغان ئالاهىدە ئورگان خىتاي ئىقتىسادى ئىستراتېگىيىسىنىڭ يادروسى هېسابلىنىدۇ. بۇ ئورگان ئىستراتېگىيىلىك سانائەتلەر جەهەتتە دۆلەت سىياسىتىنى بەلگىلەش، زور كۆلەملىك مەبلەغ سېلىشنى تەستىقلاش، شۇنداقلا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى قوشۇۋېلىش ياكى سېتىۋېلىش قاتارلىق فۇنكسىيەلەرگە ئىگە. «دۆلەتلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاهات كومىتېتى»نىڭ هوقۇقى ناهايىتى چوڭ بولۇپ، ۋېسكىدىن تارتىپ بېنزىنغىچە بولغان بارلىق مەهسۇلاتلارنىڭ باهاسىنى بەلگىلەش ئىمتىيازىغىمۇ ئىگە. بۇ ئورگان ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خىتاي ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيىسىنىڭ مەركىزىدۇر.(60)

خىتاينىڭ خەلقئارا بازارغا كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، خىتاينىڭ رىقابەتچىلىرى خىتاي هەققىدە ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايدىغان نۇقتىلاردىن بىرى «خىتاينىڭ قائىدە-نىزاملارغا ئاساسەن ئىش كۆرمەيدىغانلىقى»دىن ئىبارەت. ئامېرىكا هۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى دوكلاتلىرىدىن بىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي چەتئەل رىقابەتچىلىرىگە قارشى ئۆز ئىشلەپچىقىرىشىنى قوغداش ئۈچۈن، تاموژنا بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان نۇرغۇنلىغان ساهەلەردە باج توسالغۇلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىكەن. بۇ توسالغۇلار «دۆلەتلەر ئارا تىجارەت، دۆلەت ئىچى كارخانىلىرىنى نورمىدىن يۇقىرى ياردەم پۇلى بىلەن تەمىنلەش ۋە تاۋارلارنى زاپاس بېسىۋېلىش، كەمسىتىش خاراكتېرلىك باج، قارشى تۆكمە بېجى، ئامېرىكا تېرىلغۇ مەهسۇلاتلىرىنىڭ بىئوتېخنولوگىيە ئىلتىماسىنى تەستىقلاشنى كېچىكتۈرۈش» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.(61) يۇقىرىقىلارنىڭ هەممىسى دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ.

قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلارنىڭ بەدىلى بولىدۇ. تەتقىقاتلاردىن بىرىدە، خىتاينىڭ ياردەم پۇلى بىلەن تەمىنلەش، باجنى كەچۈرۈم قىلىش، ئەرزان باهالىق زېمىن؛ شۇنداقلا، پولات-تۆمۈر، ماشىنا زاپچاسلىرى، ئەينەكچىلىك ۋە قەغەزچىلىك قاتارلىق تۆت مۇهىم ساهەگە ئائىت تېخنىكىلارنى ئىلغارلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزى هېچقانداق نىسپىي ئەۋزەللىككە ئىگە بولمىغان بۇ ساهەلەردە – ئەمگەك كۈچىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە – دۇنيا مىقياسىدا قانداق تېزلىك بىلەن بازار ئىگىلىگەن-

لىكىگە ئائىت ھەيران قالارلىق مىسال بايان قىلىنغان.(62) ئەنئەنىۋى ئەركىن بازار ئىقتىسادشۇناسلىقى بويىچە ئېيتقاندا، (ئەۋزەللىك ھالىتىدە بولماستىن تۇرۇپ بۇ ساھەلەرگە چات كىرىش) ئۆز ماھىيىتىدىن يىراقلىشىش، ئۈنۈمسىزلىك ۋە يۇقىرى تەننەرخ (قاتارلىقلار سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ) دەپ قارىلىدۇ. ھالبۇكى، خىتاينىڭ بۇ جەھەتتىن قولغا كەلتۈرگەنلىرى يۇقىرىقىدىن تامامەن ئەكسىچە. خىتاي ئون يىل ئىچىدە قەغەزچىلىكتە ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتىپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قەغەز ئىشلەپچىقىرىش دۆلىتىگە ئايلىنىدۇ. دۇنيا مىقياسىدىكى ئەينەكنىڭ ئوتتۇز پىرسەنتى خىتاي ئىشلەپ چىقىرىدۇ. خىتاينىڭ ئەينەك ئېكسپورت قىلىش نىسبىتى دۆلەت ئىچىدىكى ئەينەك ئىستېمال قىلىش نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتكەن. خىتاي **2000**-يىلىدىكى سېپى ئۆزىدىن پولات-تۆمۈر ئىمپورت قىلىش دۆلىتى بولۇشتىن، نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پولات-تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئېكسپورت قىلىش دۆلىتىگە ئايلاندى. خىتاينىڭ ئىشلەپچىقارغان پولات-تۆمۈرى دۇنيا بازىرىدىكى پولات-تۆمۈرنىڭ قىرىق پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. **2001**-يىلىدىن ئېتىبارەن، خىتاي دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ماشىنا زاپچاسلىرى ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتكە ئايلاندى. بۇ ھەرگىزمۇ ئەرزان ئەمگەك كۈچى سەۋەبلىك ئەمەس، (چۈنكى) بۇ ساھەلەردە ئەمگەك كۈچىنىڭ مال ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئون پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدۇ؛ (شۇنداقلا) بۇنىڭ سەۋەبى، پۇل قىممىتىنىڭ قەستەنلىك بىلەن تۆۋەن مۆلچەرلەنگەنلىكىدىنمۇ ئەمەس. خىتاي بۇ خىلدىكى بازار ئىگىلەشلىرىگە دىققىتىنى ئاغدۇرمىدى، بۇ جەھەتتە ئوچۇق-ئاشكارا چۈشەنچىمۇ بەرمىدى.

خىتاي يەنە خىتايغا ئائىت بولمىغان مەھسۇلاتلارنىڭ ساختا نۇسخىلىرىنى زور كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇ بىر مەھسۇلاتنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئىشلەپچىقىرىش، قانۇنسىز يوللار ئارقىلىق ئۇ مەھسۇلاتنى ئۆز ئالدىغا تارقىتىش ياكى ئىشلىتىۋېلىش، ئۇ مەھسۇلاتنى لاھىيىلەپ ياسىۋېلىش ياكى مەھسۇلاتقا ئائىت مۇھىم تېخنولوگىيەنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **2001**-يىلى **ABC** خەۋەر قانىلى خىتاينىڭ ساختا مال ئىشلەپچىقىرىشى سەۋەبلىك چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ ھەر يىلى تارتىدىغان (ئومۇمىي) زىيىنىنىڭ **200** مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىگەن.(63) باشقىلار زىيان ئومۇمىي سوممىسىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.(64) بېيجىڭدىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسى باش كونسۇلىنىڭ سابىق مەسلىھەتچىسى توماس بوم **(Thomas Boam)** يېقىندا مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتلەر بىرلەشمىسىدە سۆزلىگەن نۇتۇقىدا، خىتاينىڭ باشقىلار ئىشلەپچىقارغان مالنىڭ پاتېنتىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ۋە ساختا مال ئىشپچىقىرىش ئارقىلىق تاپقان تاپاۋىتى، خىتاي **GDP** سىنىڭ كامىدا ئون پىرسەنتىنى، يۇقىرى بولغاندا ئوتتۇز پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى كېسىپ ئېيتقان.(65) باشقا تەخمىنلەرگە كۆرە، غەرب ماللىرىنىڭ ساختىسىنى ياساپ خىتايدا پارچە سېتىش، خىتايدىكى پارچە سېتىلىدىغان تاۋارلار ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئون بەش پىرسەنتىدىن، يىگىرمە پىرسەنتىگىچە ئىگىلەيدىكەن. بەزى يەرلىك بازارلاردا، بۇ نىسبەت توقسان پىرسەنتكە يېتىدىكەن.

ئامېرىكا دۆلەتلىك جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ **(the Office of the National Counterintelligence)** يېقىنقى دوكلاتلىرىدىن بىرىدە خىتاي «دۇنيادىكى ئەڭ ئاكتىپ ۋە ئەڭ ئىزچىل ئىقتىساد جاسۇسلۇقى بىلەن شۇغۇللانغۇچى» دەپ سۈپەتلەنگەن.(66) خىتاي سەزگۈر ئىقتىسادىي ئۇچۇرلارنى توپلاش ئارقىلىق (بۇلار تىجارەت مەخپىيەتلىكلىرى، پاتېنت ھوقۇقى، سودا پىلانى، يۇقىرى تېخنولوگىيە ۋە ئېكسپورت قىلىنىشى كونترول قىلىنغان مەھسۇلاتلارغا ئائىت ئۇچۇرلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دۆلەت ئىچى سانائىتىگە ياردەم بېرىدۇ. خىتاي ھەم ئەنئەنىۋىي ئۇسۇللار ئارقىلىق، ھەمدە تور-ئالاقە ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق بۇ خىل

ئۇچۇرلارنى يىغىدۇ. خىتاينىڭ تور ئىشپىيونلۇقى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇشى مۇمكىن.

2000-يىلىدىن بۇيان، ئىنتېرنېتقا بولغان ئېھتىياجنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىغا ئەگىشىپ، يۇقىرىقىدەك ئىشپىيونلۇق ئۇسۇللىرىمۇ قالتىس دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ كەتتى. خىتايلار دۆلەت ئىچى سانائەتلىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن تور تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان. ئۇلار تور بوشلۇقىدىن پايدىلىنىپ سودا ئورگانلىرىدىن، ھۆكۈمەتلەردىن، ئىلىم-پەن مەركەزلىرىدىن، تەتقىقات ئورگانلىرىدىن ۋە باشقا مۇھىم دەپ قارىغان ئورگانلاردىن سەزگۈر ئىقتىسادىي ئۇچۇرلارنى ئوغرىلايدۇ. ئۇلار بايقىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، يامان غەرەز ئۈچۈن ياسالغان يۇمشاق دېتاللار، تور دېتاللىرىنى ھەمبەھىرلەش، خاككېرلىق ۋاكالەتچىلىكى، ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى دۆلەتنىڭ تور سېستىمىسىدىن پايدىلىنىش قاتارلىقلارنىڭ سايىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئامېرىكالىق كارخانا مۇتەخەسسىسلىرى ۋە تور بىخەتەرلىكى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ دوكلاتلىرىغا كۆرە، خىتايدىن مەنبەلەنگەن بىر قېتىملىق «قانلىق» تور ھۇجۇمى ئېلىپ بېرىلغان. ئەپسۇسكى، ئامېرىكا ئاخبارات ئورگانلىرى نۇرغۇن جەھەتلەردە بۇ ھۇجۇمدا كىمنىڭ مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە ئامالسىز قالغان.(67) بۇ ھۇجۇمدىن كېلىپ چىققان مۆلچەردىكى زىيان ئومۇمەن دېگۈدەك ئىشەنچىسىز بولسىمۇ، بىراق تورنى ئاساس قىلغان زىياننىڭ دائىرىسىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. جوڭ دوڭفەن ئامېرىكا شىركەتلىرىدە B-1 بومباردىمانچى ئايروپىلانى، ئالەم ئايروپىلانى ۋە باشقا تۈرلەرنى لاھىيەلەشكە قاتناشقان بىر ئېنژېنېر. ئۇ خىتاي ئاۋىئاتسىيە سانائىتى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئىشپىيونلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن، 2010-يىلى ئامېرىكا تەرىپىدىن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇ قولغا ئېلىنغاندا ئۇنىڭ ئۆيىدىن تەخمىنەن 250 مىڭ بەتلىك سەزگۈرلىكى يۇقىرى بولغان ماتېرىياللار چىققان. ئۇ 1979- يىلىدىن 2006- يىلىغىچە خىتاي ئەمەلدارلىرىغا تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم. بىراق، 250 مىڭ بەتلىك ماتېرىيالنىڭ ھەممىسى قىممىتى بىر دوللارغىمۇ يەتمەيدىغان لازېر نۇر دىسكىسىغا قاچىلانغان.(68)

***

2005-يىلى، خىتايدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردىن ئىككىسى خىتاينىڭ مارافون ئىستراتېگىيىسىدىكى ئىقتىسادىي تەدبىرلىرىنىڭ مەنبەسىگە ئائىت ۋۇچۇرلارنى ئاشكارىلىدى. ئاق ئەپەندى بىلەن يېشىل خانىمغا ئوخشمايدىغان يېرى، (بۇ ئىككى شەخسكە ئالاقىدار بايانلار بۇ كىتابنىڭ ئالدىنقى بابلىرىدا بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇلار ھەققىدىكى بايانلار ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۈچىنچى ساندا مەۋجۇت. -ت) بۇ ئىككىسىنىڭ بايانلىرى بىر-بىرىنىڭكىگە تامامەن ئوخشاش چىققان. خىتاي ئىستراتېگىيىسىنىڭ كۆپ قىسمى شالغۇتلاشقان. ئەركىن بازار ياكى كاپىتالىست ئىستراتېگىيىسىدىلا ئەمەس، دۇنيا بانكىسىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق خىزمەتچىلىرى تەرىپىدىن لاھىيىلەنگەن بىرىكتۈرۈش ۋە ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي تارىخىغا ئائىت بۇرمىلانغان كۆز قاراشلار جەھەتتىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق. بۇ پىلانلىغۇچىلار ئەركىن بازارنىڭ كۆشەندىسى ھېسابلانغان خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، بازارنى ئاساس قىلغان ئىقتىساد سىياسىتىنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئىسلاھاتچىلارنى مەغلۇپ قىلغان. ئۇلار بۇنىڭ قارشىسىدا شالغۇت بازار مەنپەئەتچىلىكى ئىستراتېگىيىسىنى لاھىيەلەپ، ئۆز ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇز يىل يوشۇرغان. خىتاي قاتتىق قوللىرى يەنە بىر قېتىم (مۇتىدىللەرنى) يەڭگەن. بىز يەنە بىر قېتىم كىمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، (ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى) مۇنازىرىگە تەسىر كۆرسىتىشكە ئامالسىز قالدۇق.

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچىلار :

**ھېكمەتيار ئىبراھىم ، ئەنۋەر قاراقۇرۇم**

**(داۋامى كېلەر ساندا ئۇلاپ بېسىلىدۇ. بوشلۇق ئېھتىياجى بىلەن ئىزاھاتلار قىسقارتىلدى. ئىزاھاتلار ئۈچۈن ئەسلى كىتاپنىڭ 275- 292 بەتلىرىگە قارالسۇن)**



# ئىسا ئەلەيھىسسالام سەۋەبلىك مۇسۇلمان بولدۇم

كەترىن ھۇلمەن

## «مۇھەببەت مېنى قارماققا ئىلدى، سەمىمىيەت مېنى ھىدايەتكە باشلىدى.»

مەن ھەممە نەرسە توغرۇلۇق سوئال سوراشتەك كۈچلۈك قىززىقسىنىش تەبىئىتىگە ئىگە ھالدا تۇغۇلغان ئىكەنمەن. ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە قۇدرىتى توغرىسىدا ھېچقاچان سوئال سوراپ باقمىغان ئىدىم.

ئانام بەزى چاغلاردا ماڭا مۇنۇ ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بېرەتتى. بالا ۋاقىتلىرىمدا ئانام ماڭا ھۇجرامنى تازىلىشىمنى ۋە چىشىمنى چوتكىلىشىمنى ئەسكەرتكىنىدە، ئانامغا «مېنىڭ نېمە قىلىش كېرەكلىكىمنى سەن بۇيرۇيالمايسەن، نېمە قىلىش كېرەكلىكىمنى پەقەت تەڭرىلا بۇيرۇيدۇ» دەپ جاۋاب بېرەتتىكەنمەن. بۇ مېنىڭ ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن ۋاقىتلىرىم ئىكەن.

مەن ئىرلاندىيەلىك كاتولىك مۇرتى ئائىلىسىدە چوڭ بولدۇم. ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكىگە بىر كلادانىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق ئىدى. سالوندىن ئانام چالغان ناغرىنىڭ ياكى ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازى ياڭراپ تۇراتتى. مېنىڭ سوئاللىرىم خىرىستىئان تەربىيىسى ئالغان دادام تەرىپىدىن سوئال شەكلىدە قايتىپ كېلەتتى.

ھازىر مېنىڭ چۈشەنچەم مۇنداق: مەن ھېچبىر زامان كاتولىك دىنىنى ئۆز دىنىم سۈپىتىدە تولۇق قوبۇل قىلالمىدىم. مەن تەڭرىنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇلۇغلاپ، مەسىھ ئىساغا چوڭقۇر تەلپۈنۈش بىلەن ئەگەشمەكچى بولدۇم. ئەپسۇسكى، كاتولىك مۇرتى ھالىتىمدە تۇرۇپ بۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىدىم. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، ئون ئۈچ ياش ۋاقتىمدا ئىسلامنىڭ مېنى ھەم تەڭرىنى ئۇلۇغلاش، ھەم ئىساغا ئەگىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بايقىدىم.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ھەم قىزىقسىنىش ئىلكىدە ئىسلامنىڭ كاتولىك دىنى قادىر بولالمايدىغان بىر شەكىلدە مېنىڭ ئېتىقادىمنى قوللايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. مانا بۇ مېنىڭ ئىسلامغا كىرىش ھېكايەمدۇر.

### شۇبھىلىرىم ماڭا يېڭى ئىشەنچلەرنى كۆرسىتىپ قويدى

مەن ئۆزۈم تەقسىملەنگەن كاتولىك دىنى توغرىسىدا كۆپ جەھەتتىن چوڭقۇر ئىزدەندىم.

ئەڭ ئاۋۋال، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تەڭرى دەپ ئېتىقاد قىلىشقا ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمنى قايىل قىلالمىدىم. مېنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى سۆيىدىغانلىقىم بەرھەق. شۇنداقلا، مەن «بىز چوقۇم ئىسا ئەلەيھىسسالامدا بار بولغان بۈيۈك ئىنساني پەزىلەتلەرگە ئىگە بولۇشنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوغلىشىشىمىز كېرەك» دەپ قارايمەن. بىراق، مېنىڭ نەزىرىمدە كائىناتتا پەقەت بىرلا خۇدا بار. شۇنداقلا، بىر ئىنسان ھەرگىز خۇدا بولالمايدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، مەن خىرىستىئان دىنىدىكى «تۇغما گۇناھكارلىق» (original sin) ئەقىدىسىنى پەقەتلا قوبۇل قىلالمىدىم. («تۇغما گۇناھكارلىق» ئەقىدىسى – كىشى دۇنياغا گۇناھكار ھالەتتە كۆز ئاچىدىغانلىقىنى، بۇ گۇناھكارلىقنىڭ يۇيۇنۇش مۇراسىمى ئارقىلىق كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان خىرىستىئان ئېتىقادىدۇر.) مەن بۇ ئېتىقادنى خىرىستىئان دىنىغا مۇرت بولۇشنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى دەپ بىلىمەن. بۇ ئېتىقاد ماڭا روھىيلىقتىن بەكراق، سىياسىۋىيلىققا ئىگە بىلىنىشىدۇ.

يۇقىرىقىدەك گۇمانلار مېنىڭ كاتولىك مۇرتى بولۇشۇمنى ۋاقتىنچە داۋاملاشتۇرۇشۇمغا ئاساس سالدى. بىراق، مەن خۇداغا بولغان مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىمنى، شۇنداقلا ئىساغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىمنى ھەرگىز تەرك ئەتمەيدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. مەن ئۆزۈم ۋاز كەچمەيدىغان ئەقىدەمنى قوغدايدىغان، شۇنداقلا مەن قوبۇل قىلالمىغان ئىشتا ماڭا روشەن چۈشەنچە ئاتا قىلىدىغان بىر جاي ئىزدىگەچ، كاتولىك مۇرتى بولۇشنى داۋاملاشتۇردۇم.

مەن ئىزدىگەن نەرسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ئىزدەۋاتقانلىرىمنىڭ مەلۇم بىر جايدا مەۋجۇت بولۇشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلاتتىم.

## سىپىنت توماس ۋە مالكوم x ھەقىقەتنى ئىزدىشىم ئۈچۈن
## جاسارەت ئاتا قىلدى

مېنىڭ ئۆلگەم ئون نەچچە ياشلىق سىپىنت توماس مور بولۇپ، ئۇ ئۆز ئەقىدىسىدىن يېنىشنىڭ ئورنىغا ئۆلۈمنى تاللىغان ئىدى. ئۇنىڭ خۇداغا بولغان ساداقىتى ماڭا غايەت زور دەرىجىدە ئىلھام ئاتا قىلدى.

مەن يەنە مالكوم x دىنمۇ ئىلھام ئالدىم. ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىرىنچى يىلىدا مالكوم x نىڭ ئۆز كەچمىشىنى ئوقۇش سەۋەبلىك تۇنجى رەت ئىسلام بىلەن تونۇشتۇم. مېنىڭ دىققىتىمنى جەلپ قىلغان نەرسە دىن ئەمەس ئىدى. بۇ مالكوم x نىڭ ئىسلامنى ئۆزىنىڭ توختىماستىن سەۋدالارچە ھەقىقەت ئىزدىشىگە مەلھەم قىلىپ قوللانغان ئۇسسۇل ئىدى.

توماس مورنىڭ خۇداغا بولغان يىمىرىلمەس ساداقىتى باللىق دەۋرىمدىكى ماڭا ئىلھام ئاتا قىلغان بولسا، مالكومنىڭ قەتئىي ئىرادە بىلەن ھەقىقەت ئىزدىشى ئۇنىۋېرسىتېت دەۋرىدىكى ماڭا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىلھام ئاتا قىلدى. يىغىنچاقلىغاندا، ئەگەر ئىزدىنىشنى داۋاملاشتۇرسام، خۇداغىمۇ يېقىنلىشالاش ۋە ئۆزۈم ئىزدەۋاتقان ھەقىقەتكىمۇ ئېرىشەلەش مۇمكىنچىلىكى مەن ئۈچۈن تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى.



## ئىسلامدىكى ئىسانى غەربىي ئافرىقىدا تاپتىم

ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، غەربىي ئافرىقىدىكى بىر خەلقئارالىق تاپاۋەتسىز ئورگاننىڭ پىدائىيلىقىغا قېتىلدىم. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، گىۋىنىيەلىك باشقا بىر پىدائىي بىلەن بىرلىكتە كۆچلۈك ئاپتاپ ئاستىدا ئولتۇرغان ئىدىم. قۇياش نۇرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزۈم تولىمۇ ياقتۇرىدىغان رومىلىمنى بېشىمغا ئورۇۋالدىم.

بۇ پەيتتە، دوستۇم ماڭا:

– ھىجاب بىلەن بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدىكەنسىز، – دېدى.

– سىز مۇسۇلمانمۇ؟ – سورىدىم مەن. ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى. شۇنداقلا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى ۋە ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گەپ مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى. مەن «ئەجەبا ئىسلام دىنى مەن ئىزدىنىۋاتقان ھەقىقەتنىڭ جاۋاب مەنبەسى بولالارمۇ؟» دەپ ئويلىدىم، ئەمما بۇنداق بولۇشىغا جەزم قىلالمىدىم. مەن بۇ جەھەتتىكى مۇمكىنچىلىكنى ئىزدىنىشكە تېخى تەييار بولۇپ بولالمىغان ئىدىم.

مەن مىئامىدىكى ئالدىراش ھاياتىمنى قايتىدىن باشلىدىم. نەچچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ھايات تولىمۇ ئاددىي، شۇنداقلا تولىمۇ قىزىقارلىق. مەن ئۆزۈمنى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە بەختلىك ھېس قىلاتتىم. بىراق، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە ئۆزۈمنى تولىمۇ يالغۇز ھېس قىلاتتىم. كۆپىنچە ھاللاردا، كۆزلىرىم ياش يۇقى ھالەتتە ئۇخلاپ قالاتتىم. قەلبىمدە بىر ئېغىرلىق باش كۆتۈرمەكتە ئىدى. نەتىجىدە، دادامدىن ماڭا يول كۆرسىتىشنى ئىلتىجا قىلدىم. ئۇ سۆزۈمنى قۇلاق سېلىپ تىڭشىغاندىن كېيىن، ماڭا تولىمۇ ئاددىي مەسلىھەت بېرىپ، كىتاب ئوقۇشۇم كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

## كىتاب ئوقۇشنى باشلىغىنىمدىن كېيىن ئىسلام مېنى تاپتى

مەن يالغۇز ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ پەلسەپە، پىسخولوگىيە، شېئىرىيەت ۋە دىن توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئىسلام توغرىسىدىكى كىتابلار مېنى بارغانچە ئۆزىگە مەھلىيا قىلىشقا باشلىدى. ئىسلامغا ئائىت كىتابلارنى قانچە ئوقۇغانسېرى، ئىسلامنىڭ بىر گۈزەل چۈشەنچە بولۇپلا قالماي، ھاياتلىقنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى شۇنچە تونۇپ يېتىشكە باشلىدىم.

مەن ئۆزۈمگە ھاياتنىڭ نېمىگە موھتاج ئىكەنلىكى ئېيتىپ بېرىدىغان بىر ئۇستاز ئىزدەپ يۈرگىنىمدە، ئاخىرى شۇنداق كىشىدىن بىرنى تېپىۋالدىم. ئۇ كەسپىتە پىشقان، ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان يولدىشى ۋە قالتىس ئىككى بالىسى بار ئايال كىشى ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ئىسلامغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاشىق ئىدى. ئۇ مەن ئارزۇلايدىغان تىپتىكى ئايال ئىدى.

بىز ھەر ھەپتىسى ئۇچرىشىپ تۇردۇق. ئۇ ماڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ زاتنىڭ ساھابىلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئىسلام ئەقىدىسى ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقىنى، ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ «تۇغما گۇناھكارلىق» ئەقىدىسىنى رەت قىلىدىغانلىقىنى كۆپ تەكىتلەيتتى. ئۇ ماڭا نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ماڭا بىر تال قۇرئان بەردى. مەن ئۇ بەرگەن قۇرئاننى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن.

كېيىن، ئۇستازىم ماڭا ھەمزە يۇسۇپنىڭ «قەلبنى پاكلاش» نامىدىكى يۈرۈشلۈك CD پلاستىنكىسىنى بەردى. مەن بۇ پلاستىنكىنى ھەر كۈنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭدا سۆزلەنگەنلەرگە زور دەرىجىدە باغلىنىپ قالدىم. شەيخ قۇرئاندىن ئايەتلەرنى ئەرەپچە ئوقۇغاندا، قەلبىم چەكسىز لەرزىگە كەلدى.

قۇرئاندىن تۇنجى سۈرىنى سۆزمۇ سۆز ئوقۇغان چېغىمدا، ھاياجاندىن قەلبىم ئېرىپ كەتتى. قۇرئان ئاڭلاپ ۋە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنىۋاتقىنىمدا بولسا، ئۆزۈمنى بەئەينى ئاللاھ بىلەن بولغان دىئالوگىمنى قويۇۋالاشتۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

ناماز باشلاپ، تۇنجى رامزان روزىسىنى تۇتۇشقا باشلىغىنىمدا، بىر ھەقىقەتكە چەكسىز دەرىجىدە يېقىنلىشىۋاتقاندەك تەسۋىرلىگۈسىز گۈزەل تۇيغۇدا بولدۇم. ئىلگىرى ھېچقاچان بۇنداق بولۇپ باقمىغان ئىدىم. بۇ خىل ھەقىقەتنىڭ مەندە پەيدا بولۇشىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولدۇم. مانا مۇشۇنداق پەيتلەردە ئۆزۈمگە ھەممىدىن بەك چوڭقۇر چۆكەلەۋاتقىنىمنى سەزمەكتە ئىدىم. مۇشۇنداق پەيتلەردە ئاللاھقا ھەممىدىن بەك باغلانغىنىمنى ھېس قىلىۋاتاتتىم. شۇنداق قىلىپ، ئىسلامنى ئۆزۈم تاللىغان ئېتىقاد سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا تەييار بولغىنىمنى بىلدىم.

ئاۋۋال ئاللاھنىڭ چەكسىز رەھمىتى، ئاندىن ئۇستازىمنىڭ قەتئىي پىلانلىشى سايىسىدە، **2016**-يىلى رامزاننىڭ 27-كۈنى شەيخ ھەمزە يۇسۇپنىڭ ھوزۇرىدا ھازىر بولدۇم. بۇ كىشىنىڭ ھەم ئەرەپچە، ھەم ئېنگىلىزچە سۆزلىرى قەلبىمنى ئۆزگەرتكەن ئىدى. شەيخ مېنىڭ شاھادەت كەلىمىسى ئېيتىشىمغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئاشۇ شاھادەت كەلىمىسى ھاياتىمدا مەن ئېيتقان ئەڭ سەمىمىي سۆز ئىدى.

جىددىيلەشكەنلىكىمدىن شاھادەت كەلىمىسى ئېيتىشتا دۇدۇقلاپ كەتتىم. شەيخ مەندىن مېنىڭ خىرىستىئان ئەقىدىسىدە چوڭ بولغان، بولمىغانلىقىمنى سورىدى. مەن شەيخنىڭ سوئالىنى تەستىقلاپ، كاتولىك مەزھىبىدە چوڭ بولغىنىمنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا جاۋابەن مۇنۇ سۆزلەرنى ئېيتىشىمنى تەلەپ قىلدى:«ۋە شاھادەت ئېيتىمەنكى، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر ۋە قۇدرىتىنىڭ ئالامىتىدۇر. مەريەم ئاللاھنىڭ تەقۋادار بەندىسىدۇر.»

بۇ پەيتتە قەلبىم يورۇپ كەتكەندەك بولدى. پەقەت شۇنىلا ئەسلىيەلەيمەنكى، مەن ئۆيگە ئوخشاش (ئۇنىڭ ئېچىدىكى كىشىنى راھەتلەندۈرىدىغان ۋە خاتىرجەم قىلىدىغان) بىر جاي ئىزدىگەنىدىم. ھەمزە يۇسۇپنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىمدا، ئۆزۈم ئىزدەۋاتقان بۇ نەرسىنىڭ ئىسلام ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

## ھەق يولۇم بولغان ئىسلام بىلەن تۇنجى ئۇچراشقىنىمغا ئون يىل بولدى

(ئەينى چاغدا) مېنى نېمە قارماققا ئىلغان بولسا، ھازىرمۇ شۇ نەرسە مېنى قارماققا ئىلماقتا. ئۆتمۈشتىكى مەن بىلەن ھازىرقى مەننىڭ بىردىنبىر پەرقى شۇكى، بۈيۈك مەنبەلەردىن ھەقىقەت ئىزدەۋاتقان ھازىرقى مەندە ئۆتمۈشۈمگە ھۆرمەت كۆرسىتىدىغان بىر ھالەت بار.

كاتولىك ئېرلاندىيە قان سېستىمىسىدىن كېلىپ چىققان مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆزۈمنىڭ قەيەرگە ماس كېلىدىغىنىمنى جەزم قىلالمايمەن. بىراق، سۈبھىدىن ئاۋۋالقى تاڭ قاراڭغۇسىدا مىئامىي دېڭىز قولتۇقىغا ئالدىمنى قىلىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقىنىمدا، ئۆزۈمنىڭ ئۆيۈمدە ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىمەن. مانا بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان نەرسىدۇر.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

https://aboutislam.net/reading-islam/my-journey-to-islam/i-became-muslim-because-of-jesus/




# ئەنگلىيە ئۇيغۇرلىرى

ئەنگلىيە (بىرلەشمە پادىشاھلىق - **The United Kingdom**) ئىنگىلاند، ۋېلىس، شوتلاندىيە ۋە شىمالىي ئىرلاندىيەنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن. ئەنگلىيە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئايرىلىپ تۇرغان ئارال دۆلىتى بولۇپ، دېڭىز ئاستى تونېلى ئارقىلىق فرانسىيەنىڭ كالائىس شەھىرىنىڭ ۋاستىسىدە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. بۇ تونېلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى **21** كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ يەر ئاستى تونېل ھېسابلىنىدۇ. ئەنگلىيەنىڭ نوپۇسى **66.87** مىليون (**2019**-يىلىدىكى ستاتىستىكا)، يەر كۆلىمى **242،514** كۋادرات كىلومېتىر. **2010**-يىلىدىن ئېتىبارەن ئەنگلىيە نوپۇسىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى ئىزچىل رەۋىشتە تۆۋەنلەپ ماڭماقتا. ئەنگلىيە نوپۇس جەھەتتە دۇنيادا **21**- ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەنگلىيەنىڭ پايتەختى لوندون، پۇل بىرلىكى پوند ستېرلىڭ (**Pound sterling -£**). ئەنگلىيە دۇنيادىكى بەشىنچى چوڭ ئېكسپورت دۆلىتى بولۇپ، ئىقتىسادىي كۈچى دۇنيادا ئالتىنچى قاتاردا تۇرىدۇ.

ئەنگلىيەدە دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەن دىن مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزىنىڭ خىرىستىئان دىنىدا ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلىدۇ. دۆلەت نوپۇسىنىڭ **27** پىرسەنتى دىنسىز. ئەنگلىيەدە خىرىستىئانلارنىڭ نوپۇسى دۆلەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ **59.5** پىرسەنتىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى دۆلەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ **4.4** پىرسەنتىنى، ھىندى دىنى مۇرتلىرى دۆلەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ **1.3** پىرسەنتىنى، بۇددىستلار بولسا دۆلەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ **0.4** پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئىسلام دىنى ئەنگلىيەدە ئىككىنچى چوڭ دىن ھېسابلىنىدۇ.

ئەنگلىيەنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن لوندون، بىرمىڭھام، لىۋېرپۇل، نوتىڭھام، مانچېستىر قاتارلىقلار بار. لوندون شەھىرىنىڭ نوپۇسى سەككىز مىليونغا يېقىن بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ ئىككىنچى چوڭ شەھىرى بېرمىڭھامنىڭ نوپۇسى بىر مىليونغا يېقىنلىشىدۇ. لوندوندىن باشقا ھېچبىر شەھىرىنىڭ نوپۇسى بىر مىليوندىن ئاشمايدۇ. لوندون دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئىستېمال سەۋىيىسى يۇقىرى ئالدىنقى قاتاردىكى دۇنياۋىي شەھەرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە لوندون يەنە دۇنيادىكى مۇھىم پۇل-مۇئامىلە مەركەزلىرىدىن بىرىدۇر.

ئەنگلىيەدىكى ئەڭ كونا گېزىت « Corante» گېزىتى بولۇپ، بۇ گېزىت 1621-يىلى بېسىپ تارقىتىلىشقا باشلىغان. ئەنگلىيەدە يۈزدىن ئارتۇق ئۇنىۋېرسىتېت بار. ئوكسفورد ۋە كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتلىرى دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇنىۋېرسىتېت ھېسابلىنىدۇ. بېرتانىيە كۇتۇپخانىسى دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ كۇتۇپخانا ھېسابلىنىدۇ.

«ھاررى پوتېر» ناملىق يۈرۈشلۈك ئەپسانىۋي كىتابنىڭ ئاپتورى ئەنگلىيە يازغۇچىسى ج.ك.روۋلىڭ (J.K. Rowling) يېزىقچىلىق ئارقىلىق مىلياردېرغا ئايلانغان شەخىستۇر. ئۇنىڭ ھاررى پوتېر نامىلىق ئەسىرى دۇنيادا 400 مىليوندىن كۆپ سېتىلغان بولۇپ، دۇنيادىكى 55 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. 2014-يىلى ئۇنىڭ ئومۇمىي مال-مۈلكى بىر مىليارد دوللار بولغان. ئەنگلىيىدە دۆلەت بايرىمى كۈنى مەۋجۇت ئەمەس. بەزى ھاللاردا ئايال پادىشاھنىڭ تۇغۇلغان كۈنى دۆلەت بايرىمى كۈنى سۈپىتىدە تەبرىكلىنىدۇ. ئەنگلىيەدە 18 ياشتىن تۆۋەن ئۆسمۈرلەرگە ھاراق سېتىش قانۇنغا خىلاپ. بىراق، بۇ ياشتىن تۆۋەن باللارنىڭ ئائىلىسىدە ھاراق ئىچىشىگە يول قويۇلىدۇ. ئەنگلىيە خەلقىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى سەكسەن ياش.

## ئەنگلىيە ئۇيغۇرلىرى

ئەنگلىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىغا، شۇنداقلا ئامېرىكادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىغا قارىغاندا ئاز. ئۇيغۇرلار ئەنگلىيەگە 2000-يىللىرىدىن باشلاپ كۆپلەپ كېلىشكە باشلىغان. ئەنگلىيەگە كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلىرى ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچى سۈپىتىدە كېلىشكە باشلىغان.

نۆۋەتتە ئەنگلىيەدە 2000 دىن كۆپرەك ئۇيغۇر ياشايدۇ. ئەنگلىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى لوندوندا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلار مانچېستىر، دۇرھام قاتارلىق شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان. لوندوندىكى ئۇيغۇرلار تۈركلەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان ھارىنگېي رايونى بىلەن شەرقىي لوندون رايونىنى ئاساس قىلىپ ئولتۇراقلاشقان.

ئەنگلىيەگە ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەن بەزى ئۇيغۇرلار ئەنگلىيەدە ياخشى خىزمەتلەرگە ئېرىشكەن، بەزى ئۇيغۇرلار بولسا كىچىك تىجارەتلەر بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايدۇ. بىراق، كۆپىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش بېسىمى ئېغىر. 1990-يىللاردا ئەنگلىيەگە كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى رەسمىيىتى چىققۇچە يىللاپ ساقلىغان. يېقىنقى يىللاردا، بولۇپمۇ 2009-يىلىدىكى ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 2015-يىللاردا باشلانغان ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتۇش سىياستى سەۋەبلىك، ئەنگلىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېزدىن كۆپىيىشكە باشلىغان ۋە ئەنگلىيە تۇپرىقىدا دۇنياغا كۆز ئاچقان ئۇيغۇر باللىرىنىڭ نىسبىتىمۇ ماس ھالدا ئېشىشقا باشلىغان.

ئەنگلىيەدە ياشاۋاتقان ئەزىز ئىسا ئەلكۈن قاتارلىق قەلەمكەشلەر ئۇيغۇرلارنى ئەنگلىيەدە تونۇشتۇرۇش، ئۇيغۇرنىڭ بېشىدىكى كۈلپەتلەرنى ئەنگلىيە خەلقىگە ۋە دۇنياغا ئاڭلىتىش يولىدا يىللاردىن بېرى تىرىشىپ ھەرىكەت قىلماقتا. 2005-يىلى قۇرۇلغان لوندون ئانسامبىلى ئەنگلىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنداش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ كەلمەكتە.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



# ئۆزسۆيەرلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى

جوۋ ناۋارو

بىز دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان « ئۆزسۆيەرلىك» ياكى «ئۆز مەپتۇنلۇق» ( Narcissism ) ئىبارىسى زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئەجەبا، بۇ نوقۇل «ھەممىنىڭ دىققىنى تارتىشقا ھېرىسمەن» ياكى «ئۆزىنىڭ تەقى – تۇرقىدىن مەمنۇن بولۇپ كەتكەن» كىشىلەرنى كۆرستەمدۇ؟ ياكى بۇنىڭدىنمۇ كەڭ مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟ روھىي كېسەللىكلەر ئىلمىدە «ئۆز مەپتۇنلۇق»قا «ئىمتىياز ئېڭى ياكى ھەددىدىن تاشقىرى مەپتۇنلۇق تەلىپى دېگەندەك مۇئەييەن خۇلقلارغا ئىگە بولۇش» دەپ ئېنىقلىما بېرىلىدۇ. لېكىن كۈندىلىك تۇرمۇشتا ھەقىقىي ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلار زادى قانداق بولىدۇ؟

ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلار بىلەن بىللە ياشاپ باققان ياكى خىزمەت قىلىپ باققان ھەرقانداق كىشى ئۇلارغا «ئۆزىنى باشقىلاردىن تامامەن پەرقلىق، يەنى ئەۋزەل دەپ قارايدۇ، باشقىلارنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدۇ» دەپ باھا بېرىدۇ.

ئىككى ياشلىق بىر بالا ھەرۋاقىت باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا ئۇرۇنسا، بىز بۇنى توغرا چۈشىنىمىز. چۈنكى، بۇ بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى نورمال ھادىسە. ئەمما، قىرىق ياشلىق بىرى ھەرۋاقىت ئېتىراپقا، ماختاشقا ئېرىشىشكە ئۇرۇنسا، شۇنداقلا بۇ جەرياندا بىزگە ئازار بەرسە، بۇنى توغرا چۈشەنمەيمىز.

ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلار ئەتراپىدىكىلەرگە نوقۇل ھالدا ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكى ۋە شۇ ھالەتتىن ئۆزگىرىشنى خالىمايدىغانلىقى سەۋەبلىك ئازار بېرىدۇ. بۇ گەپ ئاڭلىماققا سەل ئاشۇرۇۋېتىلگەندەك قىلىسمۇ، لېكىن سىز ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلاردىن ئازار يېگەن كىشىلەرنىڭ كەچمىشلىرىگە قۇلاق سالسىڭىز، بۇ يەكۈننىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلىسىز ۋە بۇنداق (ئۆزىگە مەپتۇن) كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ قانچىلىك زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇ چاغدا تونۇپ يېتەلەيسىز.

ئەگەر سىز ئۆزىگە مەپتۇن بىر خوجايىننىڭ قولىدا ئىشلەپ قالسىڭىز، ئۇ سىزنى جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتىن بىتاپ قىلىپ قويالايدۇ. ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچى بىلەن بىللە ياشاشنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ ئېغىر. مەن «خەتەرلىك ئىنسانلار» دېگەن كىتابىمنى يېزىش جەريانىدا، ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلاردىن زەخمە يېگەن نۇرغۇن ئادەم بىلەن پاراڭلاشتىم. مەن بەختسىز بالىلىق، ھالاكەتلىك نىكاھ ۋە ئادەمنى ھاردۇرۇۋېتىدىغان مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى تالاي ھېكايىلەردىن شۇنداق بىر يەكۈنگە ئېرىشتىم، «ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلار ئۆزىنى شۇنچىلىك ئالاھىدە ھېسابلايدىكەنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزىدىن باشقىلار ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەن».

مەن ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلارنىڭ كەچمىشلىرىدىن ھېچبىر تىببىي كىتابتىن تاپقىلى بولمايدىغان بەزى ساۋاقلارغا ئېرىشتىم، مەنچە بۇنى ئورتاقلىشىش ھەممىمىزگە پايدىلىق.

## ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلار ئۆزىگە قانداق قارايدۇ؟

1. مەن ئۆزۈمنى ياخشى كۆرىمەن، شۇنداقلا سىنىڭمۇ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى (ھۆرمەتلەيدىغانلىقىڭنى، چوڭ بىلىدىغانلىقىڭنى) بىلىمەن.

ئەمەلىيەتتە، ھەممەيلەن شۇنداق (يەنى جىمى ئىنسان مېنى ياخشى كۆرىدۇ، چوڭ بىلىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ). مەن دۇنيادا بۇنداق ئەمەس بىرەرسى بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.

2. مەن ئەپۇ سوراپ يۈرمىسەممۇ بولىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، مەن نېمە قىلىشىم ياكى نېمە دېيىشىمدىن قەتئىينەزەر، سەن چوقۇم مېنى توغرا چۈشىنىشىڭ، ماڭا كەڭ قورساق بولۇشۇڭ كېرەك.

3. بۇ دۇنيادا مېنىڭ تەڭدىشىم كەم تېپىلىدۇ.
شۇنداقلا تا ھازىرغىچە مەن بۇنداق بىرەرسىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. مەن ئەڭ ياخشى (باشقۇرغۇچى، تىجارەتچى، لايىق، ئوقۇغۇچى ۋەھاكازا).
4. كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنى تەلەپكە لايىق ئەمەس.
مېنىڭ يېتەكلىشىم بولمىسا، باشقىلار نېمە قىلارنى بىلمەي قالىدۇ.
5. مەن دۇنيادا تۇزۇم ۋە مەجبۇرىيەت دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ بولغىنىدىن تولىمۇ خۇرسەن. ئەمما بۇلار ئاساسەن باشقىلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى مېنىڭ بۇ (قائىدە – تۇزۇم) لارغا رىئايە قىلىپ يۈرۈشكە ۋاقتىم ھەم رەغبىتىم يوق.
يەنە كېلىپ، قائىدە – تۇزۇم دېگەن ئاددىي ئادەملەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن بولىدۇ، مەن بۇنداق «ئاددىي»لىقتىن كۆپ ئۈستۈنمەن.
6. مەن سېنىڭ مەن سەن ئۈچۈن قىلىۋاتقان ۋە قىلىپ بولغان پۈتۈن ئىشلاردىن مىننەتدار بولۇشۇڭنى تەلەپ قىلىمەن. چۈنكى، مەن ھەقىقەتەن ئاجايىپ قالتىس ۋە نۇقسانسىز.
7. مەن بىزنىڭ تەڭ سەۋىيەدە بولۇشىمىزنى ئارزۇ قىلىمەن، لېكىن بىز تەڭ سەۋىيەدە ئەمەس، ھەم مەڭگۈ ئۇنداق بولالمايمىز.
مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ ئۆيدىكى ئەڭ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىمنى، شۇنداقلا مەكتەپتە، كەسىپتە ۋە ئاتا – ئانا بولۇش جەھەتتە نەقەدەر قالتىس ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى تەكرار سەمىڭگە سالىمەن. سەن چوقۇم بۇلاردىن خۇرسەن بولۇشۇڭ كېرەك.
8. مەن ھاكاۋۇر، پوچى كۆرۈنۈشۈم مۇمكىن، ئەمما بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. مەن پەقەت ھەرقايسىڭدەك (ئاددىي، لەۋۋا) كۆرۈنۈپ قالمىسامىلا بولدى.
9. مەن نېمە قىلغان بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ماڭا سادىق بولۇشۇڭ كېرەك.
لېكىن، ھەرقانداق ۋاقىتتا مەندىن ساداقەت كۈتمە.
10. مەن سېنى تەنقىدلەيمەن، شۇنداقلا سېنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. لېكىن، سەن مېنى تەنقىدلەپلا قالساڭ ــ بولۇپمۇ ئاممىۋى سورۇنلاردا ــ تولۇپ – تاشقان نەپرەت بىلەن ساڭا ئېتىلىمەن.
بۇنىڭدىن سىرت، بۇ قىلغىنىڭنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمەن ھەم كەچۈرمەيمەن، شۇنداقلا ئاللىقانداق شەكىلدە ئۆچۈمنى ئالماي قويمايمەن.
11. سەن چوقۇم مەن روياپقا چىقارغان ئىشلارغا ۋە مەن دېمەكچى بولغان گەپلەرگە قىزىقىسەن.
لېكىن، دەل شۇنىڭ ئەكسىچە، مەن سېنىڭ نېمىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىڭغا ياكى باشقا ھەرقانداق ئىشىڭغا قىزىقمايمەن. شۇڭا ساڭا قىزىقىشىمنى كۈتمە، سەن بىلەن پەرۋايىم پەلەك.
12. مەن باشقىلارنى تىزگىنلەشكە ھېرىس ئەمەس. مەن پەقەت ئىشلار دېگىنىم بويىچە بولىسىكەن دەپلا ئويلايمەن، بۇنىڭ باشقىلارغا قانچىلىك قولايسىزلىق تۇغدۇرۇشى ياكى ئۇلارغا قانداقراق تەسىر بېرىشى بىلەن چاتىقىم يوق.
باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئويلىشىپ ئولتۇرمايمەن، ھېسسىيات – پېسسىيات دېگەنلەر پەقەت ئاجىزلاردىلا بولىدۇ.
13. مەن ھەرۋاقىت، قىلغان زەررىچىلىك ئىشىم ئۈچۈنمۇ مىننەتدارلىق تەلەپ قىلىمەن.
ساڭا كەلسەك، سەن پەقەت دېگىنىمدەك قىلساڭلا بولدى.
14. مەن پەقەت ئەڭ سەرخىل كىشىلەر بىلەنلا باردى – كەلدى قىلىمەن. شۇنىسى ئېنىقكى، دوستلىرىڭنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بۇنىڭغا شەرتى توشمايدۇ.
15. ئەگەر سەن دېگەنلىرىمنى بەجا كەلتۈرسەڭ، ئىشلار تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

سىزنىڭمۇ تەسەۋۋۇر قىلالىغىنىڭىزدەك، يۇقىرىقىغا ئوخشاش تەپەككۇر قىلىدىغان ياكى ئىش بېجىرىدىغان بىرى بىلەن بىللە ياشاش ياكى خىزمەت قىلىش بەسىي مۈشكۈل. بۇ خىل كىشىلەر بىلەن بىللە ياشاپ، خىزمەت قىلىپ باققانلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بىزگە شۇلارنى ئۆگىتىدۇ (ئەگەر سىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنى ئېسىڭىزدە تۇتالمىغان بولسىڭىز، تۆۋەندىكىلەرنى چوقۇم يادىڭىزدا چىڭ تۇتۇڭ):

ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلار ئۆزىنى چوڭ كۆرۈپ، باشقىلارنى تۆۋەن كۆرىدۇ. بۇنداق كىشىلەر سىزگە ھەرگىز باراۋەر مۇئامىلە قىلمايدۇ، سىزنى ھەرگىز ھۆرمەتلىمەيدۇ. شۇنداقلا، ئۇلار دائىم سىزنى چۆكۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرمەكچى بولىدۇ.

## ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلارغا قارىتا سەبىرچان بولۇش

ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلارنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىشتىن سىرت، ئۇلار بىلەن باردى – كەلدى قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىشمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. بالىلىرىمىزنىڭ، يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزنىڭ، ياشانغانلارنىڭ بۇ جەھەتتە (يەنى ئۆزىگە مەپتۇن بولۇپ قېلىشتا) باشقا تاللىشى بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋالدا، دوستلار، تۇغقانلار، ئوقۇتقۇچىلار، تەربىيەچىلەر، شېرىكلەر ۋە خىزمەتداشلار ئۇلارنى قولىدىن كېلىشىچە قوللىشى (يەنى ئۇلارنى تاشلىۋەتمەي، توغرا شەكىلدە يېتەكلىشى) لازىم.

ئەمما، (ئۇنداق قىلىش زۆرۈرىيىتى يوق تۇرۇقلۇق) ئىقتىساد، شارائىت قاتارلىق ئامىللار ياكى باشقا مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر تۈپەيلى، (ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلار بىلەن بولغان) بۇ خىل مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرماقچى بولغانلارغا دەيدىغىنىم شۇكى: ئاگاھ بولۇڭلار، بۇ تاللىشىڭلار ئۈچۈن چوقۇم بەدەل تۆلەيسىلەر! مەن بۇ گەپنى تەجرىبەمگە ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىمگە ئاساسەن دەۋاتىمەن. «ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلار» بىلەن بىللە ياشاشنى ياكى ئىشلەشنى تاللىغانلار چوقۇم تۆۋەندىكىدەك ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولۇشقا تەييارلىنىپ قويۇشى كېرەك:

1. ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭ تەڭدىشى (دوستى، ھەمراھى) ئەمەسلىكىڭىزنى ئېتىراپ قىلىڭ، چۈنكى ئۆزىمەپتۇنلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنىڭ تەڭدىشى يوق.

2. سىز ھېس قىلىۋاتقان تەشۋىش، غەم، ئىشەنچسىزلىك، ماسلىشالماسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى رېئال تۇيغۇلاردۇر، شۇنداقلا (سىز ئۆزىگە مەپتۇن شۇ كىشى بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان مۇددەتتە) بۇلار ئىزچىل داۋاملىشىدۇ.

3. ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلار ئۆزىنى چوڭ كۆرىدىغان بولغاچقا، تەبىئىيلا سىزنى تۆۋەن كۆرىدۇ.
شۇڭا تەكرار – تەكرار كۆزگە ئىلىنماسلىققا تەييارلىنىپ قويۇڭ.

4. سىز ئۆزىڭىز ھېچقاچان تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان مۇئامىلىلەرگە ئۇچرايسىز، يامان سۆزلەرنى ئاڭلايسىز ۋە سىزدىن مۇشۇلارغا چىداش تەلەپ قىلىنىدۇ.

5. سىزگە قانچىلىك قولايسىزلىق تۇغدۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجى، تەلىپى ۋە ئىستىكى ھەرقاچان بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

6. ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىنىڭ گويا ئاراڭلاردا ھېچبىر ياخشى مۇناسىۋەت بولۇپ باقمىغاندەك، سىزنى تۇيۇقسىزلا سىلكىشلىشىگە تەييارلىنىپ قويۇڭ.
تۇيۇقسىزلا زەربىگە ئۇچرىغىنىڭىزدا «بۇ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟» دەپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن بۇنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

7. ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلار چىرايلىق مۇئامىلە قىلغاندا ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالايدۇ؛ لېكىن، سىز بۇنىڭدىن يەنىلا ئەمىن بولالمىغان بولىسىڭىز، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ خىل چىرايلىق مۇئامىلە چىن ئەمەس، بەلكى «رول ئېلىش»نىڭ مەھسۇلىدۇر.
«ياخشى مۇئامىلە» ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ساقلاش، ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرگە ئېرىشىش يولىدىكى قورالى بولۇپ، بۇ خۇددى تامغا مىخ قېقىش ئۈچۈن بولقىغا موھتاج بولغاندەكلا بىر ئىش.

8. سىز ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلارنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولىدىغان بولۇپ قالسىز، چۈنكى بۇنداق مۇئامىلە ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

لېكىن، ئۇلارنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىمۇ پەقەت يۈزەكى ھادىسە بولۇپ، ئالدىنىپ ئىشلەرنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ.

9. ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلارنىڭ ئادەتتىكى ئاچچىق بىلەن ئەمەس، بەلكى تولۇپ – تاشقان غەزەپ – نەپرەت بىلەن تۇيۇقسىزلا دېۋەيلەپ كېلىشىگە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇڭ.

(ئۇ چاغدا چوقۇم) ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندەك ۋە غۇرۇرىڭىز دەپسەندە قىلىنغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالىسىز.

10. ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلاردىكى ئەدەب - ئەخلاق، سىلىق – سىپايىلىك دېگەنلەر پەقەت قۇرۇق سۆزدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار بۇنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا تولىمۇ ماھىر.

11. ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلار ھەقىقەتنى قايرىپ قويۇپ يالغان سۆزلەۋېرىدۇ، چۈنكى يالغانچىلىق ئۇلارنىڭ باشقىلارنى تېزگىنلەشتىكى ئۈنۈملۈك قوراللىرىدىن بىرى.

ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ بىرەر يالغانچىلىقىنى يۈزىگە سالسىڭىز، ئۇلار دەرھال سىزنى كاززاب دەپ ئەيىبلەيدۇ ياكى سىزگە خاتالاشقانلىقىڭىزنى، ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (ئەنە شۇ چاغدا) قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۇچراشقا تەييارلىنىپ قويۇڭ.

12. ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەتتا ئەڭ نامۇۋاپىق پەيتلەردىمۇ ئۆزى ھەققىدىلا گەپ قىلىدىغانلىقىنى بايقىغان بولسىڭىز، بۇ ھەرگىز سىزنىڭ خاتا تۇيغۇڭىز ئەمەس (يەنى رېئاللىق دەل شۇنداق).

ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلار پەقەت ئۆزى ئەڭ چوڭ بىلىدىغان نەرسە، يەنى ئۆزى ھەققىدىلا گەپ قىلالايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتى.

13. ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلار سىز پەقەتلا ئىشەنچ قىلالمايدىغان كىشىلەر بىلەن باردى – كەلدى قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزمەپتۇنلۇقنى قالتىس ئىش دەپ قارايدىغان (ھوقۇقپەرەس، ئەخلاقسىز، ھايانكەش، پۇرسەتپەرەس، شەخسىيەتچى) بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ.

14. ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلارنىڭ بىرەر خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشىدىن ياكى ئەپۇ سورىشىدىن ئۈمىد كۈتمەڭ.

ئۇلاردا ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش، ئۆزىدىن خاتالىق ئىزدەش دېگەندەك ئىشلار مەۋجۇت ئەمەس. لېكىن، ئۇلار باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى بايقاشقا تولىمۇ ماھىر.

15. ئۇلار سىزنىڭ ئۆزىنى كەچۈرۈۋېتىشىڭىزنى ۋە خاتالىقلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭىزنى، ھەممىدىن مۇھىمى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە قارشى چىقماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە «مۇكەممەل» كۆرۈنۈشكە تىرىشىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ. ئۇلارنى تەڭقىسلىقتا قويماڭ، ئۇلارغا قارشى چىقماڭ، بولمىسا بەدەل تۆلەپ قالىسىز.

16. ئۇيقۇسىزلىقتا، ئەنسىزلىكتە، تىت – تىت بولۇشتا، غەم – قايغۇلىرىڭىزنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشىگە، ھەتتا جىسمانىي ۋە روھىي كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولۇشقا تەييارلىنىپ قويۇڭ.

(بۇ خىل كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدىكى) بۇ تەشۋىشلەر سىزنى «ئۇلاردىن يىراق تۇر!» دەپ ئەسكەرتىۋاتقان، يوشۇرۇن ئېڭىڭىزدىكى سادادۇر.

17. ئۇلار سىزگە ھەقىقىي قىزىقمايدۇ ۋە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلار باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي يۈكنى ئۆز زىممىسىدىن ئېلىۋەتكەن بولۇپ، سىزنى بىئارامچىلىق، ئازاب ئىلكىدە تاشلاپ قويۇۋېرىدۇ.

18. ئۇلار سىزگە ئالاقىدار زەررىچىلىك ئىشنىمۇ بىلىشكە قىزىقمايدۇ.

ۋە شۇ شەكىلدە سىزنى تۆۋەن كۆرۈپ، ئېتىبارسىزلىق تۇيغۇسىغا مەھكۇم قىلىدۇ.

19. سىز ئۇلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ بىرىدە يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولىسىز.

يا ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىسىز؛ يا روھسىز ئادەمدەك ياشاپ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىلىرىگە كۆنىسىز.

20. ئۇلار سىزنىڭ ھەرۋاقىت، ھەتتا سىز رىغبەتلەندۈرۈلۈشكە موھتاج بولغان ۋاقىتتىمۇ، ئۆزىگە ئالقىش ياغدۇرۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

**يۇقىرىقىلار ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە قانداق قارايدىغانلىقى، ئىش – ھەرىكەت قىلىش ئۇسۇلى ۋە باشقىلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدىكى پەردازلانمىغان رېئاللىقلاردۇر. مېنىڭچە ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلارغا بۇنىڭدىن ياخشىراق باھا بەرگۈم بار ئىدى، ئەمما مۇشۇ تىپتىكى كىشىلەردىن قۇتۇلغانلارنىڭ بايانلىرى بۇلارنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئەسكى، بۇنىڭدىنمۇ زىيانلىق ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى دەلىللىمەكتە. ستۇئارت يۇدوفسكى (Stuart C. Yudofsky) ئۆزىنىڭ «ئەجەللىك نۇقسانلار» دېگەن كىتابىدا ئېيتقاندەك ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچىلارنىڭ «خاراكتېرىدە ئىنتايىن ئېغىر نۇقسان بار».**

**سىز بەلكىم «ئۇنداقتا قانداق قىلىشىم كېرەك؟» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. تەجرىبىلىرىمگە كۆرە، بىراۋنىڭ «ئۆزىگە مەپتۇن بولغۇچى» ئىكەنلىكىنى بايقىغان ھامان ئۇلاردىن يىراقلىشىش ئۇلارنىڭ زىيىنىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر. سىز بۇ خىل ئىنسانلاردىن قۇتۇلۇپ، روھىي جاراھەتلىرىڭىز ساقايغاندا، تۇرمۇشىڭىزنىڭ كۆپ ياخشىلىنىپ كەتكەنلىكىنى، قەدىر – قىممەت تۇيغۇڭىزنىڭمۇ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى بايقايسىز. بۇلاردىن يىراقلىشىش بەزىدە قىيىنغا توختىسىمۇ، لېكىن بۇ كۆپىنچە ھاللاردا زەربىدىن قۇتۇلۇشىڭىزنىڭ ۋە بەختىڭىزنى قايتىدىن قولغا كەلتۈرۈشىڭىزنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر.**

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمىسى

https://www.psychologytoday.com/us/blog/spycatcher/201709/inside-the-mind-narcissist



# مىللىي ئارمىيەنىڭ
# ئۈچ فرونت بويىچە مۇستەقىللىق ئۇرۇشى

غالىب

## ئۈچ فرونت بويىچە مۇستەقىللىق ئۇرۇشى پىلانى

1945- يىلى ئىيۇننىڭ باشلىرى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى باش قوماندان گېنېرال لېيتېنانت پالىنوۋنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ۋەزىيەتتىكى يېڭى ئۆزگۇرۇش – شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىچى جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇمدىن مۇداپىئەلىنىشكە ئۆتۈشى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇداپىئەلىنىشتىن ئىستىراتېگىيىلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە ئاساسەن يېڭى ھۇجۇم قىلىش پىلانى تۈزۈشكە كىرىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىشنى نىشان قىلغان ئىستراتېگىيىلىك ئاساسىي ئۇرۇش پىلانى – ئۈچ فرونت – ئوتتۇرا، شىمال ۋە جەنۇب يۆلىنىشلىرى بويىچە ھەربىي ھەرىكەت قىلىشتىن ئىبارەت پىلاننى تۈزۈپ چىقىلدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاساسىي قوراللىق كۈچلىرى بۇ ئۈچ فرونتقا تەقسىم قىلىنىدۇ. ھەمدە ھەر قايسى فرونتلارنىڭ كونكرېت جەڭ قىلىش يۆلىنىشلىرىنى بەلگىنىلىدۇ.


ئوتتۇرا فرونتتا جەڭ قىلىدىغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى جىڭ ۋە شىخۇنى ئازاد قىلىش ۋە ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلىش؛ شىمالىي فرونتتا جەڭ قىلىدىغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى شىخۇ ئارقىلىق تارباغاتاي ۋە ئالتاينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بۇ ئىككى ۋىلايەتنىڭ شىخو بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازات قىلىش؛ جەنۇبىي فرونتتا جەڭ قىلدىغان مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاتلىق پارتىزانلار قىسىمىنىڭ ۋەزىپىسى ئوتتۇرا فرونتتىكى ئۇرۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىيغا يۈرۈش قىلىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىرگە تاشقورغان ئىنقىلابى ئارمىيىسىگە ياردەم بېرىپ، مۇستەملىكىچى جۇڭخۇا مىنگو دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوراللىق كۈچى – جەڭگىۋار مىللىي ئارمىيىنىڭ قەھرىمان ۋە جەسۇر ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى باش قوماندان پالىنوۋنىڭ قوماندانلىقىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ نەچچە يۈزلىگەن ئوفىتسېر- جەڭچىلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن شۇ يىلى ئىيۇل ئېيىدىن باشلاپ ئۈچ فروت بويىچە مۇستەقىللىق جېڭىگە ئاتلىنىدۇ .

## شىمالىي فرونت

شىمالىي فرونتتا جەڭ قىلغۇچى مىللىي ئارمىيىنىڭ فادي ئىۋانوۋىچ لېسكىن كوماندىرلىقىدىكى كەڭساي ئۈچىنچى ئاتلىق پولكى، ئېردەنى مېڭىيوۋ كوماندىرلىقىدىكى موڭغۇل ئاتلىق مۇستەقىل دىۋىزيونى ۋە بىۋاستە قاراشلىق مۇھاپىزەتچىلار باتالىيونىدىن تەشكىل تاپقان قىسمى پالىنوۋنىڭ قوماندانلىقىدا 1945- يىلى ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىسى غۇلجا، سەنتەي ۋە بورىتالا قاتارلىق جايلاردىن چۆچەككە قاراپ ئاتلىنىدۇ. 24- ئىيۇلدىن 29- ئىيۇلغىچە لېسكىننىڭ كەڭساي ئۈچىنچى ئاتلىق پولكى ۋە توختى ھەلىموۋ باشچىلىقىدىكى ئېبنۇر كۆلى-مايلى پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن بىرگە جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيە قوشۇنلىرى بىلەن كەسكىن جەڭلەرنى قىلىپ، موفاڭ (ھازىرقى تولى ناھىيە بازىرى)، دۆربىلجىن قاتارلىق جايلاردىكى جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى يوقىتىپ، بۇ يەرلەرنى تولۇق ئازات قىلىدۇ، ھەمدە نۇرغۇن قورال-ياراق، 67 ئاپتوموبىل ۋە باشقا ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى غەنىمەت ئالىدۇ. 29-ئىيۇل كۈنى مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاۋانگارت قىسمى چۆچەكىنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ كېلىپ، جۇڭخۇا مىنگونىڭ چۆچەكتىكى مەمۇرىي- ھەربىي دائىرىلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشىغا دەۋەت قىلىدۇ.

30-ئىيۇل پالنوۋ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئىككى پولك ئەسكىرىنى باشلاپ، چۆچەكنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ كېلىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاۋانگارت قىسمى بىلەن قوشۇلۇپ، شەھەرنى قورشاپ ئېلىپ ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىدۇ. لېكىن يەرلىك جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمەت مەمۇرىي- ھەربىي دائىرلىرى تەسلىم بولۇش مەسىلىسىدە پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تارغاباتاينىڭ ۋالىيسى پېڭ روڭ جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك مەمۇرىي- ھەربىي ئەمەلدارلىرى، ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر ۋە خىتاي ئاممىسىدىن بولۇپ جەمئىي 1400 ئارتۇق كىشىنى باشلاپ قورالسىز ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىدۇ.




مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ ئۈچ فرونت بويىچە ھەربىي يۈرۈش قىلىش پىلانى خەرىتىسى

مىللىي ئارمىيەنىڭ چۆچەكنى ئازاد قىلىشى بىلەنلا 4- ئاۋغۇست شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە ۋە ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقلىق مەسلىھەتچىسى مۇقاسىن، ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار چۆچەككە يېتىپ كېلىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتىنىڭ سەييارە يىغىنىنى چاقىرىپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ جاكارلايدۇ. ھەمدە ھاكىمىيەت ئاپپاراتى – تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ھەر ساھەدىكى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ پىكىرلىرى ئاساسىدا، باسباي چولاق ئوغلى باپىننى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا، قاسماخۇن ئىسمايىلوۋ ۋە مەنسۇر روزىيوۋلارنى (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىسى) مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا، ئابلىمىت ھاجىيوفنى باش كاتىپلىققا تەيىنلەيدۇ. شۇنداقلا، ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى ئىدارە ۋە باشقارما باشلىقلىرىنى ۋەزىپىگە قويىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپلا تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ چۆچەك، چاغانتوقاي، دۆربىلجىن ۋە قۇبۇقسار ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنى تەسىس قىلىدۇ.

دۆربىلجىن ۋە چۆچەك مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن كەينى- كەينىدىن ئازاد قىلىغانلىقتىن، جۇڭخۇا مىنگو دۆلىتىنىڭ ئالتاي، شىخو، جىڭ قاتارلىق جايلاردىكى مەمۇرىي-ھەربىي ئورگانلىرى، ھەربىي قىسىملىرىنىڭ بۇ جايلاردا داۋاملىق تۇرۇشى ياكى چېكىنىشى توغرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلىدۇ. جۇشياۋلياڭ مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن 5-ئاۋغۇست جياڭ جيېشىغا تېلېگىرامما يوللايدۇ. جياڭ جيېشى دەرھال تېلېگىرامما ئەۋەتىپ «مەيلى جىڭ ياكى ئالتاي بولسۇن قەتئىي ساقلاش كېرەك، چېكىنىشكە بولمايدۇ» دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ.

9-ئاۋغۇست مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاۋانگارت قىسمى قوبۇقسارغا ھۇجۇم باشلاپ، كېيىن يېتىپ كەلگەن ياردەمچى قوشۇن بىلەن دۈشمەننى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، 21-ئاۋغۇست بۇ ناھىيىنى ئىشغال قىلىدۇ. 10-ئاۋغۇست مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى تارباغاتايدا چۆچەك ئاتلىق ئالتىنچى پولكى(ئېبنۇر كۆلى-مايلى پارتىزانلار ئەترىتى ئاساسىدا تۈزۈلگەن)، كەڭساي ئۈچىنچى ئاتلىق پولكى ۋە دۆربىلجىن ئاتلىق تۆتىنچى پولكىدىن تەركىب تاپقان مۇستەقىل ئاتلىق بىرگادىسىنى قۇرۇپ، فاتىي ئىۋانوۋىچ لېسكىننى بىرگادا باشلىقلىقىغا تەيىنلەيدۇ. 11-ئاۋغۇست مۇستەقىل ئاتلىق بىرگادىسىنىڭ ئاساسى كۈچى لېسكىننىڭ قوماندانلىقىدا قوبۇقسار ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىپ، 14 - كۈنى جېمىنەي ۋە قوبۇقسار پارتىزانلار ئەترەتلىرى بىلەن بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەتچىسى دوسكاينوۋنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوبۇقسار ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم باشلايدۇ. لېكىن ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى دۈشمەن قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە پارتىزانلار ئون نەچچە كۈنلۈك جەسۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشى ئارقىلىق قوبۇقسار ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلىدۇ. قالدۇق دۈشمەن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ساۋەنگە قاچىدۇ. قوبۇقسار ناھىيىسىنىڭ ئازاد قىلىنىشى بىلەن مىللىي ئارمىيەنىڭ چۆچەكتىن ئالتايغا يۈرۈش قىلىشىدىكى قاتناش تۈگۈنى ئېچىلىدۇ.

قوبۇقسار جېڭى مىللىي ئارمىيەنىڭ شىمالىي فرونت ھەربىي يۈرۈشىدىكى ئەڭ كەسكىن جەڭلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا مىللىي ئارمىيە مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقىتىش بىلەن بىرگە، 300 دىن ئارتۇق دۈشمەننى ئەسىرگە ئالىدۇ. 580 دانە مىلتىق، 29 دانە ئېغىر-يېنىك پىلىموت، بىر دانە چوڭ تىپتىكى مىناميوتنى غەنىمەت ئالىدۇ. يەنە جۇڭخۇا مىنگونىڭ يەرلىك دائىرىلىرى تەرىپىدىن قاماقتا ئېلىنغان 200 دىن ئارتۇق كىشى تۈرمىدىن بوشىتىلىدۇ. لېكىن مىللىي ئارمىيەدىنمۇ زور چىقىم بولىدۇ. 140 نەپەر ئوفىتسىر-جەڭچى قۇربان بولۇپ، 20 نەپەر ئوفىتسىر-جەڭچى يارىلىنىدۇ.

شۇ يىلى 3-سېنتەبىر مىللىي ئارمىيە مۇستەقىل ئاتلىق بىرگادىسىنىڭ بىر تۈركۈم قوشۇنى جېمىنەي ۋە قوبۇقسار پارتىزان ئەترەتلىرى بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ، بۇرچىن ناھىيىسىنى ئىگىلەيدۇ. 6-سېنتەبىر مىللىي ئارمىيە مۇستەقىل ئاتلىق بىرگادىسىنىڭ يەنە بىر قىسىم قوشۇنى ئالتاي پارتىزانلىرى بىلەن سارسۈمبىنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. ھەمدە ئەلچى ئەۋەتىپ شەھەر ئىچىدىكى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك مەمۇرىي- ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى تەسلىم بولۇشقا چاقىرىدۇ. لېكىن گېنېرال ۋەن لىڭيۈەن ۋە ئالتاي ۋالىيسى گاۋبويۇ قاتارلىق جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك مەمۇرىي-ھەربىي ئەمەلدارلىرى تەسلىم

بولۇشنى رەت قىلىدۇ. ھەمدە تاشقى موڭغۇلىيەگە چېقىپ كېتىشنى پىلانلاپ، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئالتايدىكى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ قوشۇنىنى ۋە ئۇچ مىڭدىن ئارتۇق خىتاي ئاممىسىنى باشلاپ، شىمالغا قاراپ قاچىدۇ. بىراق، قاچقان دۈشمەن مىللىي ئارمىيە قوشۇنى ۋە ئالتاي پارتىزانلىرى تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغانلىقتىن، بىر قانچە قېتىم موھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە ئورۇنغان بولسىمۇ، نەتىجىگە ئېرىشەلمەي بىر تۈركۈم دۈشمەن قېچىپ قوتۇلغاندىن سىرت، قالغان كۆپچىلىك دۈشمەن ئامالسىز ھالدا قورال تاشلاپ تەسلىم بولىدۇ. 9-سېنتەبىر گېنېرال ۋەن لىڭيۈن ۋە ۋالىي گاۋبويۇ تەسلىم بولۇش ھۆججىتىگە قول قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالتاي ۋىلايىتى پۈتۈنلەي ئازاد بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى جەڭدە مىللىي ئارمىيە ۋە ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ بىر ۋالىيسى ۋە بىر گېنېرالى بىلەن قوشۇپ جەمئىي 152 نەپەر ئوفىتسېرى، 1684 نەپەر ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالىدۇ. يەنە 1684 دانە ھەر خىل مىلتىق، 52 دانە يېنىك ۋە ئېغىر تىپتىكى پىلموت، 300 مىڭ پاي ئوق، 8 دانە مىناميوت، 600 ھەربىي ئات ۋە باشقا نۇرغۇن ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى غەنىمەت ئالىدۇ.

23-سېنتەبىر ئېلىخان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسى مۇقاسىنلار سارمۇمبىدە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتىنىڭ سەييارە يىغىنىنى ئېچىپ، ئالتاي ۋىلايىتىنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ جاكارلاپ، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئوسمان ئىسلامنى ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا، ئارۇپباي (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى) بىلەن شامشى مامىيوۋنى مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا، دەلىلقان سۇگۇربايوۋنى ئالتاي ۋىلايەتلىك ئامانلىق ساقلاش باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ھەمدە ئوسمان ئىسلام، دەلىلقان سۇگۇربايوۋ ۋە زاكىغان ئەلەننى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەزى مەسلىھەتچىلىرىنى بىر قانچە مۇھىم باشقارما-ئىدارىلەردە مۇئاۋىن ۋەزىپىلەرگە قويۇش قاتارلىق بىر يورۇش ئىشلارنى قارار قىلىدۇ.

20-سېنتەبىر مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن چۆچەك ۋە جىمنەي پارتىزانلار ئەترەتلىرىدىن تەشكىللەنگەن مۇستەقىل ئاتلىق پولكنى بىرلەشتۈرۈپ، ئالتاي قازاق ئاتلىق مۇستەقىل پولكى تەشكىل قىلىپ، دەلىلقان سۇگۇربايوۋنى پولك كوماندىرى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي فرونت ھەربىي يۈرۈشى مىللىي ئارمىيەنىڭ تولۇق غەلبە قازىنىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

1945-يىلى ئىيۇلنىڭ ئۆتتۇرىلىرى باشلانغان مىللىي ئارمىيەنىڭ بۇ شىمالىي فرونت ھەربىي يۈرۈشىنىڭ قازانغان غەلبىسىنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولۇپ، مەزكۇر ھەربىي يۈرۈش موفاڭ، دۆربىلجىنلارغا ھۇجۇم قىلىش، چۆچەكنى ئازاد قىلىش، قوبۇقسار ۋە پۈرچىن جەڭلىرى ۋە ئالتاينى ئىشغال قىلىش ئارقىلىق جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ۋىلايەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى يىمىرىپ تاشلاپ؛ شىخو، جىڭ ۋە ساۋەندىن باشقا ھەر قايسى ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئۇچ ۋىلايەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە بۇ ئىككى رايوندىكى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى ئارمىيىسى قوشۇنلىرىنىڭ شەرققە يۆتكىلىشىنى توسۇپ، ئوتتۇرا فرونت ھەربىي ھەرىكىتىنىڭ غەلبىلىك ئېلىپ بېرىلىشى ئۇچۇن كۈچلۈك ياردەم بېرىپ، دىخۇادىكى (ئۈرۈمچىدىكى) جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى دائىرىلىرىگە بىۋاستە تەھدىت سالىدۇ.

مىللىي ئارمىيە قىسملىرى شىمالىي فرونت يۈرۈشىدە غەلبە قازانغاندىن كېيىن، پالىنوۋنىڭ قوماندانلىقىدا تېز سۈرئەت بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىللىي ئارمىيە جىڭ ۋە شىخو جەڭ مەيدانلىرىغا ئەسكىرىي كۈچىنى يىغىپ، ئوتتۇرا فرونتتا تېخىمۇ كەسكىن ۋە شىددەتلىك ئۇرۇشلارنى باشلاشقا تەييارلىنىدۇ.

## ئوتتۇرا فرونت

ئوتتۇرا فرونت ھەربىي يۈرۈشى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى بەلگىلەيدىغان ياكى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت

ئۈچ ۋىلايەتتىكى قولدىن كەتكەن ھاكىمىيەتنى قايتا تىكلەيدىغان ھەل قىلغۇچ يۈرۈشلەر بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ بۇ قېتىمقى يۈرۈشلەردىكى ئۇرۇشلارغا تولۇق تەييارلىق قىلىدۇ.

جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى تەرەپ ۋۇجۇڭشېن ۋە جۇشاۋلياڭ شىخو بىلەن جىڭ قولدىن كەتسە، دىخۇانىڭ خەتەر ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەچكە، جياڭ جيېشىنىڭ «مەيلى جىڭ ياكى ئالتاي بولسۇن قەتئىي ساقلاش كېرەك، چېكىنىشكە بولمايدۇ» دېگەن بۇيرۇقى بويىچە بىر دىۋىزىيەدىن ئارتۇق ھەربىي كۈچىنى (5000 دىن ئارتۇق ھەربىي كۈچىنى) شىخوغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېڭى ئىككىنچى كورپۇسنىڭ باشلىقى شيې يىفېڭنى شىخو بىلەن جىڭنىڭ مۇداپىئەسىگە مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەيدۇ؛ ھەمدە جىڭغا يەنە تۆت پولكنى (7000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچىنى) ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېڭى 45 - دىۋىزىيە باشلىقى گوچىنى باش قوماندانلىققا تەيىنلەيدۇ. ئۇلار شىخو ۋە جىڭدا مۇستەھكەم مۇداپىئە لىنىيەلىرىنى ياسايدۇ. جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ بۇ ئىككى جايدىكى ئومۇمىي ھەربىي ئەسكىرىي كۈچى 1200 دىن ئېشىپ كېتىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەرەپ ئوتتۇرا فرونت ھەربىي يۈرۈشىدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئۇرۇشقا  قاتنىشىدىغان قىسىملىرى باش قوماندان پالىنوۋنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇرۇش تەييارلىقىنى تولۇق ۋە پۇختا قىلىدۇ. ئۇلار مۇككەممەل ئۇرۇش پىلانى تۈزۈپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان ئەسكىرىي كۈچىنى ئىككى يولغا بۆلۈپ، بىرلا ۋاقىتتا شىخو ۋە جىڭنى مۇھاسىرە قىلىشنى پىلانلاپ، جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى ئىككىگە پارچىلىۋېتىپ، ئايرىم- ئايرىم ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ئاساسىي ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

باش شتاب مىللىي ئارمىيەنىڭ پالىنوۋ قوماندانلىقىدىكى 4000  دىن ئارتۇق ئەسكىرى كۈچىنىڭ  سۈيدۈڭ ئاتقۇچى بىرىنچى پولكى، چۆچەك ئاتلىق ئالتىنچى پولكى، مۇڭغۇل  ئاتلىق مۇستەقىل دىۋىزىيىسى ۋە مۇھاپىزەتچىلەر باتالىيونى قاتارلىقلار قىسىملارنىڭ شىخۇغا ھۇجۇم قىلىشنى، ئىسھاقبېك مۇنونوۋ قوماندانلىقىدىكى 4000 دىن  ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئىلى ئاتقۇچى ئىككىنچى پولكى (شىبە ئاتلىق مۇستەقىل ئىسكادرونى بۇ پولكنىڭ ئىچىدە)، تېكەس ئاتلىق بىرىنچى  پولكى، ئىلى زاپاس قىسىم تۆتىنچى  پولكى ۋە تۇڭگان ئاتلىق مۇستەقىل دىۋىزىيىسى قاتارلىق قىسىملارنىڭ جىڭغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلىدۇ.

شىخۇ ھەربىي يۈرۈشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا تەييارلىق ئەمەلىيەتتە مىللىي ئارمىيە چۆچەك ۋە ئالتايغا ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتدىلا باشلىنىدۇ. مىللىي ئارمىيەنىڭ شىخۇ ۋە جىڭلارغا بولغان ئومۇمىي 1945-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئىجرا قىلىنىشقا باشلايدۇ. 1945-يىلى ئىيۇلدا شىخۇ رايونىدا ھەرىكەتلىنىپ يۈرگەن رەفىق بايچۇرىن ۋە تۇرسۇن سەيىد باشچىلىقىدىكى مىللىي ئارمىيەنىڭ پارتىزانلار ئەترىتى جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا ئوشتۇمتۇت ھۇجۇملارنى قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار توت تىرەك (چىگىخۇر) دەرياسىدىكى چوڭ كۆۋرۈكنى بۇزۇپ تاشلاپ، شىخو بىلەن جىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ.  ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار دۈشمەن ئارقىسىغا ئۆتۈپ، جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ قاتناش لىنىيىلىرىنى بۇزىدۇ، دىخۇا بىلەن جىڭنى باغلاپ تۇرغان ماناس كۆۋرۈكىنى پارتىلىتىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇڭخۇا مىنگو ئارمىيىسىنىڭ ماشىنىلاشقان قىسىملىرى دىخۇا ۋە ماناس ناھىيىسىدىن ئۆتۈپ، شىخۇغا ياردەم بېرىشكە ئامالسىز قالىدۇ. بۇ پارتىزانلار ئەترىتى جانلىق ۋە ھەرىكەتچان پارتىزانلىق تاكتىكىلىرىنى قوللىنىپ، بورتۇڭگو، ئەنجىخەي، ساۋەن ۋە ماناس قاتارلىق جايلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ بۇ رايونلاردىكى قاتناش لىنىيىلىرى ۋە قاتناش ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچ ۋە ماددىي ئەشيالارنى يۆتكىشى ئۈچۈن چوڭ قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

1945- يىلى ئاۋغۇستنىڭ باشلىرى مىللىي ئارمىيە ئوتتۇرا فرونت قوماندانلىق شتابى رەسمىي قورۇلۇپ، پالىنوۋ قوماندانلىقنى قۇشۇمچە ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ،  مىللىي ئارمىيە شىخوغا قارىتا مۇھاسىرە باشلايدۇ. 28-ئاۋغۇست ئاۋانگارت قىسىم چۆچەك ئاتلىق 6-پولكى ۋە مۇڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق دىۋىزىيىسى چېپەيزىنىڭ يېنىدىكى ئۇزۇنبولۇق دېگەن جايدىكى جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسى قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۈچ كېچە- كۈندۈز جەڭ قىلىش ئارقىلىق، بۇ يەرنى ئىگىلىگەندىن

كېيىن، قالدۇق دۈشمەن چېپەيزىگە قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشىنى توسماقچى بولىدۇ.

مىللىي ئارمىيەنىڭ چۆچەك ئاتلىق ئالتىنچى پولكى ۋە مۇڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق دىۋىزىيىسىنىڭ مىڭدىن ئارتۇق پىيادە ئەسكەر، ئاتلىق ئەسكەر ۋە زەمبىرەكچىلىرى بىرىنچى سېنتەبىر كۈنى شەرق، غەرب ۋە شىمال تەرەپلەردىن جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ياخشى ھەربىي تەلىم- تەربىيە ئالغان قوشۇنلىرى، مۇستەھكەم ئىستىھكاملىرىغا تايىنىپ موداپىئە قىلىۋاتقان چېپەيزىگە شىددەتلىك ھۇجۇم باشلايدۇ. لېكىن دۈشمەننىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، 100 گە يېقىن ئادەم جەڭچى بولغان بولسىمۇ، دۆشمەن پوزىتسىيىسىنى ئىگەللىيەلمىگەچكە، ئوتتۇرا فرونت قوماندانلىق شتابى سۇيدۇڭ پىيادە پولكىنى جەڭگە كىرىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئىككىنچى سېنتەبىر كۈنى پالىنوۋ قوماندانلىقىدىكى چۆچەك ئاتلىق ئالتىنچى پولكى، سۇيدۇڭ ئاتقۇچى بىرىنچى پولكى ۋە مۇڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق دىۋىزىيىسىنى ئۈچ تاغ زەمبىرىكى، سەككىز مىناميوت ۋە ئىككى كۈرەشچى ئايروپىلاننىڭ جەڭگە قاتنىششى بىلەن، شىخۇ سىرتىدىكى مۇھىم تايانچ جاي چېپەيزىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، داۋاملىق شىخۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، ئۈچىنچى سېنتەبىر كونا شىخونى ئىگەللەيدۇ.

شۇ يىلى تۆتىنچى سېنتەبىر مىللىي ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى پالىنوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار خادىملىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا شىخۇ يۈرۈشىنى باشلايدۇ. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيەسىنىڭ مەلۇم ساندىكى پىيادە ئەسكەرلىرى، كۈرەشچى ئايروپىلانلىرى، برونىۋېكلىرى ۋە توپچى قىسمى بىلەن بىرلىكتە كەسكىن ۋە شىددەتلىك جەڭلەر ئارقىلىق دۆشمەننىڭ ئۈچ مۇداپىئە لىنىيە سېپىنى كەينى- كەينىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، سەككىزىنچى سېنتەبىر تاڭ سەھەر بىلەن شىخۇ ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيەنىڭ بىر قىسىم قوشۇنىنى جىڭدىكى جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسى قوشۇنىنىڭ شەرققە قاراپ قېچىشىنى توسۇش ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىپ يىغىڭ باشلاپ قاچقان قالدۇق دۈشمەننىڭ كەينىدىن توختىماي قوغلاپ زەربە بېرىپ، كۇيتۇن، شىخۇ ئايرودرومى، مايتاغ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، يەنسخەيگە قاراپ ئىلگىرلەيدۇ، ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچىدىن ئاران 150 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ كېلىدۇ.

بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشتە ئىككى تەرەپتە ئۆلۈش ۋە يارىلىنىش بەك ئېغىر بولىدۇ. جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسىدىن 900 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ، 1000 دىن ئارتۇق ئادىمى ئەسىرگە چۈشىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت يەنە تانكا ۋە ئاپتوموبىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا زور بىر تۈركۈم قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىمەت ئالىدۇ. مىللىي ئارمىيىدىمۇ 771 نەپەر ئوفىتسېر- جەڭچى قۇربان بولىدۇ. يالغۇز سۇيدۇڭ ئاتقۇچى بىرىنچى پولكىنىڭ ئۆزىدىنلا 200 ئوفىتسېر-جەڭچى قۇربان بولۇپ، 400 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر-جەڭچى ئېغىر يارىلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى شىخو ئوپېراتسىيەسى مىللىي ئارمىيە ئۇرۇش ئوپېراتسىيەلىرىدىكى ئەڭ دەھشەتلىكى بولۇپ، مىللىي ئارمىيە ئوفېتسىر-جەڭچىلىرى ئەڭ ئېغىر سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، شىخۇغا ھۇجۇم قىلىش جىڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا فرونت يولىنىشىدىكى ئوپراتسىيەنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس ئورنىتىدۇ.

شۇ يىلى بەشىنچى سېنتەبىر گېنېرال مايور ئىسھاقبېك مۇنونوۋ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا مىللىي ئارمىيەنىڭ زور بىر تۈركۈم قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ، جىڭ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش يۈرۈشى باشلاپ، شىددەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق بەشىنچى ۋە يەتتىنچى سېنتەبىر كۈنلىرى جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ جىڭنىڭ يېنىدىكى تايانچ پونكىتلىرى يوڭجىخو ۋە باجياخونى ئىشغال قىلىدۇ؛ 8-سېنتەبىر جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسى يېڭى 45-دىۋىزىيىسىنىڭ ئۈچ پولكىنى تەلتۆكۈس يوقۇتۇپ، جىڭ ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ، 200 دىن ئوشۇق قالدۇق قوشۇنى باشلاپ، كونا شىخۇغا قاچقان گوچىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ زەربە بېرىپ، ساۋەن ناھىيىسىنىڭ سەنداۋخېزا ئەتراپىدا ئەسىرگە چۈشۈرۈدۇ. جىڭ ئۇرۇشىدا مىللىي ئارمىيە جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ بىر گېنېرال مايورى، ئىككى پولكونىكى، تۆت پودپولكونىكى،

ئونبەش مايورى قاتارلىق 198 نەپەر ئوفتسېرنى ئەسىر ئېلىپ، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىش بىلەن بىرگە 12 دانە مىناميوت، 8 دانە چوڭ زەمبىرەك، 38 دانە پىلىموت ۋە زور بىر تۈركۈم ھەربىي ئەشيالارنى غەنىمەت ئالدۇ. جەڭ ئۇرۇشنىڭ غەلبىسىدىن كېيىن ئىلى ۋىلايىتى پۈتۈنلەي ئازات بولدۇ.



شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ئىنقىلابىدا شىخو جېڭىغا قاتناشقان بىر قىسىم ئوفتسېر- جەڭچىلەر

شىخۇ ۋە جىڭ يۇرۇشى شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابىي دەۋرىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەربىي يۇرۇشلەردۇر. شىخۇ ۋە جىڭ جەڭ مەيدانلىرى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئارمىيىسى بىلەن جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ئۆز-ئارا قارىمۇ-قارشى تۇرۇشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانلىرى بولۇپ، جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ بۇ جەڭ مەيدانلىرىغا سالغان ئەسكىرى كۈچى ئەڭ كۆپ، مۇداپىئە قورۇلۇشلىرى ئەڭ موستەھكەم، ئىشلەتكەن قوراللىرى ئىلغار بولسىمۇ، لېكىن ئىستېداتلىق ھەربىي قوماندانلار گېنىرال پالىنوۋ ۋە گېنىرال ئىسھاقبېكلارنىڭ باشلامچىلىقىدىكى مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسىم ئوفىتسېر- جەڭچىلىرى بىلەن بىللە قەھرىمانلىق بىلەن قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ، بۇ ئىككى جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈدۇ.

بۇ قېتىمقى شىخۇ ۋە جىڭ يۇرۇشلىرىدە مىللىي ئارمىيە پۈتۈن بىر گەۋدە بولۇپ دۈشمەن بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە نەسىرۇللا نادىرووۋدەك بىر ئۆزى يالغۇز دۆشمەننىڭ ئۈچ پوتىيىنى كەينى- كەينىدىن پارتىلىتىپ تاشلىغان بىر تۈكۈم شىر يۈرەك مىللىي قەھرىمانلار مەيدانغا چىقىدۇ. مىللىي ئارمىيەنىڭ جەڭگە قاتناشقان باشقا قىسىملىرى قاتارىدا مۇڭغۇل مۇستەقىل ئاتلىق دېۋىزىيىسى، تۇڭگان مۇستەقىل ئاتلىق دېۋىزىيىسىنى، شىبە مۇستەقىل ئاتلىق ئىسكادرونى، رۇس ئاتلىق روتىسى ۋە موتوروتا نامى بىلەن ئاتالغان تاتار روتىسىمۇ ئاجايىپ باتورلۇقلارنى كۆرسىتىدۇ.

گەرچە جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسى ئوتتۇرا يۆنىلىش يۈرۈشلىرىگە زامانىۋىي قوراللار بىلەن قوراللان-غان ئون نەچچە مىڭ ئەسكىرىي كۈچنى يىغىپ، قاتمۇقات مۇستەھكەم مۇداپىئە لىنىيەلىرىنى قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئىستراتېگىيىلىك جەھەتتە پاسسىپ مۇداپىئەلىنىش پوزىتسىيىسىدە تۇرغاچقا، ئىستراتېگىيىلىك جەھەتتە ئاكتىپ ھۇجۇم پوزىتسىيەسىدە تۇرغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي بىتچىت بولىدۇ. مىللىي ئارمىيە ئۆزىنىڭ ئۇرۇش تارىخىدىكى ئەڭ داڭلىق ۋە شىددەتلىك بولغان شىخۇ ۋە جىڭ يۈرۈشلىرى ئارقىلىق تىللاردا داستان قىلغۇدەك قەھرىمانلىقلارنى يارىتىپ، مىسلىسىز جەڭ غەلىبىلىرىنى قازىنىپ، جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىن تەلتۆكۈس ھەيدەپ چىقىرىپ، ئاخىرقى ھېسابتا بۇ ۋىلايەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۇ جايلاردىكى خەلق ھاكىمىيەتلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئاساس سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇڭخۇا مىنگو دۆلىتىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

شۇ يىلى **14**-ئۆكتەبىر، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ھەيئىتىنىڭ **107**-قېتىملىق يىغىنىدا گېنېرال مايور ئىسھاقبېكنىڭ ئوتتۇرا فرونت يۆنىلىشىدىكى ھەربىي يۈرۈشلەردە كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى ئۈچۈن، گېنېرال لېتنات ھەربىي ئۇنۋانىنى بېرىشنى قارار قىلىدۇ. **1945**-يىلى **22**-ئۆكتەبىر پالىنوۋ ۋە ئىسھاقبېكلار ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئالىي ھەربىي ھەيئىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى بولىدۇ. **1946**-يىلى **20** - مارت ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھەيئىتى **246**-نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ، ئىۋان ياكوۋلىۋىچ پالىنوۋ ۋە ئىسھاقبېك مۇنونوۋلارغا «جۇمھۇرىيەت» ئالىي ئوردىنى بېرىشنى قارار قىلىدۇ.

## جەنۇبىي فرونت

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئوتتۇرا فرونتتىكى ئۇرۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن جەنۇبىي فرونت يۆنىلىشى بويىچە، **1945**-يىلى بەشىنچى ئىيۇل چىقارغان «(1) سوپاخۇن سوپۇروف ئەترەت باشلىقى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف سىياسىي كومىسسار، رازىيوۋ داموللا دىنىي ئىشلار مەسئۇلى بولغان ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى قورۇلىدۇ. ئۇلار ئاقسۇغا بېرىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارىدۇ. (2) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئىشلار خادىمى ئىسكەندەر (ئەسلى ئىسمى ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوۋ) بىلەن زاكىر تۆرە (ئەسلى ئىسمى شوخپۇل) ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى بولىدۇ. (3) قۇربانجان ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىغا مەسئۇل بولىدۇ. (4) قاسىمجان قەمبىرى ھۆكۈمەت خىزمەت ئۆمىكىنى باشلاپ بىرگە بارىدۇ» دېن ئىبارەت قارارىغا ئاساسەن تەشكىللەنگەن مىللىي ئارمىيىنىڭ **150** تىن ئارتۇق ئەسكىرى بولغان بىر ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى **1945**- يىلى **18**- ئىيۇل ئاقسۇ رايونىغا ئاتلىنىدۇ. بۇ ئاتلىق پارتىزانلار قوشۇنى ئاقسۇغا رايونىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، سەككىزىنچى ئاۋغۇست ۋە بىرىنچى سېنتەببىر كۈنلىرى باي ۋە ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيە بازارلىرىنى ئىگىلەپ، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتلەرنى قۇرىدۇ. مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۇجۇم كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن سېنتەبىر ئېيىنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەتچىسى مىرزا ناسىروۋ ۋە ئارسلانخان ( ئېلىخان تۆرەنىڭ ئوغلى) باشچىلىقىدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىككى ئاتلىق باتالىيونىنى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ئەۋەتىدۇ. بۇ قوشۇن سوپاخۇن سوپۇروف ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا ئوڭۇشسىزلىقا ئۇچرىغاندىن كېيىن، سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى يەنە دېسكوۋ باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ۋە موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسىدىن ئىككىنى ئىلىدىن ئەۋەتىپ، ئىككىنچى قېتىم ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ . **23**- سېنتەبىر كۈنى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئاقسۇ شەھىرىگە مۇھاسىرە ھۇجۇمى باشلايدۇ. شەھەرنى ئىشغال قىلىش جېڭى جىددىي داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەردە، شەرقىي

تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭخۇا مىنگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى «تىنچلىق سۆھبىتى» ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ قىسملىرى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۇرۇشنى توختىتىپ، 19- ئۆكتەبىردە ئىلىغا قايتىپ كېلىدۇ.

1945-يىلى سېنتەبىردە مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا فورونت بۆيىچە ئېلىپ بارغان مۇستەقىللىق ئۇرۇشى غەلىبىلىك ئاياغلىشىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆلىنىش قىسىملىرى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇرۇمچىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇردۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

«ئەخمەتجان ئەپەندىنى ئەسلەيمەن» (بىرىنچى قىسىم)، ماھىنۇر قاسىم ، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 2014 -يىل 8-ئاي 1- نەشرى

«شانلىق مىللىي ئارمىيە» (خىتايچە، «军 族 民 的 荣 光») ۋېي جۇاڭ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئەدەبىيات– سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2015 - يىل 1 - ئاي نەشرى

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»(16)، جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1985-يىل 1 - ئاي نەشرى

«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش- تەھرىرلەش كومېتىتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1995- يىل 8 – ئاي 1- نەشرى

«ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە 2)، سەيپىدىن ئەزىزى ، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1990- يىل 12- ئاي 1- نەشرى

«ۋەقەلەر خاتىرىسى» (سلاۋيان يىزىقىدىكى تاتارچە)، رەيىف بىكبايوۇ، ئالماتا ، 2004- نەشر قىلىنغان

«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت ئەھۋاللار ھەققىدە ئەسلىمە»، ساۋدانوپ زايىر،«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»(16)، 63- 184 -بەتلەر

«ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە 1-سۇيدۇڭ پىيادە پولكىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولى توغرىسىدا ئەسلىمە»، ئىسمائىلوپ مەھەممەت، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»(16)، 185-241- بەتلەر


«ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بېسىپ ئۆتكەن جەڭ مەيدانى»، ئابدۇرېھىم مەرۇپ،«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى »(16)، 241،234،209- بەتلەر




# يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يېڭىلىق

## ئىدرىس مەھدى

1.ئايشەم شەمىيېۋا: « هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»
2.غوجەخمەت سەدۋاقاسوۋ:« هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى »
3.نەسۇرۇللا يۇلبۇلدى: «ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى »
4.خەمىت تۆمۈر: « هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيىسى»
5.خەمىت تۆمۈرنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىش كاتېگورىيىسى ھەققىدىكى يېڭى نۇقتىئىنەزەرى
6.مەركىزىي دىئالېكت ئاساسىدىكى هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇزىنىڭ بېكىتىلىشى
7.مىرسۇلتان ئوسمانوۋ (مەسئۇل مۇھەررىر ) :« هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى»
8.مىرسۇلتان ئوسمانوۋ (مەسئۇل مۇھەررىر ) : « هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»
9.ئامىنە غاپپار : «هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاكۇستىكىلىق قانۇنىيەتلىرى »
10.ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى (مەسئۇل مۇھەررىرلىرى) : « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»
11.زۇنۇن قادىرى، مەھەممەت رەھىمى « ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرى»
12.ئابدۇسالام ئاباس: «ئۇيغۇر تىلى فرازېئولوگىيىسى ھەققىدە» ۋە ئۇيغۇر تىلى فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرگە ئائىت ئەمگەكلىرى
13.ئابلىز ئەمەت : « ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى»
14.راخمان خانبابانىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاددى جۈملە بىلەن قوشما جۈملىنى پەرقلەندۈرۈش پىرىنسىپلىرى ھەققىدىكى يېڭى نۇقتىئىنەزەرى
15.مىرسۇلتان ئوسمانوۋنىڭ خوتەن ۋە لوپنور دىئالېكتلىرى ھەققىدىكى ئەمگەكلىرى
16.مۇھەببەت قاسىم : « هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكتلىرىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى »
17.سۆز بىرىكمە قورۇلمىسى گىراماتىكىسى ۋە بىرىكىش (كومبىناتسىيە مۇناسىۋىتى) ۋە تۈركۈملىنىش (كىلاسفىكاتسىيە ) مۇناسىۋىتى نەزەرىيىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا تەدبىقلىنىشى
18.ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەرەپ يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قايتا قوللىنىشى
19.كومپيۇتېر ئۇيغۇر يېزىق فونتىنىڭ بارلىققا كېلىشى
20.ئۇيغۇر خەتتاتچىلىقىنىڭ قايتىدىن گۈللىنىشى




# توختى مۇزارت



ھېكمەتيار ئىبراھىم

**«بىز دۇنيا مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان بىر مىللەت. بىزمۇ ئادەمدەك ياشايلى.» = توختى مۇزارت (1)**

**«قەلەم بىلەن ئۆزۈمنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايمەن. خەق تارىخ يازسا، مەنمۇ تارىخ يازىمەن.» = توختى مۇزارت (2)**

ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق توختى مۇزارت (ئەسلى ئىسمى: توختى تۇنىياز) 1963-يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ باي ناھىيىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1997-يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلاش جىنايىتى» ئىشلەش تۆھمىتى بىلەن ئون بىر يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. 2009-يىلى 10-فېۋرال تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. 2015-يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنى بېيجىڭدا تۇيۇقسىز ۋاپات بولغان.

تارىخچى توختى مۇزارت باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز ناھىيىسىدە تاماملىغان. بۇ جەرياندا خىتايچىنى ياخشى ئۆگەنگەن. 1978-يىلى خىتاي ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر قاتاردا ئۇنىۋېرسىتېت ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ياخشى نەتىجە بىلەن «بېيجىڭ مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى» (ھازىرقى بېيجىڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا) قوبۇل قىلىنغان. بۇ جەرياندا ئىنگلىزچىنى كۈچەپ ئۆگىنىپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن يىلى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان. ئەمما، خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن «خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى»غا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، خىتاينىڭ بۇ ئالىي ئورگىنىدا ئىشلەيدىغان بىردىنبىر ئۇيغۇر بولۇپ قالغان. «خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى»دا بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قانۇن ئۆگىنىش ئىستىكىگە بىنائەن، خىتايدىكى «خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ قانۇنچىلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ، ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئاندىن، «خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى»غا قايتىپ كېلىپ، مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ قانۇن تەتقىقات ئىشخانىسىدا كاندىدات تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1995-يىلى ياپونىيەنىڭ توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىغا دوكتور ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغان. ياپونىيەدە ئوقۇش جەريانىدا، ياپونىيە مەتبۇئاتلىرىدا ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان ۋە ياپونىيە ئىلىم ساھەسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. شۇ جەرياندا ياپونىيە دۆلەتلىك تەتقىقات مەركىزى ئۇنى ئۇيغۇر تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلغان. توختى مۇزارتنىڭ بىر قىسىم ماقالىلىرى ياپونىيەدە كىتابچە شەكلىدە نەشر قىلىنغان ۋە ياپونىيە بۈيۈك شەرق مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرسلىكى قىلىپ تاللانغان.

ياپونىيەدە دوكتورلۇق ئىلمي ماقالىسىنى يېزىۋاتقان توختى مۇزارت ماقالىسى پۈتۈشكە ئاز قالغاندا، بەزى ماتېرىياللارغا ئېھتىياجى چۈشۈپ، 1997-يىلى، 1-ئاينىڭ 15-كۈنى ماتېرىيال ئىزدەش ئۈچۈن ۋەتەنگە قايتقان. بۇ جەرياندا توختى مۇزارت شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادى تارىخىغا ئائىت بەزى ماتېرىياللارنى توپلىغان. 1997-يىلى 2-ئايدا ئۇ ئۆزى تۇرىۋاتقان مۇھاجىرلار مېھمانخانىسىدىن زورلۇق بىلەن تۇتۇپ كېتىلگەن. 1998-يىلى، 3-ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭغا دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلاش جىنايىتىنى ئارتىپ، ئون بىر يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. جازا مۇددىتىنى ئۈرۈمچى ئۈچىنچى تۈرمىدە ئۆتىگەن. خىتاينىڭ مەخپىيەتلىك  دېگىنى توختى مۇزارت كۆپەيتىۋالغان ،ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ مەخپىيەتلىكى بولمىغان  بىر پارچە ھۆججەتلەر تىزىملىك ئىدى. توختى مۇزارت ياپونىيەدىكى ئۇيغۇر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك يۇقۇرى سەۋىيەدىكى تەتقىقاتلىرى بىلەن خىتاينىڭ قارا تىزىملىكىدە ئىدى.

توختى مۇزارتنىڭ بىر ئوغۇل، بىر قىز ئىككى پەرزەنتى بار بولۇپ، توختى مۇزارت تۇتقۇن قىلىنغاندا ئوغلى يەتتە ياشقا كىرگەن، قىزى ئەمدىلا ئۈچ ئايلىق بولغان ئىدى. توختى مۇزارتنىڭ ئانىسى بۇرۇن ۋاپات بولغان، دادىسى توختى مۇزارت تۈرمىدىن چىقىشتىن بىر يىل بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتكەن. توختى مۇزارت تۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ئائىلىسىدىكىلەرگە خەۋەر قىلىنمىغان. توختى مۇزارتنىڭ ياپونىيەدە ياشاۋاتقان ئايالى خىتايغا قايتىپ، ئۇنىڭ ئىزدېرىكىنى قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا نەچچە دوقۇرغاندىن كېيىنلا، خىتاي ساقچىلىرى ئۇنى تۇتقۇن قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان.

2002-يىلى – توختى مۇزارت تۇرمىدە يېتىۋاتقىنىغا تۆت يىل بولغاندا – ئۇنىڭغا خەلقئارالىق قەلەمكەشلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «بارابارا گولدسمىس يېزىش ئۈچۈن ئەركىنلىك مۇكاپاتى» بېرىلگەن.

توختى مۇزارت تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلىشتىن بەش كۈن ئىلگىرى ياپونىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ياپونىيە پۇقراسى سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىنغان. ياپونىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ھەمدە ياپونىيىنىڭ سابىق باش مىنىستىرى شىنزۇ ئابې توختى مۇزارتنىڭ مەسىلىسىگە ئۆزۈندىن بۇيان كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ خىتاي تۇرمىسىدىن تېزراق قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن كۆپ خىزمەتلەر ئىشلىگەن ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئىزچىل تۈردە توختى مۇزارت مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلەشكەن.(3)

توختى موزارت 2009-يىلى، 2-ئاينىڭ 10-كۈنى تۇرمىدىن چىقىدىغان كۈنى، ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا بارغان ياپونىيەلىك ئىلىم ئەرباپلىرى ۋە بەزى مېدىيالارنىڭ مۇخبىرلىرى تۇرمە ئالدىدا ئۇنى نەچچە سائەتلەپ ساقلىغان بولسىمۇ، خىتاي توختى مۇزارتنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەستىن، تۇرمىدىن يۇرتى بايغا ئېلىپ كەتكەن.

تارىخچى توختى مۇزارت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر تارىخىنى خىتاي تىلدا يازغان كۆپ تىللىق تارىخ ئالىمدۇر. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر «ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيەت تەتقىقاتى»، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى»، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. توختى مۇزارت ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى «قەدىمكى ئۇيغۇر قانۇن ۋەسىقىلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقات»، «تارىخىي رەشىدىدىن كېيىنكى 300 يىل» قاتارلىق ئەسەرلەر ئۈستىدە جىددىي ئىزدىنىۋاتقان ئىدى.

توختى مۇزارت ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يېزىقى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى پۇختا ئۆگەنگەن. چەتئەل تىللىرىدىن خىتاي تىلى، ئىنگلىزتىلى ۋە ياپون تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. بۇنىڭدىن سىرت پارىس تىلى، گېرمان تىلى، رۇس تىلى، فرانسۇز تىلى، ئەرەب تىللىرىنىمۇ قوشۇمچە ئۆگىنىپ، بۇ تىللاردىكى ماتېرىياللاردىن بىۋاستە پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىنى ھازىرلىغان.

توختى مۇزارت تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن، خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن بېيجىڭدىكى تەرجىمانلار ئىدارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

تۆۋەندىكى بايانلار تارىخچى توختى مۇزارتنىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى بىر قىسىم مۇھىم مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ياپونىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيسى ھاجى قۇتلۇق قادىرى ئەپەندى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، 2015-يىلى، 6-ئاينىڭ 1-كۈنى «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى» ئۇيغۇرچە تورىدا ئېلان قىلىنغان بۇ خەۋەر تۆۋەندە ئۆز پېتى نەقىل قىلىندى.


ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ پەنلىرى دوكتورى، تونۇلغان ئۇيغۇر تارىخچىسى توختى مۇزارت 29-ماي تۇيۇقسىز بېيجىڭدىكى ئۆيىدە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ سىرلىق ئۆلۈمى ھەققىدە ئۇيغۇرلار ۋە ياپونلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار ۋە سۆزلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە.

بۈگۈن رادىئورىمىزنىڭ تېلېفون زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان، بېيجىڭدىكى توختى مۇزارت ئائىلىسىگە ئائىت ئۇچۇرلاردىن تولۇق خەۋەردار ياپونىيەلىك ساتو ئەپەندى ئۆزى ئاڭلىغان توختى مۇزارتقا دائىر بەزى بىر ئۇچۇرلارنى بىزگە يەتكۈزدى.

ساتو، مەرھۇم تارىخچى توختى مۇزارتنىڭ تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنكى ھاياتى ھەققىدە توختىلىپ: «بېيجىڭدىكى باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، توختى قارىماققا ئەركىن-ئازادە ياشاۋاتقان بىر ئادەمدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىش-ھەرىكىتى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى ئورگانلىرى تەرىپىدىن تەقىب ئاستىغا ئېلىنغان. ئۇ ھەتتا يۇرتى شەرقىي تۈركىستانغا بارسىمۇ، بارلىق سۆز-ھەرىكەتلىرى شۇ يەردىكى بىخەتەرلىك تارماقلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدىكەن. ئۇنىڭ تېلېفونىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ مەخسۇس خادىملىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلگەن ئىكەن. ئۆيىگە مەخسۇس تىڭشىغۇچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ياپونلار بىلەن كۆرۈشۈشىدىن بەك ئەندىشە

قىلىدىكەن. شۇڭا توختى ياپونلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىزچىل ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەن دەپ ئاڭلىدىم» دېدى.

ساتو، مەرھۇم توختى مۇزارتنىڭ ھازىرقى **38** ياشلىق خانىمى ھەققىدە توختىلىپ: «توختى مۇزارتنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ، بېيجىڭغا كېلىپ بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىر ئۇيغۇر قىزى بىلەن تويلاشماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ بىخەتەرلىك تارماقلىرى ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلىپ، سەككىز ئايدىن كېيىن ئۇنىڭغا قەشقەر ھەربىي رايونىدىن ئۆزلىرى بىر قىزنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغان ۋە شۇ قىز بىلەن دەرھال توي قىلىشىنى بۇيرۇغان. ئامالسىز قالغان توختى مۇزارت مەجبۇرىي ھالدا شۇ قىز بىلەن توي قىلغانىكەن. ئۇ قىز بېيجىڭدا ھېچقانداق خىزمەت قىلمايدىكەن، پەقەتلا توختىنى كۆتۈشكە مەسئۇل ئىكەن» دېدى.



توختى مۇزارتنىڭ تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىنكى رەسىمى



توختی مۇزارتنىڭ بېيجىڭدىكى قەبرىسى؛ سۈرەتكە تارتىلغان ۋاقتى:2015-يىلى


تارىخچى توختى مۇزارتنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئۇنىڭ ئائىلىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، شۇنداقلا دوست-يارەنلىرىنىڭ گۇماني قاراشلاردا بولۇۋاتقانلىقىنى ئىگىلىرى سۆرگەن ساتو بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى:«توختى مۇزارتنىڭ بېيجىڭدىكى يېقىنلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، تۈرمىدىكى چېغىدا ساقچىلار توختىغا ئوخشاش سياسىي مەھبۇسلارنى قار ئۈستىگە يالاڭ ئاياق دەسسىتىپ، پۇت-قوللىرىنى مۇزلىتىش ئارقىلىق تەن جازاسىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پۇتى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىكەن. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن بىر مەزگىل داۋالىنىپ ياخشى بولۇپ قالغان. ئەمما، ئۇنىڭ يۈرەك كېسەللى بارلىقىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوقكەن.»

زىيارىتىمىز داۋامىدا ساتو ئەپەندى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «بېيجىڭدا 29-ماي توختى مۇزارتنىڭ ئەتىگەن سائەت توققۇزلار ئەتراپىدا 19-قەۋەتتىكى ئۆيىدە ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر تارقالدى. گەرچە ئۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما دوختۇرلار ئۇنى تۇيۇقسىز يۈرەك كېسەللى بىلەن ئۆلدى، دەپ ئىسپات چىقىرىپتۇ. ھېچقانداق تەكشۈرۈلمەستىنلا ئاساسسىز چىقىرىلغان بۇ ھۆكۈم ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ. توختىنىڭ تۇغقانلىرى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ ئوپېراتسىيە قىلىپ، قانۇن دوختۇرلىرىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەلەپ دائىرىلەر تەرىپىدىن رەت قىلىنىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم» دېدى.

ساتو، توختى مۇزارت ۋاپات بولۇپ ئىككى سائەتتىن كېيىن، دائىرىلەر ئۇنىڭ تۇغقانلىرىغا بېسىم قىلىپ جەسەتنى شۇ كۈنى يەرلىككە قويۇۋېتىشنى بۇيرۇغانلىقىنى، ئەمما توختىنى تونۇيدىغان بېيجىڭدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر، ئۇنىڭ جەسىتىنى توختىنىڭ يۇرتى باي ناھىيىسىگە ئېلىپ كېتىشنى ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، دائىرىلەر بۇ تەكلىپىگە قوشۇلمىغان. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا بېسىم قىلىپ، خىزمەت ئىشلەپ، بېيجىڭدا يەرلىككە قويۇشقا كۆندۈرگەنلىكى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى بايان قىلدى.

ساتو، دائىرىلەرنىڭ توختىنىڭ يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلگەنلىكى ھەققىدىكى ئىسپات قەغىزىنى ئىككى سائەت ئىچىدە دوختۇرخانىدىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئېلىپ كەلگەنلىكى ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ بەك قوزغاپ قويغانلىقىنى بىلدۈردى.

30-ماي چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە، بېيجىڭدىكى تۆڭگان مەسچىتلىرىدىن بىرىدە توختى مۇزارتنىڭ مېيىت نامىزى ئوقۇلغان بولسىمۇ، ئەمما مەسچىت ئەتراپى پۇقراچە كىيىنگەن مەخپىي ساقچىلار بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكى، مۇناسىۋەتلىك خادىملاردا توختىنىڭ جەسىتىنى يەرلىككە قويغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر خىل جىددىيلىك ۋە ئەندىشە ئالامەتلىرىنىڭ كۆرۈلگەنلىكىنى، توختىنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىش گۇرۇپپىسىدىكى بەزى بىر ئۇيغۇرلار بۇ ھەقتە ئەھۋاللارنى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا ئېيتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.(4)



توختى مۇزارتنىڭ ئۈچ توملۇق كىتابى
«ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تارىخى»

نەقىل مەنبەلىرى:

(1)،(2) توختى مۇزارتنىڭ ئايالى «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى»دا نەقىل قىلغان.

(3)https://uygview.rfaweb.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/toxti-muzat-nime-qilidu-02182009015055.html?searchterm:utf8:ustring=%20مۇزات

(4)https://uygview.rfaweb.org/uyghur/xewerler/muhit-salametlik/toxti-muzat06012015160406.html




# ئارتۇر ۋالدرون:

# خىتاينىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

## ئامېرىكا ئىدىيە پېشىۋالىرى رىياسەتچىسى جان جېكىلەكنىڭ ئارتۇر ۋالدرون بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى (2019-يىلى 11-ئاينىڭ 26-كۈنى)

**جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى، يەنى بېيجىڭدىكى رېجىم سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ناتسىست گېرمانىيەسىدىن بۇيانقى ئەڭ ئىپلاس رېجىم ھېسابلىنىدۇ.**
**- ئارتۇر ۋالدرون**

رىياسەتچى جان جېكىلەك (تۆۋەندە جېكىلەك دەپ ئېلىنىدۇ): كۆرۈۋاتقىنىڭلار «ئامېرىكا ئىدىيە پېشىۋالىرى» پروگراممىسى. مەن جان جېكىلەك. (**Jan Jekielek** ) بۇ بۇ پروگراممىدا بىز تارىخشۇناس، پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئارتۇر ۋالدورن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىمىز. ۋالدرون ئامېرىكا-خىتاي ئىقتىسادىي ۋە بىخەتەرلىكىنى كۆزدىن كەچۈرۈش كومىتېتىنىڭ قۇرغۇچى ئەزالىرىدىن بىرىدۇر. شۇنداقلا، ئۇ جېيمستون فوندىنىڭ مۇدىرىيەت يىغىنى ئەزاسىدۇر.
ئارتۇر ۋالدرون، سىز بىلەن «ئامېرىكا ئىدىيە پېشىۋالىرى» پروگراممىسىدا سۆھبەتتە بولىدىغانلىقىمدىن خۇشالمەن.

ئارتۇر: سىزگە كۆپ رەھمەت، بۇ مەن ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق ۋە شەرەپ.

جېكىلەك : ئارتۇر، بىلگىنىڭىزدەك، سىز قىرىق يىلدىن بېرى خىتاينى تەتقىق قىلىۋاتقان بىر ئالىمسىز، مەن مۇشۇنداقراق بىلىمەن. نۆۋەتتە سىز خىتايدا ۋە خوڭكوڭدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار توغرۇلۇق تولىمۇ ئۆزگىچە كۆز قاراشلاردا بولىۋاتىسىز. ئاۋام پالاتاسى تېخى يېقىندىلا بىردەك ھالدا «خوڭكوڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە قانۇن لاھىيىسى»نى ماقۇللىدى. مەن خىتاينىڭ ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنىڭ ئىنكاسىغا دىققەت قىلدىم. سىزدىن سوراپ باقسام، ئۇلار مۇنداق دېدى...

ئارتۇر: ئامېرىكا ئەلچىسىمۇ ياكى خىتاي ئەلچىسىمۇ؟

جېكىلەك: خىتاينىڭ ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق باش ئەچىسى.

ئارتۇر: ئىككىلى تەرەپ ئىنكاس قايتۇردى.

جېكىلەك : شۇنداق، خىتاي باش ئەلچىسى مۇنداق دېدى:« <خوڭكوڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە قانۇن لاھىيىسى> نىڭ ماقۇللىنىشى كىشىنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. ئامېرىكا خەلقى تەرىپىدىن شۇنچىۋالا چوڭ كۆرۈلگەن دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بەزى ئامېرىكالىق سىياسەتچىلەرنىڭ زوراۋانلىق ۋە قالايمىقانچىلىقنى توغرىغا چىقىرىشى ئۈچۈن سۇيىئىستېمال قىلىندى. ئۇلار توپىلاڭچىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرماقچىمۇ؟ بىز بۇنىڭدىن بەك بىئارام.» بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

ئارتۇر: بۇ بىر قېلىپلاشقان گەپ. بۇ كوممۇنىستلار دەپتىرىگە يېزىۋالغان گەپ. ھالبۇكى، خوڭكوڭدىكى مەسىلە – ئەيىبلىنىۋاتقان «توپىلاڭچى» قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خوڭكوڭدىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى خوڭكوڭ ھۆكۈمىتى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ **1997**-يىلىدىكى ۋە خوڭكوڭ خىتايغا تېخى ئۆتكۈزۈپ بېرىلمىگەن **1984**-يىلىدىكى ۋەدىسىنى تامامەن چۆرۈپ تاشلاپ، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى، دەرت-ئەلىمىگە قۇلاق سېلىشنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلىشىدىن كەلگەن. خىتاي مەخپىي ساقچىلىرىنى خوڭكوڭغا كىرگۈزمەكچى بولدى، نەتىجىدە خوڭكوڭ خەلقى ئورنىدىن تۇردى. ئەگەر خىتاي **1997**-يىلىدىكى ۋەدىسىگە ئەمەل قىلغان بولسا، خوڭكوڭ خەلقى بۈگۈنكى كۈندە بەلكىم خوڭكوڭ كوچىلىرىدا ئىككى يىلدا بىر قېتىم بېلەت تاشلاش ئۈچۈن سايلام بېلەتى تاشلايدىغان جايغا قاراپ ماڭغان بولاتتى. خوڭكوڭدىكى كىرىزىسنىڭ ھەممىسى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئاپەت خاراكتېرلىك قارارى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان، ئۇنىڭدىن قالسا، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بۇ مەسىلىنى چۈشىنىشتىكى خاتالىقىدىن كېلىپ چىققان.

جېكىلەك : ئارتۇر، بەلكىم سىز ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى يۈز بەرگەن يەنە بىر ھادىسىدىن خەۋەردار بولۇشىڭىز مۇمكىن. ماسكا تاقىۋالغان بىر نەچچە كىشى خوڭكوڭنىڭ «دەۋر ۋاقىت گېزىتى»نىڭ مەتبەئە زاۋۇتىغا باستۇرۇپ كىردى. بۇ چاغدا گېزىتلەر مەتبەئەدە بېسىلىۋاتقان ئىدى. باستۇرۇپ كىرگۈچىلەرنىڭ تەقى-تۇرۇقى نامايىشچىلارغا بىر ئاز ئوخشايدۇ. ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ قولىدا ساقچى كالتىكى بار. قولىمىزدا بۇ مەنزىرىنىڭ سىن ھۆججىتى مەۋجۇت. بىز سۆھبەتلەشكەچ ئاشۇ كۆرۈنۈشنى قويايلى. بۇنداق بولغاندا كۆرۈرمەنلەر يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلەيدۇ. بۆسۈپ كىرگۈچىلەر ئۇ يەرگە راستتىنلا ئوت قويۇۋەتتى. بەختكە يارىشا، ھېچكىم زەخمىگە ئۇچرىمىدى. باسمىخانىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى. خوش، ئۆز تەجرىبىڭىزگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، بۇ ئىشقا قانداق باھا بېرىسىز؟

ئارتۇر: مەنچە، بىرىنچى سوئال، بۇنى قىلغانلار كىملەر؟ بەلكىم بۇنى قىلغانلار كاللىسى قىزىپ كەتكەن نامايىشچىلارمۇ؟ بىز خوڭكوڭدا كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان تولىمۇ كومېدىيىلىك نۇقتىلاردىن بىرى خىتاي قارا جەمئىيەتلىرى ئارىسىدىكى كۈچلۈك ھەمكارلىقتىن، ياكى ھۆكۈمەت بىلەن «ئۈچلۈك ئىتتىپاقى»دىن ئىبارەت («ئۈچلۈك ئىتتىپاقى» خىتايدا جىنايەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قارا گورۇھتۇر). بۇ خىل ئەھۋال سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ كەڭ تارقالغان. بۇنىڭدا ھۆكۈمەت بىلەن تەشكىللىي شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان جىنايەتنىڭ قويۇق ھەمكارلىقى بولىدۇ. بۇ خىل شەكىلدىكى ھەمكارلىق ئاساسىدا ئىشلەنگەن جىنايەتلەر بولۇپمۇ مەركىزىي رايونغا تەۋە ئەمەس جايلاردا يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن، بۇ كىشىلەرنى «ئۈچلۈك ئىتتىپاقى»غا تەۋە، ئىنتايىن رەزىل ئىنسانلار دەپ قارايمەن.

جېكىلەك: سىزگە «ئۈچلۈك ئىتتىپاقى» توغرۇلۇق تېخىمۇ تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خوڭكوڭدىكى ھەرىكەت شەكلى توغرۇلۇق چوڭقۇرراق چۈشەنچە بەرگەن بولسىڭىز؟

ئارتۇر: «ئۈچلۈك ئىتتىپاقى» بىر مەخپىي تەشكىلات بولۇپ، بۇ تەشكىلات باشقا دۆلەتلەردىكى قارا جەمئىيەت-لەرگە بەكمۇ ئوخشىشىدۇ. ئۇلار قان بىلەن قەسەم قىلىش سىستېمىسىغا تايىنىدۇ. بۇ قارا جەمئىيەتلەردىكى قائىدە-نىزاملارغا ئوخشىشىدۇ. ھەر قانداق ئىشنى سىرتقا ئاشكارلاشقا بولمايدۇ. ئۇلار تولىمۇ مەخپىي يوسۇندا تەشكىللىنىدۇ.

جېكىلەك: ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، خوڭكوڭ ھۆكۈمىتى قانداقىسىگە بۇ ئۈچلۈك بىرلىكى بىلەن ھەمكارلىشىدۇ؟

ئارتۇر: چۈنكى، «ئۈچلۈك ئىتتىپاقى» (ھۆكۈمەتنى) زوراۋانلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، خوڭكوڭ ئەمدىلەتىن بۇ خىل ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە زەخىملەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى توختىتىپ، يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولىۋاتقاندەك تۇرىدۇ. بىراق، ھازىر بەزى ئىشلار يۈز بەرمەكتە. مەسىلەن، ئاق كىيىم كىيىۋالغان كىشىلەرنىڭ خەلقنى ئۇرۇشى. بۇ كىشىلەر «ئۈچلۈك بىرلىكى»گە تەۋە كىشىلەردۇر. ئەگەر، ھۆكۈمرانلار ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خەلقنىڭ رايىغا بىنائەن ئىش كۆرۈشنى رەت قىلىشنى قارار قىلسا، ئۇنداقتا بىردىنبىر چارە ئۇلارغا قورقۇنچ سېلىشتۇر. خوڭكوڭنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا باشقۇرۇلۇۋاتقان ساقچى قىسمى خەلققە يېتەرلىك دەرىجىدە قورقۇنچ سالالمىغان. بىراق، ناۋادا سىزنىڭ كىشىلەرنى گۆرۈگە ئالىدىغان ۋە ئۇرىدىغان قارا گورۇھلىرىڭىز بولسا، ئۇ ھالدا خەلقنى قورقۇنچ باسىدۇ.

جېكىلەك: بىزنىڭ كۆرگىنىمىزگە ئاساسلانغاندا، ساقچىلار ھەممىدىن بەك ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كىرىپ ئوقۇغۇچىلارنى قورشاۋغا ئالدى. بۇ نامايىشنىڭ تېخىمۇ بىر بالداق كۈچىيىشىدىكى، ھەمدە سىزنىڭ بىلگىنىڭىزدەك، ساقچىلارنىڭ زوراۋانلىقىنىڭمۇ كۈچىيىشىدىكى يېڭى ھەرىكەت بولدى. بۇنىڭ خوڭكوڭنىڭ ئالاھىدە ئورنىغا قانداق تەسىرى بولىدۇ، سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

ئارتۇر: مەن ئويلايلايمەنكى، خوڭكوڭنىڭ ئالاھىدە ئورنى ئاللىقاچان يوق بولدى. مەن بۇنداق بولۇشىنى خالىمايتتىم. بىراق، مەن خوڭكوڭنىڭ ئالاھىدە ئورنى ئاخىرلاشتى دەپ ئويلايمەن. (خوڭكوڭنىڭ نامايىشتىن ئىلگىرىكى ھالەتكە قايتىش مۇمكىن ئەمەس. ساقچى (ھۆكۈمەت بىلەن) كۈچلۈك رەۋىشتە كېلىشىۋالدى. قانۇنىي سىستېمىمۇ ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. خوڭكوڭدا تېخىچە مۇستەقىل ئەدلىيە ئورگىنى مەۋجۇت. بىراق، مەن ئويلايمەنكى،

ئەڭ مۇھىم ئىش خوڭكوڭدا كۆپلىگەن ئۇرۇشۇشلار يۈز بەردى، كۆپلىگەن زوراۋانلىقلار يۈز بەردى. كوممۇنىستلار بەلكىم مەلۇم كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ خەلقنى مەلۇم مۇددەت تۇتۇپ تۇرۇشقا قادىر بولالىشى مۇمكىن. بىراق، بەش-ئالتە ئاي ۋاقىت خوڭكوڭدىكى ھەر بىر كىشىگە كوممۇنىستلارنىڭ خەتەرلىكلىكىنى ۋە بىزار قىلارلىقلىقىنى، شۇنداقلا كوممۇنىستلارغا ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئۆگەتتى. ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان خوڭكوڭ خەلقى (خىتاي كومپارتىيىسىگە) بىر ئاز مايىل ئىدى، ياكى خوڭكوڭدىكى قۇرۇلمىدىن رازى ئىدى. بىراق، نۆۋەتتە يەتتە مىليون بەش يۈز مىڭ خوڭكوڭ خەلقى ئامېرىكانىڭ بىر تۇراقلىق ئىبارىسى بويىچە ئېيتقاندا، خىتاي كوممۇنىستلىرىغا «چىش تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتتى.»(**hate the guts**) ئۇلارنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىغا چىش تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇشى داۋاملىشىدۇ. بۇنداق كۈچلۈك غەزەپ-نەپرەت بىر ئۆمۈر داۋاملىشىدۇ. چۈنكى، سىز ئادەم ئۆلتۈرگىنىڭىزدە، زوراۋانلىق قىلغىنىڭىزدا، كىشىلەر بۇنى ئۇنۇتمايدۇ. مەن ۋىجىك بىر ياش يىگىتنىڭ «تېخنىكا-سانائەت ئىنىستىتۇتى» دىن يۈز كۆزى قانغا بويالغان ھالدا ئېلىپ چىقىپ كېتىلىۋاتقىنىنى كۆردۈم. مەن بۇ ياشنى **20** ياشلاردا دەپ پەرەز قىلدىم. يۈز بەرگەن ئىشلار تاكى ئۇ ئۆلگىچە ئۇنىڭ ئېسىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارشى چەكسىز غەزەپ-نەپرەت شەكىللىنىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ قىلغانلىرىغا نەزەر سالساق، ئۇلار ئىنتايىن ئەخمەقلەرچە ئىش قىلدى. ئۇلار ئەسلىدە مۇرەسسەلىشىشى ۋە خەلققە يول قويۇشى كېرەك ئىدى. (نامايىش بولغان) تۇنجى كۈنىدىن باشلاپلا (مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خەلق بىلەن) سۆھبەتلىشىشى كېرەك ئىدى. بىراق، بېيجىڭ باشتىن ئاياق (خەلقنى) تىزگىنەك بىلەن باشقۇرۇشقا تىرماشتى. ئەمما، خىتاي چۆچۈرىنى خام ساندى. نەتىجە شۇ بولدىكى، كومپارتىيە ئىدىيىسى (كومپارتىيىنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە) كومپارتىيىنى تۆۋەن كۆرىدىغان ۋە كومپارتىيىگە ئىشەنمەيدىغان مۇقىم ساندىكى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

جېكىلەك: قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا كەلسەك، خوڭكوڭ ئالىي سوت مەھكىمىسى يۈزىنى نىقاپلىۋېلىش بەلگىلىمىسىنى بىكار قىلدى. بىراق، قارىغاندا بېيجىڭ بۇ ئىشقىمۇ قول تىقىدىغاندەك تۇرىدۇ.

ئارتۇر: بۇ ھەقتە دائىم تالاش-تارتىش بولۇپ كەلدى. خوڭكوڭ ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىشتا ئۆزىنىڭ ئالىي سوت مەھكىمىسى بولۇشى كېرەكمۇ يوق؟ مۇنداقچە ئېيتقاندا، خوڭكوڭ خەلقى ئۆزىنىڭ ئالىي سوت مەھكىمىسى ئارقىلىق ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ. كىشىلەر شۇنداق قارايدۇكى، مەلۇم ئەھۋاللاردا، مەسىلە قارار چىقىرىلىشى ئۈچۈن بېيجىڭغا – دۆلەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تاپشۇرۇلۇشى مۇمكىن. بۇ ھېچبىر زامان سايلامغا مۇراجىئەت قىلمايدىغان ئورگان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ئورگان بىر ياغاچ قونچاققا ئوخشايدۇ. بۇ بىر سىياسىي ئورگان، بىراق ھەرگىزمۇ ئەدلىيە ئورگىنى ئەمەس. ھالبۇكى، نۆۋەتتە بېيجىڭ بەلكىم خوڭكوڭ ئالىي سوتىنىڭ قارارىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ، دېيىشمەكتە. بۇ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. خوڭكوڭ خەلقى بېرتانىيەنىڭ مۇستەملىكىلىكىگە چۈشكەن دەسلەپكى مەزگىللەردىن باشلاپلا، خوڭكوڭدىكى ئادالەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بىر تۈركۈم ئىشلار خىتايلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. شۇ ۋەجىدىن، خوڭكوڭدا ياشايدىغان خىتايلار قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدۇ. سىز بۇنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان غەربچە قاراش دېيەلمەيسىز. خوڭكوڭ خەلقى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى چىن دىلىدىن قوللايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىشنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش ئوخشاشلا خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولغان قانۇنىيلىقىنىڭ ئۆلىنى كولايدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دېيىشىچە، خوڭكوڭدىكى پروفېسسورلاردىن بىرى «يۈز بەرگەن ئىشلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، خوڭكوڭدا مۇستەقىل ئەدلىيە سىستېمىسى مەۋجۇت» دەپتۇمىش. ئەمما، مەن بۇ

پروفېسسورنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بۇ راست-يالغانلىقى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. خوڭكوڭلۇقلارغا بۇ نۇقتا ئايدىڭ. خوڭكوڭدا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقى خىتاي خەلقىنىڭ كۆڭلىگە ئايان. ئەلۋەتتە، ھەر بىر خىتاينىڭ كۆڭلىگە ئايان دېمەكچى ئەمەسمەن. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە خوڭكوڭ كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لاھىيىسىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىنى بىلىدىغان، ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئايان.

جېكىلەك: ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ خوڭكوڭ كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لاھىيىسىنى ماقۇللىشىنىڭ خوڭكوڭلۇق قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرگە بولغان تەسىرى قانداق بولىدۇ؟

ئارتۇر: مەنچە، بۇ ئۇلارغا ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ توغرىلىقىغا غايەت زور دەرىجىدە ئىشىنىش تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. بۇ تولىمۇ مۇھىم بىر نۇقتا. بىز ھەر تۈرلۈك ئىقتىسادىي مەسىلىلەر سەۋەبلىك كالللىمىز گاڭگىراپ، ھەتتا دېموكراتىك ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى ئۇنتۇشقىچە باردۇق. نۆۋەتتە بىزنىڭ كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تارىخىنىڭ قايتا ئىپادىلىنىشىدۇر. بۈگۈنكى دۇنيادا خىتاي ھەق-ھوقۇقنى ھەممىدىن بەك ئاياق ئاستى قىلغۇچى دۆلەتتۇر. خىتاي نۆۋەتتە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىككى (چوڭ) تۈر بار بولۇپ، خىتاينىڭ قىلىۋاتقانلىرى قانۇندا دېيىلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ دەل ئۆزى بولۇشىمۇ، ياكى بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئەمما، بۇ ئىككى تۈر بىز دەۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ تەبىرىگە تولىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ دۆلەتتە مىليونلىغان كىشىگە «قانۇنغا ئۇيغۇن رەۋىشتە» ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. خىتاي نۆۋەتتە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىككى تۈرنىڭ بىرى كىشىلەرنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى سۇغۇرۇۋېلىش. بۇ ئىچكى ئەزالارنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى خىرىستىئان مۇرتلىرى ۋە بۇددىستلاردۇر. نۆۋەتتە بۇنىڭغا مۇسۇلمانلارمۇ قوشۇلدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى بەك كۆپ. بىراق، ئورگانلىرى سۇغۇرىۋېلىنىدىغانلارنىڭ بۇ ئۈچ تەبىقىدىكىلەرنى نىشان قىلىنىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ياشاش شەكلى ئۇلارنىڭ قېنىنىڭ پاكىز تۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. سىز ناۋادا ئىچكى ئورگىنىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن جىنايەتچىلەرنى تاللىسىڭىز، قان تەكشۈرۈش قىلغاندا سىفلىس بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى، ياكى ئا تىپلىق، ب تىپلىق ياكى س تىپلىق جىگەر ياللۇغى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى بايقىشىڭىز مۇمكىن. بۇ، بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ ئىچكى ئورگىنىنى ئېلىۋېلىشقا بولمايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. شۇ ۋەجىدىن، بۇ قاراتمىلىقتا ئىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھېسابلىنىدۇ. بىراق، بۇنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىكەنلىكى تېخى قانۇن تەرىپىدىن پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىنمىدى. ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ تەبىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ. بىراق، ھەر يىلى ئون مىڭلىغان كىشى مەجبۇرىي ھالدىكى ئورگان تەقدىم قىلدۇرۇش سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنداق بىر جىنايەتنىڭ ئىشلىنىۋاتقانلىقى شەك-شۈبھىسىز ھالدا قوبۇل قىلىنىشقا ئېرىشتى. خىتاينىڭ نۆۋەتتە يۈرگۈزۈۋاتقان يەنە بىر تۈرى، شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدۇر. ئۇلار مىليونلىغان ئىنسانىنى سولىۋالدى، ئاندىن مەلۇم مەنىدىن قارىغاندا ئۇلارنى خىتايلاشتۇرىدىغان، مەلۇم مەنىدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ مۇسۇلماندارچىلىقىنى يوق قىلىدىغان ئاجايىپ غەيرى بىر ئىشنى قىلدى.

جېكىلەك: خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى قانداق؟ يەنە بىرى، گەرچە ھەر خىل ئېنىقلىمىلار بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇ بىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىدەك تۇرىدۇ.

ئارتۇر: مۇنداقچە ئېيتقاندا، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا دەپنە كۆيدۈرۈش ئورۇنلىرىنى قۇردى. مەن بۇ جەھەتتە بەكلا چەكلىك ئۇچۇرغا ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن، بۇنى قۇرۇشتىكى ھەقىقىي مەقسىتىنى بىلمەيمەن. گەرچە، يېقىندا نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى خىتاينىڭ (بۇ ھەقتىكى) تۆت يۈز بەتلىك مەخپىي ھۆججىتىنى ئاشكارىلىغان بولسىمۇ، بىز سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان رەسىملەردىن زور كۆلەمدىكى لاگېر قۇرۇلۇشلىرىنى كۆردۇق. كىشىلەر بۇ جايلارغا سولانغان. بۇ لاگېرلاردا يېتىپ چىققان ئىنسانلارنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئۇلارغا جىسمانىي جازا بېرىلگەن، مېڭىسى يۇيۇلۇشقا مەجبۇر بولغان. تېخىمۇ قورقۇنچلۇقى، مەن ئۇ يەرلەردە كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى جەزم قىلالايمەن. بىراق، خىتاي ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ بىلىنمەسلىكى ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاننى ئۇنۇملۇك ھالدا سىرتقى دۇنيادىن ئايرىۋەتتى.

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىم مەن دەۋاتقان ئىككى تۈرلۈك ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن ئىبارەت. بۇلاردىن بىرى، كىشىلەرنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى سۇغۇرۇۋېلىش. بۇ جىنايەتتە يىلىغا تەخمىنەن سەكسەن مىڭ ئىنسان ئۆلۈپ كېتىدۇ. يەنە بىرى بولسا، ئۇيغۇرلار قامالغان يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدۇر. ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قانچىلىكى قىيىن-قىستاقتا ئېلىنىۋاتىدۇ ياكى ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ، بىز بۇنى بىلمەيمىز. بىراق، بىز مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ بۇ لاگېرلارغا قامالغانلىقىنى بىلىمىز. يىغىنچاقلىغاندا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى، يەنى بېيجىڭدىكى رېجىم سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ناتسىست گېرمانىيەسىدىن بۇيانقى ئەڭ ئېپلاس رېجىم ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھال بىزغەربلىكلەر ئۈچۈن بىر مەسىلە كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۈنكى سىزمۇ ماڭا ئوخشاش «(ئىرقىي قىرغىنچىلىق) مەڭگۇ يۈز بەرمىسۇن» دېگەن سۆز مەۋجۇت بولغان مۇھىتتا چوڭ بولغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بىراق، بىز بۇ خىلدىكى مۇرەككەپ ئەخلاقىي مەسىلىگە دۇچ كېلىشنى ئويلاپ باقمىغان ئىدۇق. ھېچكىم قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نۆۋەتتە ھېچكىم بۇ جەھەتتە بىرەر ئىش قىلمايۋاتىدۇ. شۇڭا مەن شوئارىمىزنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، «ھەرگىز يۈز بەرمىسۇن» دېگەن جۈملىدىكى «ھەرگىز» سۆزىنى ئېلىۋېتىپ، «يەنە يۈز بەرسۇن» دېيىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەن بۇنى تارىخىي سىگنال دەپ قارايمەن. ئىنسانلار مانا مۇشۇنداق. كۆنىمىزدىمۇ كىشىلەرنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئولجا ئېلىنىۋاتىدۇ، كىشىلەر ئۆلتۈرۈلىۋاتىدۇ. ئىلون ماسكتەك كىشىلەر، ئاپتوموبىل كارخانىلىرى خىتايغا مىليونلارچە دوللارنى مەبلەغ سالغان. بىز بۇنداق قىلماسلىقىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ ئىقتىسادىي سىستېما قانۇنىمىزغا زىت. بىزنىڭ ئىقتىسادىي سىستېمىمىز بىلەن خىتاينىڭ ئىقتىسادىي سىستېمىسى چوقۇم بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىلىشى كېرەك. بىز ئوتتۇز يىلدىن بېرى خىتاي بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە زىچ بىرىكىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئىقتىسادىي سىستېمىمىزنى ئۇلارنىڭكىدىن ئايرىۋېتىش تولىمۇ قىيىن. بىراق، ئەگەر بىز ئامېرىكانىڭ قىممەت قارىشىنى ساقلاپ قالماقچى بولساق، كۆنىمىزدىكى ناتسىست رېجىمى بىلەن ھەمكارلاشماسلىقىمىز كېرەك.

جېكىلەك: بۇلار ئامېرىكانىڭ دىپلوماتىيە ئىستراتېگىيىسى جەھەتتە خىتايغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى ئېسىمگە سالدى. ھەقىقەتەن بۇ بىر نەچچە يىلدا، ئاز دېگەندىمۇ ئۆتكەن ئۈچ يىلدا ئەھۋالدا كۆپ ئۆزگىرىش بولدى. ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياسەت ئىستراتېگىيىسىگە، شۇنداقلا ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق قارايدىغانلىقىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

ئارتۇر: ئالدى بىلەن، بىزنىڭ خىتايدا دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىمىز بار. ئۇلارنىڭمۇ بۇ يەردە دىپلوماتلىرى بار. بۇ بىر زۆرۈرىيەت. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچلىك، يۇقىرى دەرىجىلىك سۆھبەتلەر مەۋجۇت. بۇنىڭ سىرتىدا، بىز خىتايغا ئەينى چاغدا سوۋېتقا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. بىز رۇسىيەنى يېتىم قالدۇرغان ئىدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىرگە ئۆزىمىزگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم لېنىيەلەرنى ساقلاپ قالغان ئىدۇق. نىكسون خىتاي بىلەن مۇناسىۋىتىمىز بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان. مەنچە، بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ بىر خىتاي مەشۇقى بولغانلىقىدا. بىلىشىمچە، ئۇ ئايالنىڭ ئىسمى ئاننا مارىيە ۋاڭ. بۇ ئايال ھازىر ھايات ئەمەس. بۇ ئايال ئۆلۈپ كەتكەن گېنىرالنىڭ قىزى. نىكسون بۇ ئايال بىلەن خوڭكوڭدىكى ھىلتون مېھمانسارىيىدا كۆرۈشكەن. بۇ چاغدا نىكسون **40** ياشتا، بۇ ئايال شۇ چاغدا **20** ياشلىق قىز ئىدى. مېھمانسارايدا كوكتېيل ھارىقى كۈتكۈچىسى ئىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەقىقىي مۇھەببەت شەكىللەندى ۋە تولىمۇ چوڭقۇر بولدى. نىكسون ھەر قېتىملىق ۋېيتنام سەپىرىدە خوڭكوڭغا چۈشۈپ ئۆتەتتى. ھازىر، سىزنىڭ ۋېيتنامغا بېرىش ئۈچۈن خوڭكوڭدا چۈشۈپ قېلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. بىراق، نىكسون دائىم شۇنداق قىلاتتى. نىكسون ئامېرىكاغا كەلگەندە، قىزمۇ ئامېرىكاغا كۆچۈپ كەلدى ۋە نىكسوننىڭ تۇرالغۇسىغا يېقىنراق جايدا ئولتۇراقلاشتى. (كېيىن) نىكسون ئۆلگەندە، بۇ ئايال نىكسوننىڭ قەبرىسىگە يوقلاپ باردى. قارىماققا، بۇ گەپلەر مۇھىم ئەمەستەك بىلىنىشىدۇ. بىراق، مەن شۇنداق ئويلايمەنكى، نىكسوننىڭ بىر خىتاي بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇشى، ئۇنىڭ خىتاي ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ئەجابىي تەرەپكە تارتىدۇ. نىكسون دوكتور كېسىنجىرنى ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىگە قويىدى. بۇ بەكمۇ ئېغىر بىر

خاتالىق بولدى. كىسسىنجىر زىرەك ئادەم ئىدى. بىراق، خىتاي بىلەن باردى-كەلدى قىلىشتا، خىتايىنى چۈشىنىدىغان ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولۇشى لازىم. كىسسىنجىر خىتايغا بىرىپ خىتايىنى بەزى جەھەتتىن چۈشەنگەن بولدى. خىتايلار بىزنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت قۇرماقچى ئىكەنلىكىمىزنى بىلەتتى. جۇئېنلەي «ئامېرىكادا ئاز دېگەندىمۇ خىتايچىنى پىششىق بىلىدىغان يىگىرمىدەك كىشى بارلىقىنى بىلىمەن. شۇنداقلا، ئۇلار خىتايدا ئۇزاق يىل ياشىغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خىتايدىكى چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ يېقىن دوستى. ناۋادا خىتاي بىلەن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاي دېسە، (كىسسىنجىرنى ئەمەس) شۇلاردىن بىرىنى تېپىشى كېرەكتىغۇ؟» دېدى. كىسسىنجىر خىتايدىكى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ناھايىتى ئەستايىدىل تەييارلىق قىلدى. شۇنداقلا، ئۇلار ئومۇمىي جەھەتتىن خارۋارد ئېقىمىدىكىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان، خىتاي توغرىسىدا خاتا كۆز قاراشلار بىلەن تولغان كىتابلارنىلا ئوقۇدى. (شۇنداق بولۇشىغا قارىماي) بۇ كىتابلارنىڭ نوپۇزى تولىمۇ ئۈستۈن ئىدى. كىسسىنجىر خىتايغا يېتىپ باردى. جۇئېنلەي مۇنداق دېدى:«بۇ ئامېرىكالىقلارنىڭ قىلتىقى بولۇشى ئېنىق. ئامېرىكا نېمشقا خىتاي مەسىلىسىدە كەسپىيلەشكەن، تالانتلىق مۇتەخەسسىسلىرىنى ئەۋەتمەي، ئەكسىچە يەھۇدىي ئەسلىلىك، ۋېنا يىغىنى مۇتەخەسسىسى سۈپىتىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورىنى خىتايغا ئەۋەتىدۇ؟ بۇ چوقۇم ئامېرىكانىڭ ھىيلىسى. ئامېرىكالىقلارنىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشىغا ئۇچراشنىڭ، ئامېرىكالىقلار تەرىپىدىن دۈمبىسىگە پىچاق سانجىلىشنىڭ تەمىنى تېتىشتا، مېنىڭ كونا خوجايىنىم جياڭ جيېشىدىنمۇ تەجرىبىلىك يەنە بىرى بارمۇ؟ مەن بۇ ئىشتا ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي. چۈنكى، ئۇ ئامېرىكالىقلارنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان بىردىنبىر خىتاي.» شۇنداق قىلىپ، بېيجىڭ بىلەن تەيبېي ئوتتۇرىسىدا مەخپىي تېلفون سۆھبىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ تولىمۇ ھەيران قالارلىق، ئەمما، ئانچە بىلىنمىگەن بىر پاكىت. سابىق دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ۋە يازغۇچى جېي تايلور **(Jay Taylor)** بۇ مەسىلىدىن تەيۋەندە پېنسىيىگە چىققان گومىنداڭ ئەمەلدارى بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدا خەۋەر تاپقان. جۇئېنلەي كىسسىنجىر بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، جياڭ جيېشىغا تېلفون قىلغان ۋە «بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟ ئەجىبا، ئامېرىكا ھىيلە ئىشلىتىۋاتقانمىدۇ؟» دەپ سورىغان. بۇ ئىشنى مەنمۇ سۈرۈشتۈرۈپ باقتىم. مەن جۇئېنلەي توغرۇلۇق يېپىدىن يىڭىنىسىغىچە بىلىدىغان بىر خىتايىنى تونۇيتتۇم. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھەتتا جياڭ بىلەن جۇ ئارىسىدىكى مەخپىي سۆھبەتكە مەسئۇل بولغان، خوڭكوڭدىكى بىرىنىڭ ئىسمىدىن تارتىپ ماڭا دەپ بەردى. ئەگەر سىز كىسسىنجىرنىڭ ئەسلىمىسىنى ئوقۇسىڭىز، ئەينى چاغدا تەيۋەندە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىدىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ پىلانىنى، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، نەگە بارىدىغانلىقىنى تولۇق بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىسىز. كىسسىنجىر دەسلەپتە ئىستراتېگىيىلىك جەھەتتە ئەۋزەللىككە ئىگە بولماقچى بولدى ۋە ناۋادا بىز خىتاي كومپارتىيىسى بىلەن ھەمكارلىشالىساق، ئۇ ھالدا بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن بىر باش ئاغرىقى بولىدۇ. ناۋادا كەلگۈسىدە خىتاي بىزگە باش قېتىنچىلىقى ئېلىپ كەلسە، ئۇ ھالدا سوۋېت بىلەن بىرلىشىپ خىتايغا قارشى تۇرساق بولىدۇ، دەپ ئويلىدى. بىراق، بۇلار ئەمەلىيەتتە ئۇخلىماي تۇرۇپ چۈش كۆرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. كىسسىنجىر ئېرىشمەكچى بولغانلىرىدىن ھېچقايسىسىغا ئېرىشەلمىدى. ئۇ خىتايىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ۋېيتنامدىن چىقىپ كېتىۋېلىشنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، بىراق ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. چۈنكى، خىتاي تەرەپ كىسسىنجىرنى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا تىلەمچىلىك قىلغىلى كەلدى، دەپ چۈشەنگەن. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي تەرەپ مەخپىي ئالاقە ئارقىلىق كىسسىنجىرنىڭ ھەممە غەرەزلىرىنى بىلىۋالغان ئىدى. دېمەك، ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ خىتاي ئارقىلىق سوۋېتنىڭ تەسىرىنى يوق قىلىشتەك ئىستراتېگىيىلىك دەۋرىمىز بولغان. تاكى، **1991**-يىلى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سوۋېتنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنى ھەيران قالدۇرغان ئىش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى بولدى. سوۋېت بىلەن خىتاي ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كەلىمە «پارچىلىنىپ كېتىش» كەلىمىسىدۇر، ھەرگىزمۇ «ۋەيران بولدى» كەلىمىسى ئەمەس. رۇسىيە تېخىچە مەۋجۇت، رۇسىيەدە ئۆزگەرگەن نەرسە بەزى تەشكىلىي سىستېمىلارنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. كىسسىنجىر رۇسىيەنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان. بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىلغىنى « ئەمدى بۇنداق ئۆرۈنلاشتۇرۇشنىڭ ھېچبىر ئىستراتېگىيىلىك زۆرۈرىيىتى يوق، ئەمدى خىتايغا

ياخشىچاق بولۇشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى. ھالبۇكى، كىشىلەر (بۇ نۆۋەت) خىتايغا بېرىپ پۇل تېپىشقا باشلىدى. كىشىلەر ئەمدى ئىستراتېگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش دېگەندەك گەپلەرنى ئۇنتۇپ كېتىشكە باشلىدى. ئەمدىلىكتە، ئاتالمىش ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى جەھەتتە سۆزلەر بولۇنۇشقا باشلىدى. «بىز چوقۇم خىتاي بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمىز كېرەك» دېگەن پىكىرلەر تارقالدى. ئەگەر سىز كېسىنجېرنىڭ خىتاي توغرىسىدا يازغان كىتابىنى ئوقۇپ باقسىڭىز، كىتابتىكى خۇلاسە «خىتاي كومپارتىيىسى بىلەن ئامېرىكا ھەمكارلىشىپ يېڭى دۇنيانى بەرپا قىلسا بولىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. توغرا، يېڭى دۇنيا بەرپا قىلىش كېرەك. بىراق، ناۋادا ئامېرىكا ياۋروپا بىلەن ھەمكارلاشسا، ياكى ھىندىستان بىلەن ھەمكارلاشسا، بۇنىڭ تولىمۇ ياخشى. ئەمما، خىتاي بىلەن ھەمكارلاشقۇدەك ئالاھىدە نەرسە يوق. كېسىنجېر ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. پەقەت خىتايدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خىتاي ئىكەنلىكىگە، تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتە ئۆزى بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. بىراق، ئۇ خىتاي سىياسىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى توغرۇلۇق، شۇنداقلا خىتاي جەمئىيىتىنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتچانلىقى توغرۇلۇق ھېچقانداق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىشلارنى تولىمۇ تۆز ئويلايتتى. ئەنگلىيەلىك بىر روھىي كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى «خىتايچە چىرايلارنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈش» ماۋزۇدا بىر كىتاب يازدى. مەن ئوقۇتۇش ھاياتىمدا بۇنىڭ ئەڭ قىيىن ئىشلار جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. گەرچە مەلۇم شەخس ئۆزىدە خىتايلارغا ئوخشاش ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلسىمۇ، ئەمما، ئۇ ئىپادە قىلغان ئالاھىدىلىك باشقا بىر مىليار تۆت يۈز مىليون خىتاي بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى تامامەن قارمۇ-قارشى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىنى پەسكويغا چۈشۈرۈش كېرەك بولغان چاغدىمۇ، بىز يەنىلا خىتاي بىلەن يېقىنلىشىپ كېتىۋەردۇق. تاكى تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقى بولغۇچە، بىز خىتاي ئۈچۈن قورال-ياراق سىستېمىسى قۇرۇپ بېرىۋاتاتتۇق. **1989**-يىلىدىكى تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، بىزنىڭ ئاز تولا تەسىر كۆچىمىز بار چاغدا، پرېزىدېنت بۇش تېلۋۇزۇردا بۇ قەتلىئامنى قاتتىق ئەيىبلەيدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، دېڭ شياۋپىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ – ئەينى چاغدا دېڭ شياۋپىڭ بۇ جىنايەت گورۇھىنىڭ باشچىسى ئىدى – «بىز سىزنى ياخشى كۆرىمىز» دېگەندەك گەپلەرنى دېگۈزدى. ئاخىرىدا، ئەسىر ئالماشقاندا نەتىجە ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈلدى. خىتاي ئەسلا ئەركىنلىك يولىغا ماڭمىدى. ئەگەر، كومپارتىيە رېجىمىدا ئۆزگىرىش بولدى دېيىلسە، نۆۋەتتە ماۋزېدوڭ دەۋرىدىكىدىن تېخىمۇ مەخپىي (ئىش كۆرىدىغان)، تەشكىللىك ئىگە كومپارتىيە بار بولدى. ماۋ ناھايىتى كۆپ ۋەيرانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىراق، ئۇ ئىنتايىن تەرتىپسىز ئىدى. ئەمما، (ماۋنىڭ ئىزباسارى بولغان) نۆۋەتتىكى كىشىلەر ناھايىتى سىستېمىلاشقان، ھەر قانداق ئىشنى ئىشەنگۈسىز نازارەت قىلىپ تۇرماقتا. ئاۋاز پەرقلەندۈرۈش ... دېگەنلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. ناۋادا سىز بېيجىڭ پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ قالسىڭىز، ئۇ يەردىن دەرھال قېچىپ كەتكۈڭىز كېلىدۇ. چۈنكى، سىزنىڭ كىملىكىڭىزدە بىر ئۆزەك بار، ساقچىلار شۇ ھامان ئالدىڭىزدا پەيدا بولىدۇ. ناۋادا ساقچى سىزنى ئىزدەپ تاپماقچى بولسا، ئۇسكۇنىسىنىڭ ياردىمىدە بەش مىنۇتتىلا ئالدىڭىزدا ئۈنۈپ بولىدۇ. ساقچى خالىغان چاغدا سىزنى تاپالايدۇ. بۇ تولىمۇ رەزىل قىلمىش. خىتاي جەنۇبىي دېڭىزنى يۇتۇۋالغاندا ھېيگ خەلقئارالىق سوتىغا تاپشۇرۇلدى. سوتتىن خىتاينىڭ ئۆزى قول قويغان دېڭىز-ئوكيان قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى توغرۇلۇق ھۆكۈم چىققاندا، خىتاي رەھبەرلىرى خاتالىقنى تونۇدى، ئەمما «بىزنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارىمىز يوق» دېيىشتى. كىشىلەر ئويغىنىشقا باشلىدى. ئوباما ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ئىۋان مېدېروس ئىسىملىك بىر كىشى – ھازىر ئۇ كارنىگ فوندىنىڭ ئەزاسى – «بىز شىجىنپىڭغا ياردەم بېرىشىمىز، ئۇنى قوللىشىمىز كېرەك» دېگەن ئىدى. مەن بۇ سۆزنى پەقەتلا قوبۇل قىلالمايمەن. مانا بۇ بىزنىڭ دوستلۇق شەكىللەندۈرۈش ئۇسۇلىمىز. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بىر بالايى-ئاپەت. نەتىجىدە، خىتاينىڭ تۇپراق تاجاۋۇزچىلىقى ياكى دېڭىز-ئوكيان تاجاۋۇزچىلىقى ئارقىلىق ئېرىشكەن تېررىتورىيىسى كۆلەم جەھەتتە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ كۆلىمىدىن ئەللىك پىرسەنت چوڭ. بۇنىڭغا بىز ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدۇق. بىزنىڭ بۇ خىل شەكىلدە يول قويۇشىمىز ئۆزۈن يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلدى. تولىمۇ ئېنىقكى، خىتاي قىلىنماسلىقى كېرەك بولغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. كىشىلەر بولسا خىتاي بىلەن بىللە پۇل

تېپىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي مۇلۇكلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، پرېزدېنت ترامپ تەختتكە چىققاندا، ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىلىك خىتايشۇناس مەسلىھەتچىلەرنى تاللىدى. يىغىنچاقلىساق، نىكسون چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزدى. ھەقىقەتەن شۇنداق. (خىتاي بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇش ۋە يېقىنلىشىشتا) بەكلا ئالدىراپ كەتتى، چۈنكى، ئۇ مۇشۇنداق قىلىشنى خالايتتى. 1964-يىلى فرانسىيە خىتاينى دۆلەت سۈپىتىدە تونۇدى. بۇ بىر چوڭ ھادىسە. دېگول بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. بىزنىڭ غەزىمىزمۇ خىتاي بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىدى. بىز بولساق «قارىمامدىغان، فرانسىيە خىتاينى قوبۇل قىلدى، بىز ئون يىل ساقلايلى. فرانسىيەلىكلەر خىتاينىڭ ئەھۋالىنى بىلسۇن. خىتاي قۇرغان توسۇقلارنى ئۇلار بۆسۈپ ئۆتسۇن، بىز ھەر قايسى جەھەتتىن ئۇلارغا ئىلھام بېرەيلى» دېيىشتۇق. بۇ بۆلۈك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بىزنىڭ ھەقىقىي رەۋىشتىكى خىتاي مۇتەخەسسىلىرىمىز بولغاندىن كېيىن، بىز ئەينى دەۋرنىڭ ۋەزىيىتىگە ماس كېلىدىغان ئامېرىكا-خىتاي ئىستراتېگىيىسىنى لاھىيەلىدۇق. بىراق، كېسىنجىر خام خىياللارغا بەنت بولدى. كېسىنجىر ۋە نىكسوننىڭ خىتاي سىياستى ئامېرىكا تاشقى مۇناسىۋەت ئىستراتېگىيىسىدىكى ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەتتۇر. كېسىنجىرنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىشى يېتەرسىز ئىدى. ئۇ ئۆزىگە بەك ئىشىنەتتى. ئەلۋەتتە، ئەينى چاغدا خارۋاردنىڭ پروفېسسورلىرى ئۆزىگە بەك ئىشىنەتتى. يىغىنچاقلىساق، كېسىنجىر ئۆز ۋەزىيىسىنى ئورۇندىيالمىدى. خام خىيالى بويىچە، ۋېينا يىغىنىنى ئانالىز قىلىش ئۇسلۇبى بويىچە ئىش كۆردى. خىتاينى ۋېينا يىغىنى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىش ئاساسىدا ئىش كۆرۈش ھەرگىزمۇ بىر ياخشى تاللاش ئەمەس ئىدى. (خىتاي بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇش ئۈچۈن) خىتاي تارىخى ۋە ئاسىيا تارىخى جەھەتتە ياخشى چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش لازىم. كېسىنجىرنىڭ ئەقىل پاراستى قاتارلىق جەھەتلەردە ھازىرمۇ ئۇنى چوڭ بىلىدىغانلار بار. ئەمما، ئۇ ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىدۇر. كېسىنجىر نۇرغۇنلىغان سالاھىيەتلەر بىلەن خىزمەتكە چۈشكەن ئىدى، ئاقىۋەتتە ئۇ ئىشلارنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئۇ بەئەينى تولىمۇ ئېگىز بىر يەردىن چۈشۈپ كەتكەن كىشىگە ئوخشايدۇ. كىشىلەر بۇ نۇقتىنى ھامان تونۇپ يېتىدۇ، ئەمما، بۇنىڭغا بىر ئاز ۋاقىت كېتىدۇ.

جېكىلەك: يەنە بىر مۇھىم ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ، خىتاي تاكى يېقىنغىچە دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن دۆلەت بولۇپ كەلمەكتە. (بۇ جەھەتلەردە پىكرىڭىزنى ئاڭلاپ باقساق.)

ئارتۇر: مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاشتىن ئىبارەت. بىز ھىندىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزدىن ياكى ھىندونېزىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزدىن ئەنسىرىمەيمىز. گېرمانىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزدىنمۇ ھەم شۇنداق. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىز چوقۇم مۇرەسسە قىلىپ، يول قويغاندىلا ئاندىن داۋاملاشتۇرغىلى بولىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. خىتاينىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بىز ئومۇمىي جەھەتتىن دۇنيا سودا تەشكىلاتى بېكىتكەن ئاشۇ قائىدە-نىزاملارنى چۆرۈپ تاشلىدۇق. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، خىتاينىڭ پۇلىنى ئايرىۋاشلىغىلى بولمايدۇ. بەلكىم سىز بىر سومكا خىتاي پۇلىنى كۆتۈرۈپ رىۋاناغا بارسىڭىز، بەلكىم بىرى سىزدىكى پۇلنى تېگىشىپ بېرىشى مۇمكىن. بىراق، خىتاي پۇلىنىڭ ئايرىۋاشلاش نىسبىتى بازار تەرىپىدىن بەلگىلەنمەستىن، خىتاي بانكىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بەئەينى ئۆتمۈشتىكى رۇسىيە رۇبلىسىغا ئوخشاش. ئەگەر سىز نورمال شەكىلدىكى ئايرىۋاشلاش نىسبىتىگە قارىسىڭىز، ئۇنىڭ توختىماستىن ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئەركىن بازار ئىقتىسادى ئۈچۈن لاھىيىلەنگەن. بىراق، خىتايدا ئەركىن بازار ئىقتىسادى مەۋجۇت ئەمەس. شۇنداقلا، ئەركىن بازار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ئۆسۈم نىسبىتىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. خىتايدا پۇلنىڭ قىممىتىنى بازار بەلگىلەيدىغان ئىشمۇ يوق. شۇ ۋەجىدىن، خىتاي ئەسلىدە دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا مەنسۇپ ئەمەس. ئامېرىكا خىتاينى مەلۇم ئۇسۇلدا پەپىلەش ئۈچۈن دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئېلىپ كىردى. خىتاينىڭ نىكسون بىلەن كېسىنجىرنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك بولۇشى ئۈچۈن، يەنى خىتاينى ئامېرىكادىن ئۆگىنىپ، دېموكراتىيەلىشىدۇ

دەپ قارىغانلىقىنى ئۇچۇن شۇنداق قىلدى. ھالبۇكى، خىتاي بۇنداق قىلمىدى.

جېكىلەك: يەنە بىر چوڭ مەسىلە، سودا ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدۇر.

ئارتۇر: شۇنداق. مەن بۇنى ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالداش دەپ قارايمەن. مەن دائىم بۇ ھەقتە مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرىمەن. سىزنى نيۇ يوركتىكى **86**-كوچىدا ياشايدۇ دەپ قارايلى ۋە بۇ كوچىدا يەرلىك تەييار يېمەكلىكلەر دۇكىنى بار دەپ قارايلى. دۇكاننىڭ ئەينىكىدىن دۇكاندا سېتىلىدىغان قالتىس ئىتالىيە تاتلىق-تۈرۈملىرى، يېيىشلىك پىشلاقلار ۋە كۆركەم شەكىلدە كېسىپ تەييارلاپ قويۇلغان گۆشلەر، شېشىلەرگە قاچىلانغان قىممەت پۇللۇق ھاراق-شاراپلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سىز بۇ دۇكاننىڭ ئالدىدىن قارىسىڭىز يۇقىرىقىدەك ھەشەمەتلىك يېمەك-ئىچمەكلەر كۆزىڭىزگە تاشلىنىدۇ. ئەمما، سىز دۇكانغا كىرىپ ئارقا تەرىپىگە ئۆتسىڭىز، ئۇ يەردە يېمەكلىكنى سوغۇق ۋە يېڭى ھالەتتە ساقلاش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان چېلەكلەر بار. بۇ چېلەكلەردە يېڭىدىن سۇغۇرۇۋېلىنغان بۆرەك، جىگەر، يۈرەكلەر بار. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرى. ئېسىمىزدە بولسۇكى، مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە، كىشىلەرنىڭ ئىچكى ئەزالىرى كېسىپ ئېلىنىۋېلىنىۋاتىدۇ. كىشىلەر تېخىچە زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتىدۇ. بۇ ئىچكى ئەزالارنىڭ نۇرغۇنلىرى خىتاينىڭ قېرى رەھبەرلىرىگە، ياكى ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىغا تەمىنلىنىۋاتىدۇ. يېقىندا خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن بىرى راك كېسىلى بولۇپ قالغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئىچكى ئورگانلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلغانلىقىنى تىلغا ئالغان. خوش، سىز بايا بىز بايان قىلغان دۇكانغا قانداق باھا بېرىسىز؟ ئەجابا سىز مەن پەقەت دۇكاننىڭ ئالدى تەرىپىدىكى پۇكەيلەردىن يېمەك-ئىچمەك سېتىۋالىمەن، دۇكاننىڭ ئارقا تەرىپىدىكى، ئىنساننى تىرىك توختۇتۇپ تۇرۇپ ئېلىۋېلىنغان ئىچكى ئەزالىرى بىلەن كارىم يوق دەمسىز؟ بۇ يېڭى ئىچكى ئەزالارنىڭ نەدىن كەلگىنىنى خۇدا بىلىدۇ. سىز بۇ دۇكان زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ دەپ قاراپ تۇرامسىز؟

جېكىلەك: بۇ مىسال ئادەمنىڭ توخۇ ئەتلىرىنى ئۆرلىتىۋېتىدىغان بولسىمۇ، ئەمما، ھەقىقەتەن قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەن.

ئارتۇر: مانا بۇ ئامېرىكالىقلار يېقىنقى يىللار مابەينىدە دۇچ كەلگەن ئىشلار. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خىتايدا مىليونلىغان ئادەم خىتاي رېجىمىنىڭ قىرغىن قىلىشىغا ئۇچراۋاتقاندا، ماسك ئەپەندى خىتايغا مىليون دوللارلاپ مەبلەغ سالماقتا. قانچىلىغان تۈركلەرنىڭ خىتاي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. غايەت زور ساندىكى ئىنسان رەھىمسىزلەرچە خورلىنىدىغان جايلارغا سولاندى. خىتايدا قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئەركىنلىك دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق. ئىقتىسادىي ئامىل ئىقتىسادىي ئامىل سىياسىي ئامىلنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. بۇمۇ بىزنىڭ خىتايدىن ئىقتىسادىي جەھەتتە خىتايدىن چەك ئايرىشىمىزنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى. چۈنكى، بىزنىڭ خىتاي بىلەن بولغان تىجارىتىمىزدە بىزنىڭ قېرىغاندا كۈتۈنۈش پۇلىمىزمۇ مەبلەغ قىلىنىپ سېلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا خىتاي پەقەت ئاشۇ زىيان ئىچىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرى ۋە باج ئارقىلىقلا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىسا، ئەھۋال تامامەن باشقىچە بولغان بولاتتى.

ھېتلىرنىڭ يەھۇدىلارغا ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلىشى توغرا ئەمەس. ئەمما، گېرمانىيەنىڭ لايكا شىركىتى-نى تولىمۇ ئىلغار كامېرانى ياساپ چىقىرىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا، بىز نېمىشقا (خىتاي بىلەن سودا قىلغاندەك) گېرمانىيەنىڭ لايكا شىركىتى بىلەن سودا قىلمايمىز. بىر تەرەپتىن بىز خىتاي رېجىمىنىڭ يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلىرىنى قوللىمايمىز دەپ قويۇپ، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ بىلەن سودىنى داۋاملاشتۇرساق، بۇ بىر ئىككى يۈزلىمىچىلىك بولۇپلا قالماي، يەنە بىر نۇقتىدىن (خىتاي رېجىمىغا قارشى تۇرىشىمىز) مۇمكىنسىز بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، سودا بىلەن كىشىلىك ھوقۇق بىر-بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە بېقىنىدۇ. بەختكە قارشى، خىتايغا ئەڭ ئاسان ئىشىنىپ قالىدىغانلار ئامېرىكانىڭ سودا ساھەسىدىكى ئاشۇ ماگناتلاردۇر، مورگان ستېينلىي قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىدۇر. ئۇنىڭ دېيىشىچە، خۇددى

بېيجىڭنىڭ ھاۋاسىدا بىر خىل ماددا باردەك، مەسىلەن، ئىنتايىن تەجرىبىلىك سۆھبەتچىلەر، ئۆي-مۈلۈك سودىگەرلىرى خىتايغا بارغاندىن كېيىن بارلىق قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقىتىدىكەن. ئۇلار بۇ تۇردىن پايدا ئالامدۇق، زىيان تارتامدۇق دېگەنلەرنىمۇ سورىماس بولۇپ قالىدىكەن. بىز بۇ چۈشتىن ئۇزۇل-كېسىل ئويغىنىشىمىز كېرەك ۋە بىزگە دۇچ كېلىۋاتقان (خەتەر) نى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ نۆۋەتتە خىتايغا نىسبەتەن دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرىمىز، ئەينى چاغدا سوۋېتقا نىسبەتەن دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرىمىزگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئوخشىمايدىغىنى، بىزنىڭ سوۋېتقا سالغان زور سوممىدىكى مەبلىغىمىز يوق ئىدى، ئىقتىسادىمىزنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا سەرپ قىلمىغان ئىدۇق. مەن خىتاينى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش پارچىلىنىپ كېتىش دەۋرىگە كىردى دەپ قارايمەن. بۇ رۇسچىدا « **Raspad**»(**распад**) دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى دۆلەت ۋەيران بولۇپ، ھەممە نەرسە تۈگەشتى دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، دۆلەت تېخىچە مەۋجۇت، قۇرۇلۇش-ئەسلىھەلەر بۇرۇنقىغا ئوخشاش. پەقەت، ئۇلار سىياسىي سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك (دېگەنلىكتۇر). ئۇلار ھېچقاچان «**collapse**»(ھالاك بولۇش، ۋەيران بولۇش) دېگەن سۆزنى ئىشلەتمىگەن. پەقەت بىز مۇشۇنداق ئىشلىتىمىز. خىتاي بۇنى « 解体 » (پارچىلىنىپ كېتىش) دەپ ئاتايدۇ. ناھايىتى كونىراپ كەتكەن، ھېلى ئوت ئالمايدىغان، ھېلى باشقا كاشىلا چىققان، نورمال فۇنكسىيىسىنى يوقاتقان بىر ماشىنىنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. خىتاي رېجىمىنىڭ بۈگۈنكى ھالى دەل مۇشۇنداق. بۇ رېجىم نۆۋەتتە ئۆز ئىچىدىن ئىنتايىن چوڭ خەتەرگە دۇچ كەلدى. ئەلۋەتتە، خىتايدا ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بىراق، ئۇلار ئاپەت خاراكتېرلىك كىرزىسلارغا دۇچ كەلدى. خىتايدىكى ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى، شى جىنپىڭنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى (ئۇچرىشىشلىرىمىزدىن بىرىدە) ئۇ ماڭا سەممىيەت بىلەن شۇنداق دېدى: «ئارتۇر، بىز زادى قانداق قىلساق بولار؟ نۆۋەتتىكى سىستېمىنىڭ ھالاكەتكە قاراپ كېتىۋاتقىنىنى ھەركىم بىلىدۇ. بىز ئاللىقاچان <خالتا كوچا>غا كىرىپ قالدۇق. بىز كېيىنكى قەدەمنى قانداق ئېلىشنى بىلمەيمىز. چۈنكى، بەئەينى يولىمىزنىڭ ھەممە يېرىگە مىنا كۆمۈلگەن. ناۋادا بىز يەنە بىر قەدەم ئالساق، بەلكىم تولىمۇ قورقۇنچلۇق پارتىلاشقا دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن. شۈڭلاشقا، خىتاي ئۇچۇن ھەقىقىي ئەقىل تەلەپ قىلىدىغان مەسىلە، سوتسىيالىزمدىن قانداق قۇتۇلۇپ چىقىشتۇر. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنتايىن تەلەيلىك. چۈنكى، گورباچېفنىڭ تولىمۇ قالتىس بىر مەسلىھەتچىسى بار ئىدى. بۇ مەسلىھەتچىنىڭ ئىسمى ياكوۋلېۋ. مەن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش شەرىپىگە ئېرىشكەن. ئۇ ئىنتايىن قالتىس ئادەم. گورباچېف فۇنكسىيىسىنى يوقاتقان (سوتسىيالىستىك) سىستېمىسىنى رۇسىيەدە داۋاملاشتۇرالاش ئۇچۇن مىليونلىغان ئىنسانىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بولىدىغانلىقىنى، ياكى بولمىسا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن. گەرچە، گورباچېف يامان كۆرۈلىدىغان بىر شەخس بولسىمۇ، بىراق، ئۇ ئىشەنگۈسىز دەرىجىدىكى بىر ياخشى ئىشنى قىلغان. چۈنكى، كوممۇنىستىك سوۋېتتىن رۇسىيەگە ئالمىشىش جەريانىدا ئۆلگەن ئادەمنىڭ سانى 200 دىن ئاشمايدۇ. گورباچېف كىشىلەرنى ئېتىۋېتىش ئارقىلىق تەسلىم قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. نەتىجىدە، گورباچېفنىڭ قىلغىنى پۈتكۈل سوۋېت خەلقىنىڭ جېنىنى قۇتقۇزىدىغان يولدىن بىرنى ياساش بولغان. مەن شۇنداق قارايمەنكى، خىتاي پارچىلىنىپ كېتىش دەۋرىدە تۇرماقتا. دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو ۋە باشقا ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى نۆۋەتتە دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ خىرىس، ئۇلارنىڭ خىتاينىڭ خالتا كوچىغا كىرىپ قالغانلىق مەسىلىسىنى ئويلىشىشتۇر. بايا مەن گېپىنى قىلغان، شى نىڭ مەسلىھەتچىسى ھېسابلانغان كىشى قاتارلىقلار خىتاينىڭ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان بۇ پەيتىدە قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى قارار قىلىشى كېرەك. بىزمۇ ھەم، جاۋاب سۇپىتىدە قانداق قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئويلىشىشىمىز كېرەك. بىراق، ھېچكىم ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلانمايۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئىشلارغا پەقەتلا ئىنتايىن ئاز ساندىكى، رېئالىزمچى كىشىلەر دىققەت قىلىۋاتىدۇ. بىز «بېيجىڭنىڭ دېگىنىگە قاراپ، نېمە قىلىشنى بىلىسەن» دېگەنگە كۆنۈپ قالغان. بىز ئىلگىرى دائىم مۇشۇنداق قىلىپ كەلدۇق. بىراق،

ئىچكى جەھەتتىن پارچىلانسا قانداق قىلىش كېرەك؟ (ئەتە-ئۆگۈن) پومپېئو ئەپەندىگە (خىتايدا يۇقىرى ھوقۇق تۇتقان) نۇرغۇنلىغان كىشى تېلفون قىلىپ «پومپېئو ئەپەندى، مەن سىز تەرەپتە» دېگەندە، يەنە نۇرغۇنلىرى تېلفون قىلىپ، «ياق، پومپېئو ئەپەندى، مەن سىز تەرەپتە» دېيىشى مۇمكىن. (خىتايدا) ئىشلار مۇرەككەپ. ئۇلار ئۆز كۈچىنى تەرتىپكە سېلىپ بولالمىغان. بىزدە خىتايغا ئىنكاس قايتۇرىدىغان ئاكتىپ ئىدىيە يوق. خىتاي بەلكىم سىياسىي مالىمانچىلىقتا تۇرمىغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق خىتاي چوڭ سىياسىي ئۆزگىرىش پەيتىدە. مەن (ئەھۋالنى) مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىدۇ دەپ قارايمەن. مەن بىر سېپى ئۆزىدىن ئۈمىدۋار ئادەم. خىتايغا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى سەپىرىم، ئۇ يەردىكى تۇغقانلىرىمدىن بىرى ياشلا ئۆلۈپ كەتكەن چاغدا، دەپنە مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۈچۈن قىلغان سەپىرىمدۇر.(ئارتور ۋالدروننىڭ خوتۇنى بېيجىڭلىق خىتاي-ت) مەن شۇ چاغدا، بۇ مېنىڭ خىتايغا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى سەپىرىم دەپ ئويلايتتىم. ھازىر بولسا، بەلكىم پېنسىيىگە چىققىنىمدىن كېيىن، (ھازىر ئارتۇر ۋالدرون 72 ياشتا-ت) يازىدىغان كىتابلىرىمنى ۋە قىلىدىغان باشقا ئىشلىرىمنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بەلكىم ئايالىم بىلەن بىرلىكتە، ئوخشىمايدىغان (ئۆزگەرگەن) خىتايغا بېرىشىم مۇمكىن. خۇددى بۈگۈنكى رۇسىيەگە بارغانغا ئوخشاش. بۈگۈن سپاسكىي مۇنارىدا لەپىلدەۋاتقان بايراق قىزىل بايراق ئەمەس، شۇنداقلا، سپاسكىي مۇنارى بۈگۈن (ئەينى چاغدىكىدەك) كرېمل سارىيىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقانمۇ ئەمەس. ئون يىل ئىچىدە سىز بۇ سارايغا جايلاشقان لېنىننىڭ قەبرىسىنىمۇ كۆرەلمەيسىز. رۇسىيە قىزىل مەيدانىنى ئائىلىۋى دەم ئېلىش ئورنىغا ئۆزگەرتىۋەتمەكچى. ھازىر پۇتىننىڭ ھەرىكىتى بىر ئاز ئاستا. ئۇلار كەلگۈسىدە كرېمل سارىيىنىڭ ئىچىگە كۆمۈلگەن كوممۇنىستلارنىڭ جەسەتلىرىنى بۇ يەردىن چىقىرىۋېتىدۇ. مەن بۇنى چوقۇم يۈز بېرىدۇ دەپ قارايمەن. مەن بۇ خىل ئەھۋالنى خىتايدىمۇ جەزمەن يۈز بېرىدۇ دەپ قارايمەن. بۇنىڭدىكى مۇھىم باش قېتىنچىلىقى ماۋنىڭ جەسىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتۇر. ماۋنىڭ جەسىتى چىرىشكە قارشى دورىلانغان. بۇ جەسەت بېيجىڭنىڭ ئەڭ مۇھىم يېرىنىڭ مەركىزىگە قويۇلغان. بىراق، ھامان بىر كۈنى، ماۋنىڭ جەسىتى بۇ جايدىن سۈرگۈن قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن قىلچە شەك-شۈبھەم يوق. چۈنكى، بۈگۈنكى خىتايدا ماۋ ھېچقانچە قارشى ئېلىنمايدۇ. خىتايدىكى مەدەنىيەت تەربىيىسىگە ئىگە كىشىلەر ئۇنى قەتئىيلا ياخشى كۆرمەيدۇ. ياپون-خىتاي ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ماۋ خىتاي تەرەپنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى ياپونغا سېتىش ئارقىلىق پۇل-مالغا ئېرىشكەن. چۈنكى، كوممۇنىستلار پۇلغا بەكلا ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇنداق بولغانلىقتىن، ماۋنى ۋەتەنپەرۋەر دېيىش ئۇزۇل-كېسىل خاتالىق ھېسابلىنىدۇ. ماۋنى ۋەتەن خائىنى دەپ ئاتاش كېرەك. ناۋادا بىر رېجىمنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ ۋەتەن خائىنلىق ئۆتمۈشى ئىسپاتلانغان تەقدىردە، بۇ خىل رېجىمنىڭ ئاساسى پۇختا بولمايدۇ دېگەن گەپ.

ئەگەر سىز ماۋزېدوڭ بىلەن قىلىنغان سۆھبەتلەرنى، مەسىلەن، **1945**-يىلى رويتېرس ئاگېنتلىقى بىلەن قىلغان سۆھبىتىنى ئوقۇپ كۆرسىڭىز – بۇ سۆھبەت خىتايچە ئەسەرلەردە ئۇچرىمايدۇ، بىراق، ياپونچە ئەسەرلەردە ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ياپونلار تولىمۇ ئەستايىدىل مىللەت – بۇ سۆھبەتتە ماۋدىن خىتاينىڭ قانداق بىر دۆلەت بولىدىغانلىقى سورالغاندا، ماۋ «خىتاي پۈتۈنلەي دېموكراتىك دۆلەت بولىدۇ، بارلىق گۇرۇپپىلارنىڭ ئۇزۇل-كېسىل پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، خىتاينىڭ ھەربىر رەھبىرى سايلام ئارقىلىق ۋەزىپىگە چىقىدۇ...» دېگەن. ئۇ بۇ سوئالغا يېزىقچە شەكىلدە (يۇقىرىقىدەك) جاۋاب يازغان.

ماۋنى (بەزى) بەزى كىشىلەر دېموكراتىك ئىسلاھاتچى دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى خىتاي ئۈچۈن بەك ئېغىر ئاپەت بولغان. خىتايدا ئۇرۇش بولمىغان، تىنىچ كۈنلەردە خىتاي كومپارتىيىسى **70** مىليون ئىنساننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ئەللىك مىليون. ياكوۋلېۋنىڭ تەخمىنىچە، سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدىمۇ ئوخشاشلا **70** مىليون ئىنسان ئۆلتۈرۈلگەن ئىكەن. بۇ كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان تولىمۇ قورقۇنچلۇق رەقەمدۇر.

جېكىلەك: ئارتۇر، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرغىچە بىلگەنلىرىڭىزگە قارىغاندا، خوڭكوڭدىكى ئىشلار تەرەققىي قىلىپ نەگىچە بارار؟

**ئارتۇر: مەن (باشقا بىر يەردە) ھېربېرت ستېين قانۇنىيىتىنى تىلغا ئالغان ئىدىم. بۇ قانۇنىيەتنى «ئەگەر مەلۇم نەرسە چەكسىز داۋاملاشمايدىغان تەقدىردە، چوقۇم توختاپ قالىدۇ» دېگەن مەناغا يىغىنچاقلىساق بولىدۇ. خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى مەۋجۇت سىستېمىسى چەكسىز داۋاملاشمايدۇ. ستېين قانۇنىيىتىگە تەدبىقلىساق، خىتاي رېجىمى مەلۇم پەيتتە ھەرىكەتتىن توختايدۇ. ئۇنىڭ قانداق توختىشى، قاچان توختىشى، قانداق سەۋەب بىلەن توختىشى بىزگە ئايدىڭ ئەمەس. خىتاي توختىماستىن ئۆزگۈرۈۋاتىدۇ. مەن شى جىنپىڭنىڭ بىر بىر ئىجابىي تەرەققىيات ئارقىلىق بىزنى ھەيران قالدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.**

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ھېكمەتيار ئىبراھىم

https://www.youtube.com/watch?v=SdTksw_KmY8&feature=youtu.be

# غەلبىسىرى ئالغا!

ئۈمەت



كونا يىل-- 2019- يىلى ئاياغلىشىپ، يېڭى يىل 2020 - يىلى كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا.
بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مۇشۇ بىر يىلدا «ئۇيغۇر مەسىلىسى»نى خەلقئارالاشتۇرۇش ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى دەرھال توختىتىش ۋە جازا لاگېرلىرىنى تاقاتقۇزۇش ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن خىزمەت كۆرسەتكەن شەرقىي تۈركىستانلىق بارلىق قېرىنداشلار، ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىلەر ۋە ھەر قايسى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار ھەمدە دۇنيادىكى بارلىق دېموكراتىك كۈچلەر--ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دېموكراتىك دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى، ھەر قايسى مەملىكەتلەردىكى ئىنسانپەرۋەر تەشكىلاتلار، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، جامائەت تەشكىلاتلىرى، ئىنسانپەرۋەر ۋە دېموكراتىك زاتلار ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە چوڭقۇر تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن!
ئۆتكەن بىر يىل ئازاب- ئوقۇبەت ئىچىدە ئىڭراۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مىللىتى باشلىق يەرلىك ھەر قايسى مىللەتلەر ئۈچۈن باشقا يىللارغا قارىغاندا نىسبەتەن خەيرلىك بىر يىل بولدى، چۈنكى خەلقىمىزنىڭ بۇ زۇلۇملاردىن قۇتۇلۇشىنىڭ ئۈمىد چىراغلىرى يېنىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ بۇ يىل خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرنى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىشقا دائىر 403 بەتلىك ۋە 24 بەتلىك ئىككى مەخپىي ھۆججىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە خەلقئارا جامائەتنىڭ خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ فاشىستلىق ماھىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىيالا قالماي، يەنە «ئۇيغۇر مەسىلىسى» نى تېخىمۇ خەلقئارالاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، غەربتىكى بەزى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتىشقا چاقىرىشىغا ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنى

جازالاش ئۈچۈن ئەمەلىي چارە- تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا سەۋەب بولدى.

شۈلارنىڭ جۈملىسىدىن:

«ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لايىھەسى»نىڭ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىدا مۇتلەق كۆپ سان بىلەن ماقۇللىنىشى دۇنيا مىقياسىدا زور ئىجابىي تەسىر پەيدا قىلدى.

ياۋروپا پارلامېنتى 19 - دېكابىر كۈنى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق كرىزىسى ھەققىدە قارار لايىھەسى ماقۇللاپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىجرائىيە ئورگانلىرىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا سادىر قىلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارىتا كۈچلۈك ھەرىكەت قوللىنىشقا چاقىردى. مۇتلەق كۆپ ئاۋازنىڭ قوللىشىدا ماقۇللانغان قارار لايىھەسىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۇتقۇن قىلىشنى توختىتىپ، مەركىزىي رايوندىكى بارلىق لاگېرلارنى تاقىشى، تۇتقۇنلارنى دەرھال قويۇپ بېرىشى، ئىز - دېرەكسىز يوقالغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئېلان قىلىشى، شۇنداقلا ياۋروپا كومىسسىيەسىنىڭ بۇ رايوندىكى كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىۋاتقان خىتاي ئەمەلدارلىرىغا قارىتا ئېمبارگو مېخانىزمىنى ئىشقا سېلىش تەلەپ قىلىندى.

ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ھەر يىلى دۇنيا بويىچە «كىشىلىك ھوقۇق» ۋە «ئىنسان ئەركىنلىكى» جەھەتتە ئالاھىدە تۆھپە قوشقانلارغا بېرىلىدىغان «ۋاسلوۋ خاۋېل كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى» ۋە «ساخاروۋ ئەركىنلىك مۇكاپاتى»لىرىنىڭ 2019- يىلى داڭلىق ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى ئىلھام توختىغا بېرىلىشى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرنىڭ خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارغا \يۈرگۈزۈۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە جىنايەتلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەققانىي كۈرەشلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى بىلەن بىرگە، بۇ مەزلۇم مىللەتلەرگە زور ئىلھام ۋە رىغبەتلەندۈرۈش بولدى.

28 - ئۆكتەبىر كۈنى يەنە، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى بايانات ئېلان قىلىپ، ياۋروپا پارلامېنتىنى ئىلھام توختىغا بېرىلگەن «ساخاروۋ ئەركىنلىك مۇكاپاتى» نى خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇشقا چاقىردى.

بولۇپمۇ گېرمانىيە پۇقرالىقىدىكى تۈركلەردىن بولغان دۇنياغا داڭلىق پۇتبول چولپىنى، ئارسېنال پۇتبول كۇلۇبىنىڭ يۇقىرى باھالىق توپچىلىرىنىڭ بىرى مەسۇت ئۆزىلنىڭ 13 - دېكابىر تۋىتېر، ئىنستاگرام ۋە فېيسبوكقا بىرلا ۋاقىتتا «شەرقىي تۈركىستان ئۇممەتنىڭ قانىغان يارىسى... بۇ يەردە قۇرئان كۆيدۈرۈلمەكتە، مەسچىتلەر تاقالماقتا، مەدرىسىلەر چەكلەنمەكتە، دىنىي زاتلار بىر – بىرلەپ ئۆلتۈرۈلمەكتە. بۇنىڭغا قارىماي مۇسۇلمانلار سۈكۈت قىلماقتا» دېگەن مەزمۇندا يازما يوللاپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان زۇلۇمغا قارشى ئاۋاز چىقىرىشى «ئۇيغۇر مەسىلىسى»نى خەلقئاردا تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقىرىپ، دۇنيا مىقياسىدا زور زىلزىلە ۋە غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. نۆۋەتتە دۇنيادا بىر قاتار داڭدار شەخسلەر ئۇنىڭ بۇ جەسۇرانە ھەرىكىتىنى قوللاپ، ئارقا – ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەققانىي كۈرىشىنى قوللاپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارىشى رەزىل جىنايى قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلىمەكتە ۋە بۇ جىنايەتلىرىنى توختىتىشنى كەسكىن تەلەپ قىلماقتا.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر دەۋاسى قىلىۋاتقان ھەر قايسى ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىلەر ۋە شەرقىي تۈركىستان سىياسىي تەشكىلاتلىرىغا زور ئۈمىد، ئىلھام، مەدەت بېغىشلىدى.

مۇنداق بىر ياخشى ۋەزىيەتتە، ھەر قايسى ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىلەرنىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستان سىياسىي تەشكىلاتلىرىنىڭ خىتاينىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا يەنجىلىۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرنى تېزرەك قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدىمىزدىكى يىلدا تېخىمۇ زور كۈچ چىقىرىشى زۆرۈر.

كېلەر يىلى غەلبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلارغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز مۇھىم :

بىرىنچى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىنى خەلقئارا تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەرنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىدە تېخىمۇ چوڭقۇر، ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ «ئۇيغۇر مەسىلىسى» دە ئەمەلىي ئىش قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش.

ئىككىنچى، «بۇقىنى ھۆركىرەتكەن ئىككى تېشى» دېگەندەك، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنيا خەلقىنىڭ كەسكىن ۋە قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا قارىماي شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشتە تايانغىنى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى. شۇڭلاشقا خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئىقتىساد تەرەپتىن ئاجىزلاشتۇرۇش خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلىشنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى. خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئىقتىسادىي تەرەپتىن ھالسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن تۈركىيەدىكى ئۆكتىچى پارتىيەلەردىن بىرى بولغان سائادەت پارتىيەسىنىڭ رەئىسى تەمەل قاراموللائوغلۇنىڭ خىتاي ماللىرىنى سېتىۋالماسلىق چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ ۋە بۇ چاقىرىقنى تېخىمۇ كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا مۇمكىن قەدەر خىتاي ماللىرىنى سېتىۋالماسلىق، ھېچبولمىسا ھازىرقىدىن ئاز سېتىۋېلىش ۋەزىيىتى يارىتىش.

ئۈچىنچى، «ئۇيغۇر مەسىلىسى»دە خىتاي ھۆكۈمىتىنى دۇنيا مىقياسىدا يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن «ئېرىنسەڭ ئىشىڭنى كىم قىلار، ئۇيالساڭ سۆزۈڭنى كىم قىلار» دىن ئىبارەت ئاتىلار سۆزنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، ئەرەب ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە مۇسۇلمان نوپۇسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەرگە قارىتا تەرغىبات - تەشۋىقاتنى تېرىكمەي – زېرىكمەي ئىشلەش زۆرۈر .

تۆتىنچى، خىتاي ھۆكۈمىتىنى خەلقئارا سوتقا تارتىشنى قولغا كەلتۈرۈش. ئامېرىكا ئۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى دوكتور ئەزىم ئىبراھىم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى «غەرەزلىك ھالدا بىر مىللەت تۈركۈمىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش، بۇ جەرياندا شۇ مىللەتكە قانلىق جاراھەت ۋە ئېغىر روھىي ئەززىيەت يەتكۈزىدىغان تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش» دېگەن تەبىرىگە ئاساسەن، نۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتى ئىجرا قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى «تىپىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، «دۇنيا خەلقىگە بەكمۇ تونۇشلۇق بولغان <ھەرگىز قايتىلانمايدۇ!> دېگەن شوئار نۆۋەتتە دۇنيا ئۈچۈن بىر يېڭى ئەخلاقىي سىناق بولۇپ قالماقتا . شۇ ۋەجىدىن خەلقئارانىڭ ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان بۇ خىل زۇلۇملارغا بىۋاستە ئارىلىشىشى ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي مەجبۇرىيەتكە ئايلانماقتا. ئەمما نۆۋەتتىكى ئەھۋالدا بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ خەلقئارا سوتنى ئىشقا سېلىشتىن باشقا بىرەر ئۈنۈملۈكرەك چارىسىمۇ يوق. غەرب دۇنياسىدىن، ئوتتۇرا شەرقتىن، ئاسيا قىتئەسىدىن ۋە ئافرىقادىن تېخىمۇ كۆپ ئەزا دۆلەتلەر بۇ سوت مەيدانىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالىسا، ئۇ ھالدا مۇشۇ سوت ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىنى چەكلەشتە بەزى ئەمەلىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن». پروفېسسور دوكتور ئەزىم ئىبراھىمنىڭ پىكرى ھەر بىر شەرقىي تۈركىستان سىياسىي تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىلىرىنىڭ ياخشى ئويلاپ بېقىشىغا ئەرزىدۇ. بەلكى بۇ مۇشۇ جەھەتتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتىنى خەلقئارالىق سوتقا تارتىش خىزمىتىگە خەلقئارالىق ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى قاتارلىق تەشكىلاتلارنى سەپەرۋەر قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەشنىڭ ۋاقتى - سائىتى كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقئارالىق سوتقا كېرەكلىك بولغان، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلارنى توپلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق تەكىتلىگەندەك مۇھىم بىر خىزمەت ئورنىدا تۇتۇپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

بەشىنچى، توغرا ئىستراتېگىيەنىڭ بولۇشى ۋە قەتئىي ئىجرا قىلىنىشى بەلگىلەنگەن نىشانغا يېتىشنىڭ تۈپكى كاپالىتى. شۇڭلاشقا بۇ دەۋانىڭ تۈپ نىشانىدىن قەتئىي چەتنەپ كەتمەي ئىلگىرىلەش ئىنتايىن مۇھىم، بولمىسا، پۈتۈن ئىش سۇغا چىلىشىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا باشقا ئىشلار ئارىلىشىپ قالسا، شەكىللەنگەن ياخشى ۋەزىيەت تەتۈرسىگە مېڭىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. شۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇشىڭىز كېرەككى، بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى چەت ئەللەردە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغىلا باغلىق بولماستىن، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دېموكراتىك دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى، ھەر قايسى مەملىكەتلەردىكى ئىنسانپەرۋەر تەشكىلاتلار، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، جامائەت تەشكىلاتلىرى، ئىنسانپەرۋەر زاتلار ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگىمۇ زور دەرىجىدە باغلىقتۇر.

**كەلگۈسى 2020- يىلى شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەر ئۈچۈن پارلاق بىر يىل، خىتاي ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىرى ئۈچۈن زۇلمەت يىلى بولغۇسى!**

**ياشىسۇن ئۇيغۇر خەلقى!**

**تارىخ ھۆكمى شۇ ئەزەلدىن، تاڭ يورۇتار زۇلمەتنى،**
**قۇل قىلالماس زوراۋان كۈچ، ھۆرلۈك سۆيەر مىللەتنى.**

**2019- يىلى 31- دېكابىر**



# دەررېن بايلېر

دوكتور دەررېن بايلېر (DarrenByler) ئامېرىكا كالورادو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسىيا تەتقىقاتى مەركىزىدە دوكتور ئاشتىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىنسانشۇناستۇر(Anthropologist). ئۇ خىتايدىكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى، ھەمدە دۇنيادىكى شەھەر ھاياتىغا ئائىت تېخنولوگىيە ۋە سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

دوكتور دەررېن بايلېر يېقىنقى يىللاردا خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان رەزىل سىياسەتلەر ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىدىكى قاراڭغۇ قىسمەتلەر توغرۇلۇق مۇھىم ماقالىلەرنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنى قوللاپ، خىتايغا قارشى تۇرۇپ كەلمەكتە. يېقىنقى بىر نەچچە يىللار مابەينىدە، دوكتور دەررېن بايلېرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى بەختسىز رېئاللىقى توغرىسىدا يازغان ماقالىلىرىدىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە: «شەرقىي تۈركىستاندىكى مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتابلارنىڭ يوق قىلىنىشى»، «شىركەتلەر قانداق قىلىپ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەكتىن پايدىغا ئېرىشىدۇ»، «ھايات ياشاۋاتقان <ئۆلۈكلەر> ئۇچۇن ماتەم مۇزىكىسى: ئۇرۇمچى قەتلىئامىدىن ئون يىل كېيىن»، «كېچە قويۇق: ئۇيغۇر شائىرلىرى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ غايىپ قىلىنىشىغا جاۋاب بەردى»، «ئىلھام توختىنىڭ ساخاروف مۇكاپاتى ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قىلىنغان تاجاۋۇز»، «زۇلمەت كوچەيمەكتە: شەرقىي تۈركىستاندىكى يوقىتىشنىڭ ئون يىللىق ھېكايىسى».

دوكتور دەررېن بايلېرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ دوكتورلۇق ماقالىسىنى يېزىش ئۇچۇن يېقىنقى يەتتە يىل مابەينىدە شەرقىي تۈركىستانغا كۆپ قېتىم بارغان بولۇپ، ئۇنىڭ پىكرىچە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆتكەن نەچچە ئون يىل مابەينىدە غايەت زور مەبلەغ سەرپ قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلار دىيارىنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىسى ۋە يەر ئاستى بايلىقى زاپاس ئامبىرى قىلىۋېلىشى بىلەن، ئۇيغۇر دېھقانلىرى تېخىمۇ نامراتلاشقان. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر ئاھالىسى بۇ خىل «گۈللىنىش» نىڭ سايىسىدا ئانچە-مۇنچە ھاللىنىپ قالغان. شۇ قاتاردا چېگرا ھالقىغان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئۆزىگە يارىشا پۇل تاپقان. شەھەردىكى ئۇيغۇرلارمۇ تور، ئەقلىي تېلېفون دېگەنلەر بىلەن كەڭرى تونۇشقان. 2013-يىلى دەررېن بايلېر ئۈرۈمچىگە بارغاندا ئاساسەن پۈتكۈل شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەقلىي تېلېفون ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەرقاچان ئۈندىدار ئارقىلىق قويۇق سۆھبەت ۋە ئالاقىدە بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن. بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دىندار بولۇش بىر تۈرلۈك ئېقىمغا ئايلىنىشقا باشلىغان. ئالاقە ۋاستىلىرىدە مەسچىتلەردىكى ھۆكۈمەت تەيىنلىگەن ئىماملارنىڭ بايانلىرى ئەمەس، بەلكى چەتئەللەردىكى دىنىي زاتلارنىڭ ۋەز-تەبلىغلىرى كۆپلەپ ھەمبەھىرلەنگەن. 2014-يىللىرى ئۇ ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرگە بارغاندا بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن.(1)

دوكتور دەررېن بايلېر 2019-يىلى يىل ئاخىرىدا ئوتتاۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن نۇتۇقىدا مۇنداق دېگەن:«ئۇيغۇرلارنىڭ 1930- ۋە 1940-يىللىرىدا خەلقئارا تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان، <شەرقىي تۈركىستان> نامى بىلەن ئاتالغان مۇستەقىل دۆلىتى بولغان. ناۋادا سىز ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان بولسىڭىز، <شەرقىي تۈركىستان> نامىنى تىلغا ئېلىش سەۋەبلىك تېرورچى ئاتىلىپ قالىسىز.»(2)

بايلېرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بەختسىزلىككە دۇچار بولغان دوستى ئابلىكىم (ئۆزگەرتىلگەن ئىسىم) توغرىسىدا يازغان ماقالىسى كىشىنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈرىدۇ. بايلېر ئۆزى تۆت بەش يىل دوستلاشقان، يېقىنقى يىللاردا لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ ئاۋازى بولۇشنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىن كېيىنكى مۇھىم بۇرچلىرىدىن بىرى قىلىپ بېكىتكەن. ماقالىدە بايلېر ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىنى، ئۇنىڭ غەمكىنلىكىگە ۋە يەكلىنىشكە بولغان ھېسداشلىقىنى ئىنتايىن سەمىمىي ئۇسلۇبتا، يېپىق ھالەتتە ئىپادىلىگەن. دوستىنىڭ بېشىغا كۆن چۈشكەندە، ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەرىكەتكە ئۆتۈشنىڭ ئىنسانىي بۇرۇچ ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ۋە ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكى خەۋىرى بولمىغان دوستىنىڭ ئاۋازىنى ھەر يەردە ئاڭلىتىدىغانلىقىدەك كەسكىن ئىرادىسىنى نامايان قىلغان.

دوكتور دەررېن بايلېر ئۇيغۇرلارنىڭ پاجىئەلىك كۈنلىرى باشلانغاندىن بۇيان، بۇ پاجىئە بەئەينى ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەندەك ئارامسىزلاندى. توختىماستىن شەرقىي تۈركىستاندىكى رەزىل سىياسەتلەرنى پاش قىلىدىغان ماقالىلەرنى يازدى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا كۆپلىگەن لېكسىيەلەرنى

سۆزلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك تۆتىېر يوللانمىلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇردى.

ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قارا قىسمىتىدىن بەئەينى بىر ئۇيغۇر پەرزەنتىدەك پۇچىلىنىشى بىزنىڭ ۋىجدانىمىزغا سوئال قويىدۇ. بايلېر شەرقىي تۈركىستاندىن ئون مىڭ كىلومېتىرلارچە يىراقتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بىر ئامېرىكالىق ئەر. ئەمما، ئۇ شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ، چەتئەلگە چىقىۋېلىپلا خىزمەت باھانىسىدا ۋەتەن، مىللىتىنى ئۇنتۇپ قالغان تالاي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەكسىچە، ھاياتىدا بىر قانچە قېتىم سەپەر قىلغان، تۇز-تائامىنى يېگەن بىر يۇرتىنىڭ ئاسمىنىدىكى قارا بۇلۇتلاردىن ئارامسىزلىنىپ، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇشۇ قارا بۇلۇتلارنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن سەرپ قىلماقتا.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى

نەقىل مەنبەلىرى:

**(https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/medeniyet-tarix/amerikida-uyghur-mesilisi-10222018141605.html)**

يۇتيۇبتىكى تۆۋەندىكى ئۇلانمىنىڭ ئۈچ مىنۇتلۇق بۆلىكىدىن، ئۈچ مىنۇت ئوتتۇز سىكونتلۇق بۆلىكىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بايانلىرىغا قارالسۇن: **https://www.youtube.com/watch?v=g6WBwhM2egQ**



# زۇلمەت كۆپەيمەكتە:

## شەرقىي تۈركىستاندىكى يوقىتىشنىڭ ئون يىللىق ھېكايىسى

دەررېن بايلېر

**(2020-يىلى، 1-يانۋار)**

«نورمال ھېس قىلىش ئۈچۈن يىللار سەرپ قىلدىم. ئەمەلىيەتتە، تېخىچە نورمال ھېس قىلالمىدىم.»

«خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىزگە قىلغان مۇئامىلىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم.»

«ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكىدىن ھاياتىمنىڭ ھەر قانداق پەيتىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ بەك ئۈمىدسىزلەندىم.»

**(بۇ ھېكايىدىكى زىيارەت قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى ئۇلارنىڭ كىملىكىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئۆزگەرتىلدى.)**

**ئابلىكىم بىلەن 2014-يىلى ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدا ياشايدىغان بىر مەھەللىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىۋى يىغىلىشىدا تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشكەن ئىدىم. ئابلىكىم بۈرتىنى پەس قىلىپ قىرقىۋالغان ئورۇق يىگىت ئىدى. ئۇ دولىسىنى چىقارغىنىچە ئولتۇراتتى. سورۇندىكىلەر ئۆز-ئارا ئىسىملىرىمىزنى ئېيتىشتۇق. سورۇن باشلىنىپ تاكى ئاياقلاشقانغا قەدەر ئابلىكىم بىر بۇلۇڭدا جىمغىنە ئولتۇردى. ئۇنىڭ نەزىرى ھەر ياققا يۆتكىلىپ تۇراتتى. ئابلىكىم تولىمۇ كېچىك، بىز ئۆز ئۆيىمىزگە قاراپ سوڭدىشىپ كېتىۋاتقىنىمىزدىلا ئاندىن ئېغىز ئاچتى. ئۇ سورۇندا گەپ قىلىشنى خالىمىغانلىقىنى، ناتونۇش كىشىلەرگە ئېچىلىپ-يېيىلىپ سۆز قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئابلىكىم مەن ئالدىنقى ئون يىلدا زىيارەت قىلغان نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئوخشاشلا، ساقچىلارنىڭ ۋە خىتاي جەمئىيىتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى.**

**شۇنىڭدىن كېيىنكى ئايلاردا ئابلىكىم بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كەتتىم. بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك يۈز كۆرۈشۈپ چاي ئىچىش، رومان ئوقۇش بىلەن بولاتتۇق. ئۇنىڭ خىزمەت ئىزدەش مەسىلىسى ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كېلەچىكى توغرىسىدا سۆھبەتلىشەتتۇق. ئۇ بارا-بارا ئۆز كەچمىشلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئون يىل ئىلگىرىكى تۇتقۇن قىلىنغانلىق تارىخى توغرىسىدا ئەڭ كۆپ ئېغىز ئاچقان ئىدى. ۋەقە ئۇ ئۆزىنى يوللۇق ئاپتوبۇس بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدىكى ئاساسلىق خىتاي رايونلىرىدىن بىرىگە جايلاشقان مەكتىپىدىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىۋاتقاندا يۈز بەرگەن ئىكەن. ئۇ (يۇرتىغا قاراپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇس بىلەن) تەكشۈرۈش پونكىتلىرىدىن بىرىگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئاپتوبۇستىكى بىردىنبىر ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بۈرۈت قويىۋالغاچقا، بۇرۇتى ئۇنىڭ خىتاي تىلى مائارىپىدا تەربىيىلەنگەن ئالىي مەلۇماتلىق شەھەر ئۇيغۇرى بولماستىن، بەلكى يېزىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ئىكەنلىكىدىن شەپە بېرىدىكەن. ئۇ ئۆزى ئۇچراشقان خىتايلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنىڭ ئادەم بومبا ھۇجۇمى قىلىدىغان بىرىدەك كۆرۈنىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى ساقچى (ئاپتوبۇسقا چىقىپ) ئۇنى كۆرۈپلا، مەجبۇرىي ھالدا ئاپتوبۇستىن چۈشۈرۈپتۇ. ئابلىكىم ماڭا «شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ نېمە دېگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. بەكلا قورقۇپ كەتكەن ئىدىم. ئۇلارنىڭ ماڭا نېمە قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم» دېگەن ئىدى. ئابلىكىم ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي يالىڭاچلانغانلىقىنى ۋە ئۆزىنى تولىمۇ خار ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئابلىكىم شۇنىڭدىن كېيىن، 2010-يىللاردا ئۇيغۇر بولۇشنىڭ ھەر قانداق پەيتتە (خىتايلار تەرىپىدىن) ئېلىپ كېتىلىشتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپتۇ.**

**ئابلىكىمنىڭ ھېكايىسى مەندە ئۆتكەن ئون يىلنىڭ باشقا ئۇيغۇرلارغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئۇلاردىن سوراش ئىستىكىنى ئويغاتتى. مەن ئۇيغۇرلاردىن ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلغىسىز خاتىرىلىرى توغرۇلۇق – ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىشلار توغرۇلۇق ئويلىنىپ كۆرۈشنى سورىدىم. مەن مۇشۇ ھەقتە زىيارەت قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپۈنچىسى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشسىزلا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا سەرگەردان بولۇپ ياشىماقتا. ئابلىكىم بولسا تېخىچە شەرقىي تۈركىستاندا.**

يېقىندا مەن سۆھبەتلەشكەن ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلار ماڭا 2010-يىلىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن تەسۋىرلىگۈسىز قورقۇنچ ۋە قۇربانلىق بېرىش يىلى بولغانلىقىنى تەكىتلىدى. بۇ خىل روھىي زەربىگە ئۇچرىغان پەيتلەردە كىشىلەر بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى قايتا تېپىۋېلىشقا، ئائىلىسىنى ۋە دوستلىرىنى قوغداشقا ئىنتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ساقچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان ۋەھشىي مۇئامىلىلىرىنى، ساقچىلار تەرىپىدىن ئۇچرىغان ئىرقىي كەمسىتىشلىرى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيلىقىغا سوئال قويغان ئۆتمۈشلىرىنى بىر-بىرىگە ھېكايە قىلىپ بېرىشىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىغا ئۆزلىرىنىڭ ئاپتورلۇق قىلىشىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرمىشىپ كەلدى. بىراق، 2010-يىلى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تارىخىي ئۆزگۈرەش يىلى بولدى. 1.8 مىليون مۇسۇلمان غايەت زور كۆلەمدىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرى سېستىمىسى ئاستىدا «غايىپ» بولدى. بىر مىليوندىن ئارتۇق كىشى ئەمگەك ۋە تەربىيىلەش سېستىمىسى تەرىپىدىن ئائىلىلىرىدىن ئايرىۋېتىلدى.

ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلار خىتاي تارىخى تەتقىقاتچىسى گېيل ھېرشاتتېرنىڭ (Gail Hershatter) سۆزى بويىچە «جىددىي ھەرىكەت دەۋرى» نى بېشىدىن كەچۈرۈشكە مەجبۇرلانماقتا. ھېرشاتتېرنىڭ بايانىچە، نۆۋەتتە بولۇۋاتقان ئىشلار خىتاينىڭ يېقىن ئۆتمۈشىدىكى سىياسىي زوراۋانلىقىنىڭ ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىگە دېگۈدەك تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» يىللىرىدىكى ئىشلار ئىكەن. 2010-يىلى، (شەرقىي تۈركىستاندىكى) تۈركىي مۇسۇلمانلار يۇقىرىقىغا ئوخشاش دەۋرگە، يەنى «قايتا تەربىيىلەش» دەۋرىگە كىردى. بۇ دەۋردە ئۇلارنىڭ ياشاش شەكلى ئۆزگەرتىلىش نىشانىغا ئايلانغان دەۋردۇر. ئىلگىرىكى بوران-چاپقۇنلۇق يىللارغا ئوخشاشلا، ئۇلارنىڭ زوراۋانلىق ۋە ئىرىقچىلىق زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇپ ئەسلىگە كېلىش بوشلۇقى بارغانچە كىچىكلەپ كەتتى. ئۇلار يېڭى بىر قىسمەتنىڭ ئۆزىگە دۈچ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتى ئۇلارنىڭ كونترول قىلىشىدىن چىقىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ روھىي يىمىرىلىشتىن كېيىنكى پسىخىكىلىق بىنورماللىقىنى داۋالايدىغان ۋاقتى يوق. ئۇلار ئۆتكەن ئون يىلدا پۈتكۈل ھاياتلىق تۈگىمەس روھىي يىمىرىلىش سەۋەبلىك قالايمىقان قىلىۋېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

2015-يىلىغا قايتساق، ئابلىكىم ماڭا ھاياتىدىكى ئېچىنىشلىق روھىي بېسىمغا دۈچ كېلىشىنىڭ پەقەت ساقچىلار تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىشى سەۋەبلىكلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ خىتاي خىزمەتداشلىرىنىڭ ئۇنى ئۇ يوق يەردە «بۇرۇتلۇق مۇئەللىم»(mustache teacher) دەپ ئاتاپ، سوغۇق مۇئامىلە بىلەن چەتكە قېقىشىنىڭ سەۋەبىمۇ بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، توختاۋسىز رەۋىشتە ئاۋارىچىلىققا ئۇچراش ۋە يېتىم قالدۇرۇلۇش كەچۈرمىشى ئۇنى «ساراڭ»غا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىكەن.

«سوراق ئۆيىدە بىر نەچچە سائەت تۇرغىنىمدىن كېيىن، ئۆزۈمنى نورمال ھېس قىلالىغۇدەك بولغۇچە بىر نەچچە يىل ۋاقىت كەتتى. ئەمەلىيەتتە، مەن تېخىچە ئۆزۈمنى نورمال ھېس قىلالمايمەن. مانا بۇ مېنىڭ ئاشۇ مەكتەپكە ۋە خىزمىتىمگە ئۆچ بولۇپ كېتىشىمدىكى ۋە ئاقىۋەتتە خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىشىمدىكى بىردىنبىر سەۋەب. كىشىنىڭ بۇنداق كەچمىشلەرنى چۆرۈپ تاشلىشى تولىمۇ قىيىن. شۇ ئىش يۈز بېرىپ كېيىنكى يىلى، مەن بەئەينى بىر ساراڭغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدىم. بارلىق خىزمەتداشلىرىمدا تولىمۇ يامان تەسىر قالدۇرۇشنى ئويلىدىم. ئۇلار مېنى دائىملا جىددىيلىشىپ، خىجىل بولۇپ تۇرىدىغان، پاراڭلىشىشنى ياكى نورمال ئۇسۇلدا ھەرىكەت قىلىشنى خالىمايدىغان غەيرى ئادەم دەپ بىلىشەتتى.»

مەن سۆھبەتلەشكەن يەنە بىر ئۇيغۇر ياشنى مەمتىمىن دەپ ئاتايمەن. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ 2013- ۋە 2014-يىللىرىدا ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ئوخشاش سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگىنىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ساياھەت قىلىشى داۋامىدا نۇرغۇنلىغان مېھمانخانىلار ئۇنىڭغا ياتاق بېرىشنى رەت قىلغان ئىكەن. «ئۇلار بەزىدە مېنى كۆرگەندىن كېيىن ماڭا ياتاق بېرىشنى رەت قىلىشتى. بەزىدە بولسا، كىملىكىمدىن تۇغۇلغان يېرىمنى كۆرگەندە ياتاق يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى.» ئۇ بۇ خىل كەچۈرمىشلەردىن ئۆزىنى بىچارە ھېس قىلغانلىقىنى ۋە خۇيى تۇتقانلىقىنى ئېيتتى. قانۇنىي سېستىما ئۇنىڭ تەڭداش پۇقرالىق ھوقۇقىنى رەت قىلغان ئىدى.

بىراق، مەمتىمىننىڭ زەردىسىنى تېخىمۇ قايىنىتىدىغىنى، باشقا خىتاي پۇقرالىرىنىڭ (ئۇيغۇرلارغا تەڭسىز مۇئامىلە قىلىشنىڭ توغرىلىقىنى) قوبۇل قىلىشى ئىدى. «بىر نەچچە قېتىم خىتايلار ماڭا تولىمۇ دوستانە ۋە سىپايە تەلەپپۇز بىلەن ئىنگلىزچە سالام بېرىپ، مەندىن <سىز قايسى دۆلەتتىن؟> دەپ[7] سورىدى.» ئۇلار ئابلىكىمنى چەتئەللىك دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىنگلىزچە گەپ قىلغان. ئابلىكىم ئۇلارغا خىتايچە <مەن ئۇيغۇر> دەپ جاۋاب بەرگەن.

«ئۇلار كۆزلىرىنى ئالايتىپ تۇرۇپ <ھە! شىنجاڭلىق؟> دېيىشتى.»

«ئاندىن ئۇلار ماڭا بىزارلىق نەزىرىدە قاراشتى، بەئەينى بىر چاشقاننى ياكى بىر بەتبەشىرە ئىتنى كۆرگەن-دەك كالپۇكلىرى سوزۇلۇپ كەتتى.»

مەمتىمىن ۋە ئابلىكىم ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان رايونلارنىڭ سىرتىدىكى رايونلاردىن خىزمەت تاپقان ئورگانلار خىتايلارنى ئاساس قىلغان. پاكىستان ئەسلىلىك ئەنگلىيىلىك ئىجتىمائىي تەنقىدچى سارا ئەخمەت ئىرقچىلاشقان ئورگانلارنىڭ «<ئۇلار تۇرىدىغان (رايونلار)> ئۇقۇمىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى، كۆپ سانلىققا تەۋە بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى <ئارتۇقچە ئادەم> دەپ ھېس قىلىدىغان قىلىپ قويىدىغانلىقىنى» كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئابلىكىم بۇنداق ئورگانلارغا كىرگىنىدە، ئورگاننىڭ كىرىش ئىشىكىدە ئىشىك باقارلار ۋە تىزىملىغۇچىلار تەرىپىدىن توختىتىپ قويۇلۇپ، قايتا-قايتا تەكشۈرۈلەتتى. ئابلىكىم ماڭا بۇنداق تەكشۈرۈشلەرنىڭ ھەر قانىدىقىدا «سەن كىم؟ بۇ يەرگە نېمە ئىش ئۈچۈن كەلدىڭ؟» دەپ سورىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

بۇ خىل پىلانلىق ئېتنىك ئىرقچىلىقنى يۈرگۈزگۈچى ۋە قوللىغۇچى ساقچىلاردۇر. ئالدىنقى ئون يىلدا، ساقچىلارنىڭ ئاۋارە قىلىشى ۋە كەمسىتىشى مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا سىڭىپ كىردى. ئابلىكىم ماڭا قايتا-قايتا ئېيتىپ بەرگەن يەنە بىر ھېكايە مۇنداق ئىدى. ئۇ دوستلىرىدىن تۇرسۇن بىلەن پويىز ئىستانسىسىغا يېقىن بىر بازاردا كېتىۋاتقىنىدا توختىتىلىپ قويۇپتۇ. ئۇلارنى ئۇچراتقان خىتاي ساقچى ئۇلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كىملىكىنى تەلەپ قىپتۇ.

– بىزنىڭ كىملىكىمىزنى نېمىشقا تەكشۈرۈسەن؟ بىز ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىغان تۇرساق. نېمىشقا خىتايلارنىڭ كىملىكىنى تەكشۈرمەيسەن؟ – سوراپتۇ ئابلىكىم،– نەتىجىدە، خىتاي ساقچى شۇ ھامان ئىككىمىزنى ئۆزى بىلەن بىللە ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ كەلدى. مەن پەقەتلا قورقمىدىم. تۇرسۇن قورقۇپ كەتكەن ئىدى. مەن ھېچقانداق خاتا ئىش قىلمىغان تۇرسام، نېمىشقا ئۇلاردىن قورققۇدەكمەن؟ ئۇلار مېنى ھۆرمەت قىلمىسا، مەن نېمىشقا ئۇلارنى ھۆرمەت قىلغۇدەكمەن.

ساقچى ئۇلارغا قوقاق سالغاندىن كېيىن، ئاخىرى ئۇلارنىڭ كېتىشىگە يول قويۇپتۇ. ئابلىكىم ھەر قاچان مۇشۇ ھېكايىنى سۆزلىگەندە، ئاۋازى تىترەپ كېتەتتى. خىجىلچان ئابلىكىمنىڭ تىترەۋاتقان قوللىرى ئۇنىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. گەرچە ئۇ قورقىسىمۇ، يەنىلا ئۆز كەچمىشلىرىنى بايان قىلىپ بېرەتتى.

ئابلىكىمنىڭ ۋە مەن زىيارەت قىلغان باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ غەزىپى ئۆزلىرىنىڭ ساقچى تەرىپىدىن خالىغان بىر پەيتتە ئېلىپ كېتىلىش قورقۇنچى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن ئىدى. **2017**-يىلى كىرەي دېگەندە يۈز مىڭلىغان تۈركىي مۇسۇلمان ئاتا ئانىلار، قىز-ئايالار ۋە ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ يېقىنلىرى بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، ئارقىدىن بىر-بىرلەپ غايىپ بولغاندا، بۇ خىل قورقۇنچ غايەت زور دەرىجىدە كۈچىيىپ كەتتى. نۆۋەتتە شىمالىي ئامېرىكادا ياشاۋاتقان قازاق ئايال گۈلنارنىڭ ماڭا دېيىشىچە، ئالدىنقى ئون يىل ئىچىدە ئۆزىگە ئەڭ تەسىر قىلغان ئىش، **2016**-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچى ئايرودرومىدا ئاتا-ئانىسى بىلەن خوشلىشىۋاتقاندا يۈز بېرىپتۇ.

– ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى كېچىكتۈرۈلدى. شەرقىي تۈركىستاندا شى جىنپىڭنى كۆككە كۆتۈرۈش تەشۋىقاتى ھەر جاينى قاپلىغان ئىدى. «سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قاراش» دېگەن خەت يېزىلغان قىزىل لوزۇنكىلار ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىقاتتى. سىياسىي گەپ-سۆزلەرنى

كەمدىن-كەم ئاغزىدىن چىقىرىدىغان ئاتا-ئانام جېنىدا «بۇ ئىشلار بەئەينى مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكىگە ئوخشاپ قالدى» دېيىشكەن ئىدى. ئۇلار مېنى ئۆزلىرى قويۇش ئۈچۈن ئايرودورومغا كەلگەن ئىدى. ئايروپىلان كىچىكتى. ھالبۇكى، ئىككىلەيلەن شۇنچە كەچ بولۇپ كېتىشىگە قارىماي يېنىمدىن ئايرىلمىدى. ماڭىدىغان چېغىمدا، ئاتا-ئانامغا قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى يېنىش-يېنىشلاپ ئېيتقان بولساممۇ، ئىككىلىسى كۆز يېشى قىلىشتى. ئۇلار بۇ خوشلىششىنىڭ بىز ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى خوشلىشىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاشراق بىر خىل ھېسسىياتتا بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. شىمالىي ئامېرىكادا مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان تۇرمۇشۇم بولغاچقا، مەن يىغلاپ يۈرمىگەن ئىدىم.

– ئەمەلىيەتتە، بۇ مەن ئۈچۈن بىر قۇتۇلۇش بولغان ئىكەن. كېيىن مەن، **2017**-يىلىنىڭ باشلىرىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنىڭ تۇساتتىن ناچارلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇم. ئاتا-ئانام بىلەن خوشلىشىپ، خىتاي تاموژنىسىدىن ئۆتىدىغان چېغىمدا، مەسئۇل خادىم مەندىن مىللىتىمنى سورىدى. «قازاق» دېدىم مەن. مەن ھەر دائىم تاموژنىدىن ئۆتىدىغاندا جىددىيلىشىپ كېتىدىغان بولساممۇ، ئەمما، خاتىرجەم ۋە خىيالى قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا تىرىشاتتىم. ئۇلار مېنىڭ پاسپورتۇمنى ئۇزاقتىن ئۇزاق تەكشۈردى. ھەتتا، مېنى ئۆتكۈزۈۋېتىش كېرەكمۇ، ئەمەسمۇ دېگەنلەر توغرۇلۇق باشلىقى بىلەن مۇزاكىرە قىلغانمۇ بولدى. ئاقىۋەتتە، ئۇلار ماڭىسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق، مەن ئايروپىلاندا ئولتۇرغاندىن كېيىن «ئۆلگۈر! بۇ نېمە كۈن ئەمدى؟» دەپ كەتتىم. شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئوقۇغان چېغىمدا، مۇشۇ ئىش كۆپ ئېسىمگە كېلىۋالىدۇ. ئوخشاش بىر پەيت ئىچىدە ئۆزۈمنى تولىمۇ قورققان، شۈكۈر قىلغان، گۇناھكار ۋە غەزەپلەنگەن ھالەتتە ھېس قىلىمەن.

– ئائىلەمدىن ئايرىلىپ، ئۇلارنى كۆرمىگىنىمگە ئۈچ يىل بولدى. ئۇلار كۈندىن كۈنگە قېرىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار بىلەن قاچان قايتا كۆرۈشەلىشىمنى بىلمەيمەن. ئۇلارنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. مەن ئاتا-ئانامغا يېقىن تۇرۇپ، ئۇلارغا كۆيۈمچانلىق قىلالمىغان قىز بولۇپ قالغىنىمدىن، ياكى كەلگۈسىنى ئالدىن كۆرۈپ يېتىپ، ئىشلارنىڭ بۇ دەرىجىدە يامانلىشىپ كېتىشىدىن ئاۋۋال ئۇلارنى ئۇ جايدىن ئېلىپ چىقىپ كەتمىگىنىمدىن كۆڭلۈم بەك يېرىم. شۇ قېتىمقىسىنىڭ ئاتا-ئانام بىلەن ئاخىرقى قېتىملىق خوشلىششىم ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلمەسلىكىم مېنى بەكلا جىلە قىلىدۇ.

ئۆزىنى مۇساپىر دەپ ئاتىشىمنى مەندىن تەلەپ قىلغان ياش ئۇيغۇر ئايالنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىنقى ئون يىل ئىچىدە ئەڭ ئېغىر روھىي يىمىرىلىش ئېلىپ كەلگەن ئىش، **2017**-يىلى ئۇيغۇر مەشھۇرلىرى تۇتقۇن قىلىنىشقا باشلىغاندا يۈز بەرگەن ئىكەن. چەتئەلدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاشۇ مەشھۇرلار ئۇنىڭ ئۈچۈن تەۋەلىك تۇيغۇسى ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ھېس قىلدۇرىدىغان، ئۇيغۇرلار ئوقۇيدىغان ئىنىستىتۇتلارغا قايتىپ بېرىپ (خىزمەت قىلىشىدىكى) چىقىش يولى ئىكەنتۇق.

– شۇلار تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىزگە تۇتقان مۇئامىلىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. بىزدە ئىلگىرىكىدەك پۇقرالىق ھوقۇقىمىزغا بولغان ئىشەنچ ئۇزۇل-كېسىل يوقىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارە، مەن ئۆزۈمنى كۈچسىز ۋە قورقۇنچاق ھېس قىلىشقا باشلىدىم. مەن بۇنداق ناھەقچىلىكنىڭ يۈز بېرىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدىم. مېنىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان ئىشەنچىم بەربات بولدى.

بىراق، دۆلەت زوراۋانلىقى ئۇيغۇر ئىنىستىتۇتلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى بىلەن توختاپ قالمايدۇ. دۆلەت زوراۋانلىقى ئوخشاشلا مۇساپىرنى ئۇرۇق-تۇغقىنى ۋە دوستلىرى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈشكە مەجبۇر قىلغاندى ئىدى.

– **2018**-يىلى يازدا، مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىم مېنى ئۈندىداردىن بىر-بىرلەپ يۇيۇپ چىقىرىۋەتتى. ئاندىن ئانام ماڭا تېلېفون قىلدى. ئانامنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ دېگەن سۆزلىرى مېنىڭ يۈرىكىمگە پىچاق بولۇپ سانچىلدى. ئانام ئەينەن مۇنداق دېدى:«ئەگەر بىزگە كۆيۈنسىڭىز، ئەمدى بىزگە تېلېفون قىلماڭ.» شۇ پەيتتىن باشلاپ، مەن ئۆزۈمنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىم بىلەن ئالاقىلىشىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئاددىي ئىنسانىي ھوقۇقۇمدىن ئايرىلىپ قالدىم.

يىللار ئۆتكەنچە، مۇساپىر ئۆزىنىڭ بەلكىم ئىككىنچىلەپ ئائىلىسىنىڭ خەۋىرىنى ئالالماسلىقىدىن ياكى ئۇلارنى كۆرەلمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلماقتا. ئۇ ئۆز يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىندى.

– بۇ ئون يىل مېنىڭ ھاياتىمنى مەڭگۈلۈك ئۆزگەرتىۋەتتى،– دېدى مۇساپىر.

2019-يىلى تۈگەپ، ئۆتكەنكى ئون يىلنىڭ ئاياقلىششى بىلەن، كۆپلىگەن تۈركىي مۇسۇلمانلار بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قورقۇنچ ۋە روھىي يىمىرىلىش دائىما چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىككە ئايلىنىپ كەتتى.

مۇساپىرغا نىسبەتەن، 2019-يىلى ئۇنى ئەڭ ھاياجانغا سالغان مىنۇتلار «ئۇلار بىزگە كېچىسى كېلىدۇ» دېگەن ھۆججەتلىك فىلىمنى كۆرگىنىدە يۈز بەرگەن.

– سۆيۈملۈك ئۆيۈمنى، مەن ماڭغان كوچىلارنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ياش كەلدى. بىراق، مەن ئۆسۈپ چوڭ بولغان ماكانىنىڭ ھەممە يەر نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدىكى ساقچى دۆلىتىگە ئايلانغانلىقى قەلبىمنى چۆل-چۆل قىلىۋەتتى. كوچا-كويىلار قۇرۇقدىلىپ قالغان، خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالغان ھېچنەرسە يوق. شۇنىڭدىن بېرى، ئۇ مەنزىرىلەر مېنى بەكمۇ قىينىدى.

2019-يىلى ئۇنى ھەممىدىن بەك ئۈمىدسىزلەندۈرگەن ئىش، بىر قېرى ئايال خىتاينىڭ مۇخبىر ئىزوبىل ياڭغا «ئۇيغۇرلار چوقۇم خىتايلار بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك، مەن ئۇلارغا ھېسسىداشلىق قىلمايمەن» دېگەن سۆزلىرى ئىكەن.

– شۇ مىنۇتتا مەن كۆپ ساندىكى خىتايلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتنىڭ دەۋاتقانلىرىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئىنسان ھەقلىرىگە قارشى زوراۋانلىقىغا ئاكتىپلىق بىلەن يانتاياق بولۇۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. مەن ئاۋامنىڭ قوللىشىسىز، ھۆكۈمەتنىڭ بايانلىرىدا ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. قېرى خىتاينىڭ ئېيتقانلىرى بىزنىڭ ھۆكۈمەتنىڭمۇ، خىتاي خەلقىنىڭمۇ قوللىشىدىن مەھرۇم ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرىدۇ. زۇلمەت كۈچەيمەكتە. بۇ مېنى ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ھاياتىمنىڭ ھەر قانداق دەۋرىدىكىدىن بەك ئۈمىدسىزلىككە بەنت قىلدى.

2015-يىلى ئابلىكىم ماڭا ئۇيغۇرلاردىكى دوستلۇقنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ماقالنى ئۆگىتىپ قويغان ئىدى. «دوستنىڭ دوستلۇقى باشقا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر.» دوستلۇق دوستنىڭ قايغۇسىغا ھەمدەم بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا بۇ دوستنىڭ دوستى ئۈستىدە ھەق-ھوقۇقى بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر. بۇ يەنە شۇنىڭدىنمۇ دېرەك بېرىدۇكى، سىز دوستلىرىڭىزنى زوراۋانلىقتىن قوغداشقا قادىر بولالمىغىنىڭىزدا، زوراۋانلىقنىڭ سىزگە بولغان زەربىسى تولىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

2017-يىلى، 29-ئىيۇن مەن ئابلىكىمدىن ئەڭ ئاخىرقى ئۇچۇرنى تاپشۇرۇۋالدىم:«پاراڭلاشمىغىنى مىزغا ئۇزۇن بولدى. بىخەتەرلىك سەۋەبىدىن ئۇندىدارىمدىكى بارلىق چەتئەللىكلەرنى يۇيۇۋېتىشىم كېرەكلىكىنى خىجالەت ئىلىكىدە ئېيتماقتىمەن.» ئۇ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ توي قىلىشى ئۈچۈن مەھەللىسىدىن لايىق تېپىپ قويغانلىقىنى، شۇ سەۋەبلىك (ئۈرۈمچىدىن) قەشقەرگە يېقىن يېزىسىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى يازغان ئىكەن. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، ئابلىكىمنىڭ دوستلىرىنىڭ ئابلىكىم بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، دوستلىرى ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدى. ئۇ پۈتۈنلەي غايىپ بولدى. ئابلىكىمنىڭ دوستلىرى ئابلىكىمنىڭ يېقىندىن قۇرۇلغان تەربىيىلەش لاگېرلىرىدىن بىرىگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. قارىغاندا، ئابلىكىم خىتاينىڭ ئىنتېرنېت قورغىنىنى ئاتلاپ ئۆتۈش ئارقىلىق توردىن كىنو چۈشۈرگەنلىكى، مۇزىكا ئاڭلىغانلىقى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سۈزىۋېلىنمىغان خەۋەرلەرنى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، «بولغۇسى تېررورچى» دەپ قارالغاندەك قىلاتتى.

2019-يىلى مەمتىمىنمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى تونۇشلىرىدىن بىرىنىڭ سىرلىق ئۇچۇرنى تاپشۇرۇۋالغان. ئۇچۇردا «ئىنىڭىز ۋاپات بولۇپ كەتتى» دېيىلگەن ئىدى. مەمتىمىن «سىز مېنىڭ ئىنىم توغرىسىدا سۆز قىلىۋاتقىنىڭىزغا جەزم قىلالامسىز؟ ئۇ ئەمدىلا قىرىق ياشتا تۇرسا» دەپ سورىغان.

ھېلىقى كىشى «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەرگىنىدە، مەمتىمىن ھوشىدىن كەتكەن. «ھوشۇمدىن كەتكەنلىكىم ئۈچۈن، ھۆجرا ئۆيۈمنىڭ پولىدا يېتىپتىمەن. ئىنىمنىڭ رەسىمىگە يېنىش-يېنىشلاپ قارىدىم. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم **2017**-يىلى ئىيۇندا ئۈندىداردا يېزىشقان ئۇچۇرلىرىمىزنى ئوقۇدۇم. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆلۈمىدىن ئاۋۋال بىر قېتىم بولسىمۇ پاراڭلىشىۋالالىغان بولۇشۇمنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم.»

بۇ ئون يىلدا مەن ئابلىكىم ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمان دوستلىرىمدىن باشقىلارنىڭ كەچمىشىنى ئاڭلاش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىشنىڭ باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئۆگەندىم. ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتچىسى مىچىل جەكسوننىڭ نۇقتىئىينەزىرى بويىچە ئېيتقاندا، يۈز بەرگەن ئىشلار مەيلى تراگېدىيىلىك ياكى غەلىبىلىك ئىشلار بولسۇن، ھېكايە بايان قىلىش ھادىسىلەرگە تەرتىپ بېرىشتىكى ۋە ئۇنى بىر-بىرىگە باغلاشتىكى ئۇسۇللاردىن بىرىدۇر. شەخسىي ھېكايىلەردە ھېكايىنىڭ ئېگىسى ئىجتىمائىي ئۆزگۈرۈش جەريانىدىكى قوشۇمچە پېرسوناژ ئەمەس، باش پېرسوناژ بولىدۇ. شەخسىي ھېكايىلەر كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا مەنا ئاتا قىلىپلا قالماي، يەنە كىشىلەر «بۇ خىل ھېكايىلەرنى سىمۋوللۇق ھالدا قايتا قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ھادىسىلەرنى تەجرىبە قىلىدۇ.» بۇنداق قىلىش سەۋەبلىك، شەخسىي ھېكايىلەر كىشىلەرگە ئەڭ قاراڭغۇ قىسمەتلەرگە دۇچ كەلگەندىمۇ ئۇنى يېڭىش ۋە ئۆز ھاياتىنىڭ ئاپتورى بولۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. مانا بۇ مەمتىمىن، گۈلنار، مۇساپىر قاتارلىقلارنىڭ ئۆزى ھېكايىلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىنىڭ ھېكايىلىرىنى كۆچىنىڭ يېتىشچە يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر.

ئابلىكىم ياخشى كۆرىدىغان ناخشىلاردىن بىرى نۇرا جونىسنىڭ «خەير خوش دېگىن» ناملىق ناخشىسى ئىدى. بۇ ناخشىدا بىرىنى تېخىچە ياخشى كۆرىدىغاندەك سىياقتا كىرىۋالماستىن، سەمىمىي بولۇپ، ھاياتىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكىڭىز مەزمۇن قىلىنغان. مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم **2018**-يىلى ئۈرۈمچىگە بارغىنىمدا، تۈرك چايخانىسىدىكى ئابلىكىم بىلەن ئۆزۈم بىللە ئولتۇرغان ئورۇندا ئولتۇردۇم. ناخشىنىڭ ئاككورد نۇسخىسى بىر ئاز ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن بولسىمۇ، ناخشىنىڭ ئاھاڭى بۇ ناخشا توغرىسىدا ئابلىكىم بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىمىزنى ئەسلەشكە ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بېشىغا نېمىلەرنىڭ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەندىشەمنى كۆچەيتىشكە يېتىپ ئاشاتتى. ئۇنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغان قورقۇنچى رېئاللىققا ئايلانغان بولۇپ، ئۇ ئۆز ھاياتىنى ئۆزى كونترول قىلىشنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇنىڭ ھېكايىسى «قايتا تەربىيىلەش دەۋرى» تەرىپىدىن توختىتىپ قويۇلدى. بۇلۇڭدا ئولتۇرۇۋېلىپ يىغلاش سەۋەبلىك غەيرى چەتئەللىك بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتتىم ۋە «خوش خېي» ماركىلىق تاماكىدىن ئىككى تال چېكىۋەتتىم. بىرنى ئۆزۈم ئۈچۈن، بىرنى ئابلىكىم ئۈچۈن چەكتىم.

ئۆتكەن ئون يىلدا مەن ئىزچىل ھالدا ئابلىكىمنىڭ ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىسى ئۈستىدە ئويلاندىم. ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقۇم ھەممىدىن قىممەتلىك. ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقۇم مېنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىيىن ھېكايىلەرنى سۆزلىشىمگە تۈرتكە بولۇۋاتقان نەرسىدۇر. ناۋادا بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئالمىشىپ قالغان تەقدىردە، مېنىڭ قىلغانلىرىمنى ئابلىكىم مەن ئۈچۈن قىلغان بولاتتى. ئابلىكىم ھاياتمۇ ياكى ئۆلۈپ كەتتىمۇ، بىلمەيمەن. بىراق ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ھاياتلىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

**https://supchina.com/2020/01/01/a-decade-of-stories-of-loss-in-xinjiang/**



# شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى زىيارەت قىلغان تۇنجى ئامېرىكا مۇخبىرى - باربارا ستېفېنس

ئەسەت سۇلايمان

قارا قىشتا ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئامېرىكالىق مۇخبىر قىز

ئامېرىكا «تۇرمۇش» ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرى باربارا ستېفېنس (Barbara Stephens) 1946-يىلى 11-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چۈشكىچە كوزۇپلۇق دالا ماشىنىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. دەل مۇشۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدىكى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىغا باش كونسۇللۇققا تەيىنلەنگەن جون خول پاكىستون (John.H.Paxton) خانىمى ۋىنكو پاكىستون (Vinco Paxton) بىلەن بىرلىكتە شاڭخەيدىن ئۈرۈمچىگە ئۇچقان ھەربىي ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ.

ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن ئالتۇن چاچلىق گۈزەل قىز باربارا ستېفېنس بىرقانچە ئايلىق جاپالىق سەپەر ئارقىلىق 1947-يىلىنىڭ يانۋار ئېيىدا، قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ.

ۋىنكو پاكىستون خانىم كېيىنكى مەزگىللەردە يازغان ئەسلىمىسىدە، 1947-يىلى يانۋارنىڭ سوغۇق بىر كۈنى كونسۇلخانىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاپتوموبىلدىن سەكرەپ چۈشكەن ياش بىر ئامېرىكالىق قىزنىڭ چەككەنلىكىنى، ئۇنىڭ پۇتىغا يەرلىكلەرنىڭ ئۇزۇن قونجۇلۇق ئۆتۈكى، ئۇچىسىغا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن قېلىن جۇۋا كىيىۋالغانلىقىنى، ئارقىسىدىن چىگىلگەن ئالتۇنرەڭ چاچلىرىنىڭ مۈرىسىگىچە يېيىلىپ تۇرغانلىقىنى، قىزنىڭ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن «پاكىستون ئەپەندى، مەن باربارا ستېفېنس بولىمەن» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

## ماناس دەرياسىنىڭ ئۇ تەرپىنى كۆرگۈم بار

باربارا ستېفېنس كونسۇلخانىغا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى كەچتە كونسۇل پاكىستون ۋە ئەنگىلىيەنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى كلارك گرام (Clark Graham) بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى توغرىلىق سۆزلىشىدۇ. باربارا ئۇلارغا: «مەن خىتايلارنىڭ رايوندىكى يەرلىك خەلقلەرگە يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇملىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە قىزىقىمەن. مەن بۇ يەردە بولغان ۋاقتىمدا، ئادەتتىكى زىيارەتچىلەردەك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى ھەرگىزمۇ خالىمايمەن. مەن بۇ يەردە بىر كونسۇلنىڭ دىپلوماتىك نۇقتىدىن ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىشنى ئىستىمەيمەن. مەن ھەر قايسى جايلارغا سەپەر قىلىپ، تۈرلۈك قاتلاملارغا مەنسۇپ كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىپ، ئاندىن ئۆزۈمنىڭ مەزكۇر رايون توغرىسىدىكى مۇستەقىل پىكرىمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى ئويلاۋاتىمەن» دەيدۇ.

كونسۇل پاكىستون ئۇنىڭدىن قەيەرگە بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى سورايدۇ. «ئالدى بىلەن ئىلىغا، يەنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختىگە بېرىشنى ئىستەيمەن» دەيدۇ باراباردا ستېفېنس. «مەن ئىلىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ مىللەتچى خىتاي (گومىنداڭ) نىڭ سىرتمىقىدىن قانداق قۇتۇلۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاپتونومىيەسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە قانداق مۇۋەپپەق بولغانلىقىنى كۆرۈشنى خالايمەن. مەن يەنە ھەقىقىي ئەركىنلىكنىڭ قولغا كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى جەزملەشتۈرمەكچىمەن. سىلەرچە ئۈچ ۋىلايەتنى ئەركىنلىككە ئېرىشتى دېسەم توغرا بولارمۇ؟»

كونسۇل پاكىستون ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: «ئۈرۈمچىدىن 150 مىل كېلىدىغان ماناس ئىككى تەرەپنىڭ ئۈرۈش توختىتىش سىزىقى بولماقتا. ئۇنىڭ غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرىدىكى ئىلى، چۆچەك ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى مەۋجۇت. ھۆكۈمەتنىڭ تاموژنا، پوچتا ۋە تاشيول باشقۇرۇش قاتارلىق فۇنكسىيىلىك ئورگانلىرى پەقەتلا قالغان يەتتە ۋىلايەتتە ئىشلەيدۇ. ماناس دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ھۆكۈمەتنىڭ ھېچقانداق ئىشخانا ياكى مەمۇرىي پونكىتلىرى يوق.»

مۇخبىر باربارا ستېفېنس كونسۇل پاكىستوندىن ئىككى تەرەپنىڭ ئۈرۈش توختىتىش سىزىقى بولغان ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئىلىغا سەپەر قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى سورايدۇ. پاكىستون بۇ سوئالىغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «سەپەر قىلىش مۇمكىن، ئەمما بۇنىڭدىكى بىردىن-بىر توسالغۇ سەپەر ئۈچۈن تەستىق ئېلىش مەسىلىسىدۇر. ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجا ئارىلىقىدا قومۇل-ئالمۇتا يوللىرىنىڭ ئايروپىلانلىرى قەرەللىك قاتناپ تۇرىدۇ. ئەمما سىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر قىسىم جايلارغا سەپەر قىلىش ئىشى خىتاينىڭ باشقا ئۆلكىلىرىگە سەپەر قىلغانغا ئوخشىمايدۇ. ئۈرۈش توختىتىش سىزىقىنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈش ئۈچۈن، ئىلى تەرەپنىڭ ئاساسلىق ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان ئەپەندىدىن تەستىق ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاڭلىشىمچە، ئەخمەتجان ئەپەندى تەستىق سالغاندىن كېيىن بۇنى يەنە ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈش زۆرۈر ئىكەن.»

ھالبۇكى، باربارا ستېفېنس پاكىستوننىڭ بۇ سۆزلىرىنى رەت قىلىپ: «مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن. بۇ مىللەتچى خىتايلارنىڭ تەشۋىقاتى، خالاس» دەيدۇ.

شۇ كۈنى كەچتە كونسۇل پاكىستون بىلەن مۇخبىر باراباردا ستېفېنس ئوتتۇرىسىدا بىراز تارتىشما بولىدۇ. پاكىستون ئۇنىڭ ئىلىنى زىيارەت قىلىشى ئۈچۈن ئەخمەتجان قاسىمىدىن تەستىق ئېلىش ئىشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم مەمۇر بىلەن كۆرۈشىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. پاكىستون ئەتىسى كەچقۇرۇن گېنىرال جاڭ جىجۇڭنىڭ ئامېرىكا كونسۇلىدىكى ھەممەيلەننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىمۇ بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

## بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ئىلى ۋەكىللىرىنىڭ قولىدا ئەمەلىي ھوقۇق بارمۇ؟

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن مۇخبىر باربارا ستېفېنس بىلەن كونسۇل پاكىستون ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت داۋاملىشىدۇ. باربارا ئىلىغا بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ جەنۇبتىكى ۋىلايەتلەرگىمۇ بېرىشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، بۇ زىيارەت جەريانىدا خىتاي ئارمىيەسىنىڭ جەنۇبتىكى يەرلىك خەلققە سېلىۋاتقان زۇلۇمى ھەققىدە ئەمەلىي پاكىتلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

كونسۇل پاكىستون ئۇنىڭغا جەنۇبىي ۋىلايەتلەرگە سەپەر قىلسا، توسالغۇنىڭ يوقلىقىنى، يەتتە ۋىلايەتنى مىللەتچى خىتاي (گومىنداڭ) تەرەپ كونترول قىلىۋاتقان بولغاچقا، ئامېرىكا مۇخبىرلىرىنىڭ بېرىپ-كېلەلەيدىغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ گېنېرال جاڭ جىجۇڭغا جەنۇبقا قىلىدىغان سەپەر پىلانىنى ئالدىن دېيىشى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.

سۆھبەت بۇ يەرگە كەلگەندە كونسۇل پاكىستون باربارا ستېفېنسقا مۇنداق دەيدۇ: – سىز ‹زۇلۇم› ياكى ‹تەقىب› دېگەن بۇ سۆزلەرنى داۋاملىق تىلغا ئېلىشنى مۇۋاپىق دەپ قارامسىز؟ شىڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆلەنگەن مۇستەبىت ھۆكۈمەت يوقالغاندىن كېيىن رايوننىڭ ۋەزىيىتىگە نىسبەتەن بۇ سۆزلەرنى ئىشلىتىش مۇۋاپىقمۇ؟ تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بىتىمدىكى ماددىلارنى ئىجرا قىلىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئۈرۈمچىدە تۇرۇش جەريانىدا كۆرىسىز، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ئەمەلدارلارنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك يەرلىكلەر تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە جەنۇبتىكى تۈركلەر ، شىمالدىكى قازاق ۋە موڭغوللارنىڭمۇ ۋەكىللىرى بار.

ھالبۇكى، باربارا ستېفېنس كونسۇل پاكىستوننىڭ بۇ پىكىر-تەكلىپلىرىنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

– يەتتە ۋىلايەتنىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ۋەكىللىرى قورچاقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئۇلار يەرلىك خەلققە زۇلۇم سېلىپ، ھەمكارلاشقانلاردۇر. شۇ سەۋەبتىن يەرلىك خەلق ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ۋەكىللىرىنىڭ سانى نورمىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قولىدا ئەمەلىي ھوقۇق يوق.

كونسۇل پاكىستون ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ:

– ئىلى ۋە جەنۇبى شىنجاڭنى كۆرۈپ كەلگىنىڭىزدىن كېيىن، ئاندىن پىكرىڭىزنى ئاڭلاشنى خالايمەن. مەن ئۆزۈممۇ ئىشلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، ماشىنا بىلەن بۇ جايلارنى كۆرۈپ ۋە ئايلىنىپ كەلمەكچىمەن. مېنىڭچە، نەق مەيدانغا بېرىپ كۆپلىگەن يەرلىك كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندىلا ئاندىن ۋەزىيەت ھەققىدە مۇستەقىل ھۆكۈم چىقارغىلى بولىدۇ.

– توغرا، ئەگەر مەن ئىلىدىن قايتقىچە ماشىنا بىلەن كېلىش مۇمكىن بولسا، كۆپ جايلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەلەيمەن، دەپ ئويلايمەن.

شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئاشۇ كۈنى كەچقۇرۇندىكى سۆھبىتى ئاخىرلىشىدۇ.

## غۇلجا ئامېرىكانىڭ دېڭىزىر شەھىرىچىلىك كېلىدىكەن

باربارا ستېفېنس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەستىقى بىلەن **1947**-يىلى فېۋرالدا غۇلجادا زىيارەتتە بولىدۇ. ئۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ماناس دەرياسى مىللىي ئارمىيە بىلەن گومىنداڭ ئارمىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش توختىتىش سىزىقىغا ئايلانغاندىن بېرى، ئىلى تەرەپ ئەمەلىي كونترول قىلىۋاتقان تېررىتورىيەگە دەسسىگەن تۇنجى ئامېرىكا مۇخبىرى ئىدى.

باربارا غۇلجادا كۆرگەنلىرى، تەكشۈرگەنلىرى ۋە كۆزەتكەنلىرى ھەققىدە ئۇزۇندىن-ئۇزۇن خاتىرىلەرنى قالدۇرىدۇ. نەچچە يۈزلىگەن فوتو سۈرەتلەرنى تارتىدۇ. ھالبۇكى، كونسۇل پاكىستون بىلەن خانىمى ۋىنكو پاكىستون ئەسلىمىسىدە باربارا ستېفېنسنىڭ غۇلجادا نېمىلەرنى كۆرگەنلىكى، كىملەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، قەيەرلەرگە بارغانلىقى ۋە قانداق ھېچقانداق ئىز ئاچمايدۇ.

باربارا ستېفېنس غۇلجادىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن كۈنى چۈشلۈك تاماقتا ئەر-ئايال پاكىستونلارغا غۇلجانىڭ ئۈرۈمچىدىن كۆپ ياخشى جاي ئىكەنلىكىنى ماختاپ بېرىدۇ. ئۇ غۇلجا كوچىلىرىنىڭ كەڭ ۋە ئازادە ئىكەنلىكىنى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سۆۋادان تېرەكلەرنىڭ ئاسمانغا بوي تارتقانلىقىنى، ئىلى

دەرياسىنىڭ بويىدىكى مۇنبەت ئېتىزلىقلارنىڭ ئىلى ۋادىسىنىڭ باي-باياشاتلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، بۇنداق مەنزىرىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا يەرلىرىدىن ھېس قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

بۇ تەسۋىرلەرگە قىزىققان ۋىنكو پاكىستون خانىم: «ئامېرىكا شەھەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا غۇلجا قانچىلىك چوڭ ئىكەن؟» دەپ سورايدۇ. باربارا ستېفېنس ئۇنىڭغا جاۋابەن: «غۇلجا ئامېرىكانىڭ دېنۋېر شەھىرىچىلىك كېلىدىكەن» دەيدۇ.

باربارانىڭ غۇلجا شەھىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلىرى ئەر-ئايال پاكىستوننى بەكمۇ قىزىقتۇرىدۇ. ئۇلار ئەسلىمىسىدە شۇ چاغدىكى ھېسسىياتلىرىنى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز شۇ ۋاقىتتا غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۇرۇمچىدىن قالسىلا، مەزكۇر ئۆلكىدىكى ئېلېكتىر مەۋجۇت ئاز ساندىكى شەھەرلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق. ۋىنكونىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا دېنۋېر شەھەر مەركىزىنىڭ ئېلېكتىر چىراقلىرى بىلەن جۇلالانغان كۆرۈنۈشلىرى كەلدى. دېنۋېر شەھەر مەركىزىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ماگىزىنلار، ئۇ يەردىكى نېمىنى خالىسا شۇنى سېتىۋالغىلى بولىدىغان تۈرلۈك ماللار دۇكانلىرى بىز ئۇچۇن ئۈرۈمچىدە دائىم ئويلايدىغان نەرسىلەر ئىدى. باربارانىڭ غۇلجا ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. چۈنكى غۇلجا چېگرا بويىغا جايلاشقان شەھەر بولغاچقا، بۇ يەردە رۇسىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان نۇرغۇن ماللار ۋە يەرلىكلەر ئىشلەپچىقارغان تۈرلۈك مەھسۇلاتلارنىڭ بولۇشى چوقۇم ئىدى.»

## غۇلجادىن قايتىپ كەلگۈچە شۇنچىلىك توڭلىدىمكى...

باربارا ستېفېنس شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا ئۆزىنىڭ غۇلجا سەپىرى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇ ھاۋا شۇنچە سوغۇق بولۇشىغا قارىماي ئۆزىنىڭ ئىلى سەپىرىدىن بەكمۇ خوشال بولغانلىقىنى، غۇلجاغا يېتىپ بارغان كۈنى ئىلى دائىرىلىرىنىڭ ئۇنى ئىنگلىزچە بىلىدىغان بىر سودىگەرنىڭ ئازادە ھەم ياسىداق ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، كېچىلىرى بۇ ئۆينىڭ ئەتراپىغا فورما كىيگەن قوراللىق مۇھاپىزەتچى قويۇلۇپ، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكى قوغدالغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ غۇلجادىكى مەكتەپلەرنى، دۇكان-ماگىزىنلارنى، زاۋۇت ۋە چوڭ تىپتىكى بىر ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى زىيارەت قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا كۆپلىگەن زىياپەتلەرگە ۋە تەكلىپ بىلەن قاتناشقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.  ئەمما ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر كونسۇل پاكىستون ۋە ئۇنىڭ خانىمى ۋەققىدە تېخىمۇ تەپسىلىي ئۇچۇرلارنى دېمەيدۇ.

باربارا ستېفېنس غۇلجادىن قايتاشىدا ئايروپىلاندا ئەمەس، بەلكى ماشىنا بىلەن قايتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ھۆكۈمەت خادىملىرى ئۇنى ئۈرۈمچىگە بارىدىغان بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ كابىنكىسىغا سېلىپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇ قايتاشىدا غۇلجا شەھىرىدىن ماناس دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇزۇن مۇساپىنى كۆرۈپ، بۇ جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە مىللىي ئارمىيەنىڭ ئەسكىرىي ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى كۆزەتمەكچى بولىدۇ.

ھالبۇكى، غۇلجادىن قايتىش سەپىرى ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمايدۇ. يەنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن بۇ يۈك ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى گويا بىر جايدىن بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالغاندەك، كۇندۇزى يول بويلىرىدىكى قونالغۇ ۋە دەڭلەردە ئۇخلاپ، پۈتۈن سەپەرنى كېچىسى داۋاملاشتۇرىدۇ. باربارا ئۇنىڭدىن كۇندۇزى يول مېڭىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما شوپۇر بۇنى رەت قىلىدۇ. ئۇ ئىلى دائىرىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماي ماشىنا بىلەن قايتىشقا قوشۇلغان بولسىمۇ، ئەمما شوپۇرغا ئايرىم كۆرسەتمە بېرىپ، كۇندۇزى يول ماڭماسلىقنى تاپىلىغان بولۇشى مۇمكىنلىكىدىن گۇمان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يول بويىدىكى جىڭ، شىخو، مايتاغ، ساۋەن قاتارلىق يۇرتلارنى كۆرۈش ھەمدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئەمەلىي كونترول قىلىپ تۇرغان تېررىتورىيەدىكى جۇغراپىيەلىك ئەھۋاللارنى كۆزىتىش پىلانى سۇغا چىلىشىدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىدۇ.



باربارا ستېفېنس چوڭچىڭ كوچىلىرىدا 1945يىلى

فېۋرالنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇقىدا تەلكە داۋىنىدىن چىقىپ شىخوغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا باربارا ستېفېنسىنىڭ پۇتى توڭلاپ كۆكىرىپ كېتىدۇ. كېچىنىڭ قاتتىق سوغۇقىدا كابىنكا مۇزدەك سوۋۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق جاپالىق سەپەر قىلىپ باقمىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇنچىلىك قاتتىق توڭۇپ باقمىغانلىقىنى ئويلايدۇ. ئۇ شىخودىن ئۆتكەندە پۇتىنىڭ توڭلاپ ئۆتۈك ئىچىدە ئىششىقا باشلىغانلىقىنى، پۇتىنىڭ بارماقلىرى بىلەن ئوشۇق تەرىپىنىڭ كۆكىرىپ كەتكىنىنى ھېس قىلىدۇ.

باربارا ستېفېنس ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: «يولدا كەلگۈچە بەزى كېچىلىرى شۇنچىلىك قاتتىق توڭلىدىمكى، بىردىنلا يۇرتۇمنى سېغىنىش ئوتى پۈتكۈل قەلبىمنى چۇلغىۋالدى. ئۈرۈمچىگە ساق-سالامەت يېتىپ بېرىۋالسام‌لا، ئالدى-كەينىمگە قارىماستىن ئۇدۇل ئامېرىكاغا كېتىمەن دەپ ئويلىدىم. ئەمما ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپلا بۇ ئويۇمدىن ياندىم. مەن ئۈرۈمچىدە بىر مەزگىل دەم ئالغاچ تۈركىي تىلى ئۆگەنمەكچىمەن ۋە جەنۇبقا بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىمەن.»

## ئالمۇتانىڭ ئالمىسى

باربارا ستېفېنس غۇلجادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا تۇرغۇسى يوقلۇقىنى، يېقىن ئەتراپتىن ئۆزىگە قولاي بىر ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ تۇرۇشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، شۇنداق قىلغاندا ئۈرۈمچىدىكى ئاۋام خەلق بىلەن ئەركىن-ئازادە ئۇچراشقىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرنى زىيارەت قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئەر-ئايال پاكىستونلار ئۇنى كونسۇلخانىدا تۇرۇشقا شۇنچە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چىرايلىقچە رەت قىلىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى ئامېرىكا كونسۇلخانىسى بىلەن قوشنا كېلىدىغان ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى گرامىمۇ ئۆزىنىڭ دۆلىتىگە قايتىدىغانلىقىنى، يېڭى كونسۇل يېتىپ كەلگۈچە كونسۇلخانا ئۆيلىرىنىڭ بوش ئىكەنلىكىنى، ئەگەر باربارا ستېفېنس خالىسا، شۇ ئۆيلەردە تۇرسا بولىدىغانلىقىنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما باربارا بۇ تەكلىپنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ.

ۋىنكو پاكىستون خانىم كېيىن يازغان ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «كونسۇلخانىمىزنىڭ ئالدىدا كېچە-كۈندۈز كۆزەتتە تۇرىدىغان خىتاي ئامانلىق خادىمى بىلەن كونسۇلخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىناغا جايلاشقان سوۋېت سودا-تىجارەت ئۇيۇشمىسىنىڭ داۋاملىق ئوچۇق تۇرىدىغان دېرىزىلىرى كونسۇلخانىغا زىيارەتكە كەلگەن مېھمانلاردا خاتىرجەمسىزلىك ۋە دىلغۇللۇق پەيدا قىلاتتى. بىزنىڭ مېيتىم بىزگە ئۆزلىرىنىڭ كونسۇلخانىغا كىرگۈچە نامەلۇم كۆز-قۇلاقلارنىڭ تىكىلىپ تۇرغان نەزەرىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۇنى ھەر دائىم ۋەھىمىگە سالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ئىدى.»

دەرۋەقە، مۇشۇ سەۋەبلەردىن بولسا كېرەك، باربارا ستېفېنس غۇلجادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا تۇرۇشنى خالىمايدۇ. ئۇ مۇخبىر بولۇشتەك كەسپىي سەزگۈرلۈكى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى نازۇك سىياسىي ئاتموسفېراسىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. دەرۋەقە، سوغۇق ئۇرۇشنىڭ پەردىسى ئېچىلغان **1940**-يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي بۇرجىكىگە جايلاشقان ئامېرىكا كونسۇلخانىسىغا ھەر بىر كىچىككىنە تىۋىش بىلەن كىرگەن-چىققان ئادەملەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ياللىغان قانچىلىغان «كۆز-قۇلاقلار» **24** سائەت كۆزىتىپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى باربارا ستېفېنس ئۆزىنىڭ غۇلجادىن ئاجايىپ چوڭ ئالما ئالغاچ كەلگەنلىكىنى، بۇنداق چوڭ ئالمىلارنىڭ غۇلجا بازىرىغا ئالمۇتادىن كىرىدىغانلىقىنى، يولدا كەلگىچە سوغۇق ۋە ئوڭغۇل-دوڭغۇل يولدا بۇ چىرايلىق ئالمىلارنىڭ ئازراق زىدە بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ۋىنكو پاكىستون خانىم باربارا ئېلىپ كەلگەن ئالمىلارنىڭ چوڭلۇقىدىن ھەيران قالىدۇ. چۈنكى شۇ ۋاقىتلاردا ئۈرۈمچى بازىرىدىن سېتىۋالغىلى بولىدىغان ئالمىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇششاق، رەڭگى كۆرۈمسىز، تەمى ئاچچىق-چۈچۈك بولۇپ، بۇنداق چوڭ ئالمىنى ئۇلار ئاسىيانىڭ قەلبىگە جايلاشقان بۇ يىراق شەھەردە تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. باربارا ستېفېنس ئۇلارغا

چاقچاق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئالمۇتانىڭ ئالمىسى، ئالمۇتا دېگەن شەھەرنىڭ ‹ئالمىلارنىڭ ئاتىسى› دېگەن مەنە بېرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار!»

## ئۈرۈمچىدە «25-فېۋرال ۋەقەسى» گە شاھىت بولۇش

باربارا ستېفېنس غۇلجادىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، بىرقانچە كۈن ئۆتمەيلا ئۈرۈمچى ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا تۇرۇشنى رەت قىلىپ، يېقىن ئەتراپتىكى يەرلىك كىشىلەردىن بىرىنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ تۇرىدۇ. ئۇ بۇ كۈنلەردە جەنۇبقا بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلغاچ، بىر تەرەپتىن جىددىي رەۋىشتە ئۆزگىرىۋاتقان ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى كۈزىتىپ، يەرلىك كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە، سىياسەتكە ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بولغان قاراشلىرىنى بىلىپ بېقىشقا تىرىشىدۇ.

دەل شۇ كۈنلەردە، يەنى 1947-يىلى 22-فېۋرالدىن باشلاپ ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى بىردىنلا جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىدە يوق بولۇپ، ئۇ بىرقانچە ھەپتە ئىلگىرى نەنجىڭغا كەتكەن ئىدى. بىتىم ئىمزالانغاندىن بۇيان، جاڭ جىجۇڭنىڭ قاتتىق كونتروللۇقىدا تۇرۇپ كەلگەن گېنېرال سۇڭ شىليەن باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرى ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى تەشەببۇسكارلىق ئورنىغا ئىچىدە غۇم ساقلاپ كەلگەن ئىدى.ئۆز خوجايىنىنىڭ ئۈرۈمچىدە بولماسلىقىدىن پايدىلانغان گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ گارنىزون قوماندانى سۇڭ شىليەن، مۇئاۋىنى داڭ بىگاڭ بىلەن بىرلىشىپ، ئىلى تەرەپكە «نامايىشقا نامايىش بىلەن»، «تەلەپ قويۇشقا تەلەپ قويۇش بىلەن» ئىنكاس قايتۇرۇش، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ئىلى ۋەكىللىرىنىڭ خورىكىنى سۇندۇرۇش، ھەمدە ئۇلارنىڭ يەتتە ۋىلايەتتە بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقان تەسىرىنى توسۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

1947-يىلى 2-ئاينىڭ 25-كۈنى سۇڭ شىليەننىڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىشى بىلەن، يۈزقراچە كىيىنگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى جۇۋىلىرىنىڭ ئىچىگە قۇراللىرىنى يوشۇرۇپ، ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش ۋە تەلەپ قويۇش «نامايىشى» ئۆتكۈزىدۇ. بۇ «نامايىش» قا يەنە ئۈرۈرۈمچىگە قېچىپ كەلگەن خىتايلار، بىر قىسىم تۇڭگانلار بىلەن قازاقلارمۇ ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. ئەلپازى بۇزۇلغان «نامايىشچى» خىتايلار شۇ كۈنى ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ئۇچرىغان ئۇيغۇرغا ھۇجۇم قىلىپ، بىرقانچە كىشى ئۆلتۈرىدۇ، نەچچە ئونلىغان بىگۇناھ ئۇيغۇرلار يارىلىنىدۇ.

ئۇلار ئاخىرى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت بىناسىنى قورشاۋغا ئېلىپ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمنىڭ سىرتقا چىقىپ، تەلەپلىرىگە نەق مەيداندا جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغىنىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالىدۇ. ھالبۇكى، ئەخمەتجان قاسىمى بىر پىشقان سىياسىيونغا خاس تەمكىنلىك ۋە ۋەزمىن سالاپەت بىلەن بۇ ئويۇننى ئويناۋاتقان گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرىنى نەق مەيداندا مات قىلىدۇ. شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى جەنۇبىي قوۋۇقنىڭ سىرتىغا يىغىلىپ كۈچ كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئەگەردە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەرگە خەۋپ يېتىدىغان بولسا، سېپىل دەرۋازىسىغا ئوت قويۇپ شەھەر ئىچىگە بېسىپ كىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ۋەزىيەتتىن شۇ كۈنىلا جىددىي تېلېگراممىا ئارقىلىق خەۋەر تاپقان مىللىي ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى گېنېرال ئىسھاقبەگ ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئالدىنقى سەپ قىسىملارغا ئۇرۇشقا تەييار بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى چۈشۈرىدۇ ۋە دەريانىڭ قارشى تەرىپىدىكى گومىنداڭغا ھۇجۇمغا تەييار تۇرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، سۇڭ شىليەن باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرىنىڭ بۇ سۇيىقەستلىك ئويۇنى مەغ-

لۇپ بولىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى شۇ كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمەتنىڭ خىزمەت بىناسىدىكى قورشاۋدىن ساق-سالامەت جەنۇبىي گۇللۇك (نەنخۇايۈەن) تىكى تۇرالغۇسىغا قايتىپ چىقىدۇ. ئەمما ئۈرۈمچىدىكى جىددىي ۋەزىيەت پەسەيمىگەچكە جىددى هالەت ئېلان قىلىنىدۇ.

ئامېرىكا مۇخبىرى باربارا ستېفېنس 22-فېۋرالدىن بۇيانقى ئۈرۈمچىنىڭ جىددىي ۋەزىيىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. بولۇپمۇ، 25-فېۋرال كۈنى پۇقراچە كىيىندۈرۈلگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ نامايىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ئۇيغۇرلارغا هۇجۇم قىلىشتەك زورۋانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ.

ۋىنكو پاكىستون خانىمنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدىكى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىمۇ جىددى هالەتكە ئۆتكەن بولۇپ، كونسۇل پاكىستون 24-فېۋرال كۈنى كونسۇلخانىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. كونسۇلخانىدىكى خىزمەتچى خادىملاردىن بىرى ئۇنىڭغا دەرۋازا سىرتىدا 24 سائەت پوستا تۇرىدىغان ئامانلىق خادىملىرىدىن باشقا يەنە ئەلچىخانىنىڭ ئىچى -سىرتىدا قوراللىق خادىم ئورۇنلاشتۇرۇش تەكلىپىنى بېرىدۇ. ئەمما پاكىستون كونسۇلخانىنىڭ «بىتەرەپلىك» ئورنىنى ساقلاش ئۈچۈن بۇ تەكلىپنى رەت قىلىدۇ. ئۇ ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا خىزمەت قىلىدىغان بارلىق خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ بىرقانچە كۈن بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ كونسۇلخانىدا تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. كونسۇلخانىنىڭ تۈركىي تىل تەرجىمانى خەمىت سابىرىدىن باشقا بارلىق خىزمەتچى خادىملار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بويىچە شۇ كۈنلەردە ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا تۇرىدۇ. هالبۇكى، 24 ياشلىق ئامېرىكا مۇخبىرى باربارا ستېفېنس ئاشۇ ئەنسىز كۈنلەردە كەسپىي مۇخبىرغا خاس تەۋەككۈلچىلىك ۋە جاسارەت بىلەن ئۈرۈمچىدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن ئىجارىگە ئالغان ئۆيىدە تۇرىدۇ ۋە كوچا-كويلارنى ئايلىنىپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىدۇ.

25-فېۋرال كۈنىدىكى ۋەقەدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرهان شەهىدىنىڭ شوپۇرى مۇنۇپىئاخۇننىڭ خىتايلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈشى ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى بىلەن بىرلىكتە يەنە ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغايدۇ. جون خول پاكىستون ئۆزىنىڭ ئۈچۈر مەنبەلىرى ئارقىلىق بۇرهان شەهىدىنىڭ شوپۇرى مۇنۇپىئاخۇننىڭ ئەسلىدە سوۋېت پۇقراسى ئىكەنلىكىدىن، ئۆلگەندە ئۇنىڭ يېنىدىن سوۋېت پاسپورتى چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ۋىنكو پاكىستون خانىم ئەسلىمىسىدە يولدىشى كونسۇل پاكىستوننىڭ بۇ ۋەقەنى بىرقانچە مەنبەلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەن. هەتتا شۇ كۈنى كوچىدىكى خىتاي «نامايىشچى» لارنىڭ ئۇيغۇرلارغا هۇجۇم قىلىش ۋەقەلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئامېرىكا مۇخبىرى باربارا ستېفېنسنىڭمۇ مۇنۇپىئاخۇننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە يېنىدىن سوۋېت پاسپورتىنىڭ چىققانلىقى توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەرنى تەستىقلىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

ۋىنكو پاكىستون خانىم ئەسلىمىسىدە ۋەقە يۈز بەرگەن 25-فېۋرال كۈنى چۈشتىن كېيىن سېپىل ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆزلىرىنى كەچلىك زىياپەتكە تەكلىپ قىلغانلىقىنى يازىدۇ، ئەمما بۇ ئەمەلدارنىڭ كىملىكىنى تىلغا ئالمايدۇ. كونسۇل پاكىستون تەكلىپنامىنى ئېلىپ كەلگۈچىدىن هەربىي هالەت ئېلان قىلىنغان مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىيەتتە ماشىنا بىلەن شەهەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بارمۇ-يوق، دەپ سورايدۇ. تەكلىپنامە ئېلىپ كەلگەن خىتاي ئەسكىرى سېپىل دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقان قوراللىق ئەسكەرلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلىنغانلىقى، ئامېرىكا بايرىقى ئېسىلغان كونسۇلخانا ماشىنىسىنىڭ توسالغۇسىز هالدا دەرۋازىسىدىن كىرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن كونسۇل پاكىستون خانىمى ۋىنكو ۋە شوپۇرى دىمىترى بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكا بايرىقى ئېسىلغان جىپ بىلەن جەنۇبىي قوۋۇق تەرەپكە ماڭىدۇ. ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىلى ۋەكىللىرى تۇرۇۋاتقان جەنۇبىي گۇللۇك (نەنخۇايۈەن) نىڭ ئالدىدىكى يولدىن ئۆتكىنىدە، مىللىي ئارمىيەنىڭ فورمىسىنى كىيگەن ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ قوراللىرىنى بەتلەپ دەرۋازا ئالدىدا نۆۋەتتە تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئۆتۈشكە سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ دەرۋازىسىدىمۇ قوراللىق كۆزەتچىلەرنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۆپەيتىلگەنلىكىنى

كۆرىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇلار سوۋېت كونسۇلىنىڭ ھەشەمەتلىك لىموزىنىدا قۇراللىق خادىملارنىڭ كوچىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەخسۇس ماشىنىسىنىڭ ماڭغانلىقىنى، ماشىنىنى مىللىي ئارمىيەنىڭ فورمىسىنى كىيگەن قۇراللىق ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ قوغداپ ماڭغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ مەنزىرىگە قاراپ ئۇلار بىرمۇ قۇراللىق قوغدىغۇچى ئالمىغان ئامېرىكا كونسۇلىنىڭ ئادەتتىكى جىپ ماشىنىسىنىڭ سوۋېت كونسۇلىنىڭ قانچىلىغان قۇراللىق قوغدىغۇچى خادىملارنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭغان ھەيۋەتلىك لىموزىن ماشىنىسى ئالدىدا بەكمۇ چېنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ. ئۇلار جەنۇبىي قوۋۇقتا يېتىپ بارغىنىدا، دەرۋازىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ ماشىنىسىنى توسۇۋالىدۇ. تەكلىپنامىنى كۆرسەتسىمۇ ئۇنىماي، ئۇلارنىڭ شەھەرگە غەربىي دەرۋازىدىن كىرىشىنى بۇيرۇيدۇ. بۇنىڭ بىلەن غورۇرى تۆتقان پاكىستون شوپۇرىغا دەرھال كونسۇلخانىغا قايتىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ.

ئاشۇ كۈنلەردە ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا تۇرماي، بەلكى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرگەن مۇخبىر باربارا ستېفېنس نېمىلەرنى كۆردى، ئۇ ئۆز خاتىرىسىگە زادى نېمىلەرنى يازدى؟ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى 24 ياشلىق باربارا ستېفېنسنىڭ ئۈرۈمچىدىن ئايرىلغاندا، قۇمۇل ئاسمىنىدا يۈز بەرگەن سىرلىق ئايروپىلان ۋەقەسىدە قازا قىلىشى بىلەن مەڭگۈ ئۈزۈلىدۇ.



باربارا ستېفېنس چوڭچىڭدىكى خىتاي تىياتېرخانىسىدا 1945- يىلى

## جاڭ جىجۇڭغا سوئال: «نېمىشقا شىنجاڭغا مۇستەقىللىق بەرمەيسىلەر؟»

ئۈرۈمچىدە «25-فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» يۈز بېرىپ، جىددىي ۋەزىيەت تېخىچە ئەسلىگە كەلمىگەن بىر ۋاقىتتا، يەنى 1947-يىلى 3-ئاينىڭ 15-كۈنى جاڭ جىجۇڭ نەنجىڭدىن قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ 3-ئاينىڭ 18-كۈنى ئۈرۈمچىدە گومىنداڭنىڭ ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت تەۋەسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ، ئىچكى قىسىمدا يېپىق يىغىن ئاچىدۇ. بۇ قېتىملىق يىغىننىڭ خاتىرىسى ئۆز ۋاقتىدا قەتئىي مەخپىي تۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمما جاڭ جىجۇڭ كېيىنكى دەۋرلەردە يازغان ئەسلىمىسىدە شۇ قېتىملىق يېپىق يىغىندا سۆز قىلىپ، ئۇنى ئىقتىسادىي ئەمەلىيەتكە تايىنىپ، قول ئۈچىلار گۇرۇھىنى تەنقىت قىلغانلىقىنى، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ گارنىزون شتابى ۋە ساقچى دائىرىلىرىنىڭ ئۆزى يوق چاغدىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەمۇرىيەتكە ئارىلىشىپ، «25-فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» نى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىگەنلىكىنى يازىدۇ.

جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىكى غەربىي بىنادا شەخسىي نامىدىن چوڭ تىپتىكى بىر زىياپەت ئۆتكۈزىدۇ. زىياپەتكە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى، جۈملىدىن ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئىلى ۋەكىللىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى ۋە خانىمى، ئامېرىكا كونسۇلى پاكىستون ھەمدە ئامېرىكا مۇخبىرى باربارا ستېفېنس قاتارلىق مېھمانلار تەكلىپ قىلىنىدۇ.

زىياپەتتە مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى، سوۋېت كونسۇلى بىلەن ئۇنىڭ خانىمى، ئامېرىكا كونسۇلى پاكىستون ۋە ئۇنىڭ خانىمى ھەمدە ئامېرىكا مۇخبىرى باربارا ستېفېنس قاتارلىق كىشىلەر گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار ئۈۋستىلىدىن ئورۇن ئالىدۇ. جاڭ جىجۇڭ زىياپەت جەريانىدا مېھمانلارغا ئۆزى نەنجىڭدىن ئالغاچ كەلگەن يېڭى فىلىمنى كۆرسىتىدۇ. فىلىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مېۋە-چېۋە يېگەچ پاراڭغا چۈشىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا مۇخبىر باربارا ستېفېنس پاراڭ تېمىسىنى بىۋاسىتە نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە يۆتكەيدۇ. ئۇ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان گېنېرال جاڭ جىجۇڭغا قاراپ: «جۇڭگو ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقلەرگە تولۇق مۇستەقىللىق بەرمەيدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ھېچ ئويلىمىغان يەردىن سورالغان بۇ تۇيۇقسىز سوئالدىن بىر ئاز ئەندىككەن جاڭ جىجۇڭ دەقىقە ئارىلىقىدا ئۆزىنى دەڭسىۋېلىپ: «جۇڭگو ئەتىلا شىنجاڭغا مۇستەقىللىق بېرىدۇ» دەيدۇ تەئەددى بىلەن. جاڭ جىجۇڭ ئارقىسىدىن بۇ سۆزىگە شەرت قويۇپ، يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مۇستەقىللىق شىنجاڭنى ئاسىيانىڭ شۋېتسارىيەسىگە ئايلاندۇرالىسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەلۋەتتە شىنجاڭغا مۇستەقىللىق بېرىدۇ. ناۋادا بۇ مۇستەقىللىق شىنجاڭنى ئىككىنچى پولشاغا ئايلاندۇرۇپ قويسا، ئۇ چاغدا بۇنىڭدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ!»

باربارا ستېفېنسنىڭ يۈرەكلىك ھالدا بىۋاسىتە سورىغان بۇ سوئالى ۋە جاڭ جىجۇڭنىڭ دىپلوماتىك ئۇسۇلدا بەرگەن جاۋابى زالدىكى زىياپەت ئەھلىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدۇ، ھەتتا ۋىنكو پاكىستون خانىمۇ كېيىنكى مەزگىللەردە يازغان ئەسلىمىسىدە، باربارا ستېفېنسنىڭ ئۈرۈمچىدە سىياسىي ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرغان ئاشۇنداق سەزگۈر پەيتتە، گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلىرى بىلەن ئىلى ۋەكىللىرى بىر-بىرىگە روبىرو قارىشىپ، چىرايلىرىغا زورمۇ-زور كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئولتۇرغان زىياپەت سورۇنىدا بۇ سوئالنى سورىشىدىن ئۆزىنىڭ قاتتىق جىددىيلەشكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.

## باربارا ستېفېنسنىڭ جەنۇبىي ۋىلايەتلەرگە سەپەر قىلىشى

ئارىدىن بىرقانچە كۈنلەر ئۆتكەندە، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئامېرىكا مۇخبىرى باربارا ستېفېنسنىڭ جەنۇبتىكى ۋىلايەتلەرنى زىيارەت قىلىش ئىلتىماسىنى تەستىقلايدۇ. ئەمما جاڭ جىجۇڭ بىخەتەرلىك ۋە قاتناش مەقسەت قىلىپ، باربارا ستېفېنسنىڭ خالىغان ماشىنا بىلەن جەنۇبقا ماڭماستىن، بەلكى ھۆكۈمەت تەرەپتىن بەلگىلەنگەن ئىشەنچلىك ماشىنا بىلەن مېڭىشىنى ئەسكەرتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، باربارا ستېفېنس جاڭ جىجۇڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يېڭىدىن يەركەن ۋىلايىتىنىڭ گارنىزون قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن گېنېرال تاڭنىڭ ماشىنىسى بىلەن يولغا چىقىدۇ. بۇ 1947-يىلى 3-ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. گېنېرال تاڭ خانىمى بىلەن يولغا چىققان بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكا مۇخبىرىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە بىر ماشىنادا سەپەر قىلغانلىقىدىن خوش بولىدۇ.

هالبۇكى، ئۇيغۇرچە تەرجىمان تېپىش مەسىلىسى ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرىدۇ. ئۇ ئۇرۇمچىدە بىرقانچە هەپتە ئۇيغۇرچە ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ئەمما دەسلەپكى قەدەمدە ئۆگەنگەن نەچچە يۈز سۆزلۈك ۋە نەچچە ئون جۈملە تىل بىلىمى بىلەن، جەنۇبتىكى ۋىلايەتلەردە ئېلىپ بارىدىغان زىيارىتىنىڭ هۆددىسىدىن چىقىشى قىيىن ئىدى. ئۇ ئۆزى سۆزلىيەلەيدىغان خىتاي تىلى بىلەن جەنۇبتىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا يەرلىك خەلق بىلەن ئەركىن-ئازادە سۆزلەشكىلىمۇ بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ غۇلجادا زىيارەتتە بولغان كۈنلىرىدە هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە خەلق ئىچىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىۋاستە رۇسچە سۆزلەشكەن، يەرلىك خەلق بىلەن ئۇچراشقاندىمۇ رۇسچە سۆزلىگەن. بىراق، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان جەنۇبتىكى ۋىلايەتلەردە رۇس تىلىنىڭمۇ، خىتاي تىلىنىڭمۇ يەرلىك خەلق بىلەن بولغان ئالاقىدە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

باربارا ستېفېنس بۇ مەسىلىنى هەل قىلىش ئۈچۈن، كونسۇل پاكىستوندىن ياردەم سورايدۇ. كونسۇل پاكىستون بۇ ئىشتا كونسۇلخانىنىڭ تۈركىي تىلى تەرجىمانى خەمىت سابىرىنى ئويلاپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيان ئىشقا كەلمەي يوقاپ كەتكەنلىكى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «25-فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» يۈز بەرگەن، كونسۇلخانا ئۇنىڭغا ئەڭ مۇهتاج كۈنلەردە، بىر ئېغىزمۇ گەپ-سۆز قىلماستىن غايىب بولۇشى پاكىستوننى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرگەن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن پاكىستون خەمىت سابىرىنى ئىشتىن توختىتىشنى ئويلىشىۋاتاتتى.

باربارا ستېفېنسنىڭ جەنۇبقا سەپەر قىلىشىنى ئاڭلىغان خەمىت سابىرى شۇ كۈنى بىلگەندەكلا كونسۇلخانىدا پەيدا بولىدۇ. ئۇ باربارا ستېفېنسقا ئەگەر كونسۇل پاكىستون قوشۇلسا، يەنى ئۇنىڭ مائاشىنى كونسۇلخانىدا ئىشلىگەن هېسابلاپ تولۇق بەرسە، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جەنۇبقا بىللە بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. پاكىستوننىڭ خەمىت سابىرىدىن كۆڭلى سوۋۇغان بولغاچقا، ئۇنى جەنۇبقا تەرجىمان قىلىپ ئەۋەتىش ئويى يوق ئىدى. ئەمما شۇ ۋاقىتنىڭ شارائىتىدا ئۇرۇمچىدىن ئىنگلىزچە بىلىدىغان باشقا ئۇيغۇر تەرجىمان تېپىش قىيىن بولغاچقا، ئامالسىز ماقۇل بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، 1947-يىلىنىڭ 3-ئاينىڭ ئاخىرى باربارا ستېفېنس خەمىت سابىرىنىڭ هەمراھلىقىدا جەنۇب سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ.

## باربارا ستېفېنس قەشقەر ۋە خوتەنلەردە نېمىلەرنى كۆردى؟

ئامېرىكا مۇخبىرى باربارا ستېفېنس ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدىكى ۋىلايەتلەردە زادى قانچىلىك ۋاقىت تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى؟ ئۇ بۇ جەرياندا نېمىلەرنى كۆردى ۋە قانداق ئۇچۇرلارغا ئېرىشتى. بۇ هەقتە قولىمىزدا بار بولغان مەنبەلەردىن، نىسبەتەن تەپسىلىيرەك ئۇچۇر بېرەلىگەنلىرى پەقەتلا ئىككى. ئۇنىڭ بىرى، ئامېرىكانىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق 3-نۆۋەتلىك كونسۇلى پاكىستوننىڭ ئايالى ۋىنكو پاكىستوننىڭ ئەسلىمىسى. يەنە بىرى، 1945-يىلى 10-ئايدىن 1948-يىلى 8-ئايغىچە گومىنداڭ ئارمىيەسى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى بولغان سوڭ شىلىيەن (宋希濂)نىڭ ئەسلىمىسىدۇر.

ۋىنكو پاكىستون خانىم ئەسلىمىسىدە ئېنىق قىلىپ، باربارا ستېفېنسنىڭ 1947-يىلى 3-ئاينىڭ ئاخىرى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەرجىمانى خەمىت سابىرىنىڭ هەمراھلىقىدا جەنۇبقا سەپەر قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ شۇ كەتكەنچە ئاقسۇ، قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدە تاكى 7-ئايغىچە نەق مەيدان تەكشۈرۈشىدە بولۇپ، شۇ يىلى ياز ئاخىرلىشىپ، كۈزنىڭ شەپىسى كېلىۋاتقان مەزگىللەردە ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى يازىدۇ.

باربارا ستېفېنس شۇ يىلى 7-ئاينىڭ 31-كۈنى سەھەردە ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا ئۇچقان گومىنداڭنىڭC47 ھەربىي ترانسپورت ئايروپىلانى بىلەن قۇمۇلدىن ئۆتكەندە ۋەقەگە ئۇچراپ قازا قىلىدۇ. ۋىنكو پاكىستون خانىم ئۇنىڭ جەنۇبتىن قايتىپ كېلىپ، ھەپتە ئون كۈن بولغاندا ئايروپىلان بىلەن قايتقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ جەنۇبتىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن ۋاقتى 1947-يىلى 7-ئاينىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ.

ھالبۇكى، 100 مىڭ كىشىلىك گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش قوماندانى بولغان گېنېرال سوڭ شىلىيەن ئامېرىكا مۇخبىرى باربارا ستېفېنسىنىڭ جەنۇبتا 2 ئاي تەكشۈرۈشتە بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ تەخمىنەن 1947-يىلى 4-ئاي بىلەن 5-ئاي ئارىلىقىدا ئۈرۈمچىدىن خىتايغا ئۇچقان ئايروپىلاندا ۋەقەگە ئۇچراپ قازا قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

سوڭ شىلىيەننىڭ ئەسلىمىسىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېزىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەسلىمىسىدىكى بەزى بايانلارنى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئەسلىمە يېزىش ۋە تارىخىي ماتېرىياللارنى رەتلەپ نەشىر پرىنسىپىغا ماسلاشتۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن يازغانلىقى سەۋەبلىك، ۋىنكو پاكىستون خانىمنىڭ ئەسلىمىسىدىكى باربارا ستېفېنسقا دائىر بايانلارنى بىر قەدەر ئىشەنچلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«بىز ستېفېنس خېنىم جەنۇبتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ نېمىلەرنى دوكلات قىلىدىغانلىقىغا بەكمۇ قىزىقاتتۇق. ئۇ جەنۇبتىكى مەزگىلىدە قەشقەردىن خوتەنگىچە بولغان لىنىيەلەردە ھەرقايسى شەھەر-بازارلارنى، شۇنداقلا پۈتكۈل جەنۇبىي ۋىلايەتلەرنى كېزىپ چىققان ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگىنىدە ياز ئاخىرلىشىپ قالغان ئىدى» دەپ يازىدۇ ۋىنكو پاكىستون خانىم. ئەمما سوڭ شىلىيەن باربارا ستېفېنسىنىڭ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئىككى ئايدەك زىيارەتتە بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە يازغۇچى ئىكەنلىكىنى، ئوچۇق-يورۇق، سەمىمىي، چىقىشقاق، تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا قىز ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.

سوڭ شىلىيەن ئەسلىمىسىدە باربارا ستېفېنسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئامېرىكا مۇخبىرلىرى ئىچىدە ئۆزىدە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بىر ئاق تەنلىك قىز ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتۈپمۇ 1947-يىلى يازدا ئامېرىكا مۇخبىرى باربارا ستېفېنس بىلەن ئۈرۈمچىدە كۆرۈشكەن چاغدىكى سۆھبەتنىڭ ھېلىھەم ئېسىدە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ: «ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە مەن بىلەن ئايرىم كۆرۈشتى. كۆرۈشۈش ئىككى سائەتتەك داۋام قىلدى. شىنجاڭ بانكىسىنىڭ باشلىقى لو جىمېي (罗志枚) بىزگە تەرجىمانلىق قىلدى. باربارا مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇنىڭ شۇ چاغدا ماڭا دېگەن گەپلىرى ھېلىمۇ شۇنچىلىك ئوچۇق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: ‹مەن جەنۇبقا بېرىشتىن ئىلگىرى، يەنى ئۈرۈمچىدە تۇرغان ۋاقىتلىرىمدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى كۆپلىگەن مەسئۇل كىشىلەر ۋە ئۈرۈمچىدىكى ئامېرىكالىقلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشقان ئىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا شىنجاڭ مەسىلىسى مىللىي مەسىلە ۋە شۇنداقلا دىپلوماتىيە مەسىلىسىدۇر، دېگەن ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ قاراشنى خاتا دېگىلى بولمايتتى. ئەمما بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك؟ بەزىلەر بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى سوۋېتلەردەك سىياسەت يۈرگۈزۈشتە دېسە، يەنە بەزىلەر مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان سىياسەت يۈرگۈزگەندىلا ئاندىن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى قىلغىلى بولىدۇ، دەيتتى. مېنىڭچە، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئۇنچىلىك ئاددىي مەسىلە ئەمەس. مەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدا ئىككى ئاي زىيارەتتە بولدۇم. نوپۇس ئەڭ كۆپ بولغان قەشقەر ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە ئۇزۇنراق تۇردۇم. جەمئىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا چۆكۈپ تەكشۈردۇم، پۇقرالار بىلەن بىللە كۈن ئۆتكۈزدۈم. بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ياكى ئالىي مۇختارىيات ئەمەسلىكىنى، تەشۋىقاتلاردا دېيىلگىنىدەك ئۇلارنىڭ خىتايلارغا ئۇ قەدەر ئۆچ ئەمەسلىكىنى، پەقەتلا تەشۋىقاتنىڭ قۇترىتىشى بىلەن پۇقرالاردا خىتايلارغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك پسىخىكىسىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغىنى قايسىي دۆلەتكە يېقىن، قايسى دۆلەتلەرگە سوغۇق مۇناسىۋەت تۇتۇش مەسىلىسىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بولىدىغىنى قانداق

قىلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ياخشىراق ياشاش مەسىلىسى ئىدى. يەرلىك يۇقىرى قاتلام فېئودال كۈچلەرنىڭ تەسىرى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئاخۇنلار ۋە دىنى ساھەدىكىلەرنىڭ كونتروللىقىمۇ ئېغىر ئىدى. ناۋادا ئۇلارنى كونترول قىلىپ تۇرغان خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوغلاپ چىقارغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايتتى...»

ھالبۇكى، سوڭ شىلىيەننىڭ ئەسلىمىسىدە تىلغا ئېلىنغان باربارا ستېفېنسىنىڭ يوقىرىقى سۆزلىرىنى دەلىللەيدىغان ئىككىنچى بىر مەنبە يوق. بولۇپمۇ سوغۇق ئۇرۇشنىڭ پەردىسى ئېچىلىپ، كوممۇنىزم تەھدىتىگە قارشى ئومۇمىييۈزلۈك كەيپىيات شەكىللەنگەن ئامېرىكالىق مۇخبىر ستېفېنسىنىڭ ئۇرۇمچىدە گومىنداڭ گېنېرالى سوڭ شىلىيەنگە بەئەينى كوممۇنىستلاردەك گەپ قىلىشى كىشىدە گۇمان پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوڭ شىلىيەننىڭ ئەسلىمىسىدىكى مۇنۇ بايانلار ئۇنىڭ باربارا ستېفېنس توغرىسىدىكى يۇقىرىقى سۆزلىرىگە نىسبەتەن ئوقۇرمەنلەردە تېخىمۇ كۈچلۈك گۇمان پەيدا قىلىدۇ:«ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سىنىپىي كۈرەش ۋە زىددىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭ مەقسىدىنى مەلۇم دەرىجىدە ھېس قىلغان بولساممۇ، ئەمما ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئۆگىنىش جەريانىدا سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى قايتا چۈشەنگەندەك بولدۇم. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ماڭا دېگەن سۆزلىرىنى قايتا ئەسلەش ئارقىلىق ئامېرىكالىق بۇ ئىلغار يازغۇچىنى خاتىرلىمەكچى بولدۇم.»

قىزىقارلىق يېرى شۇكى، گومىنداڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق 100 مىڭ كىشىلىك ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى بولغان سوڭ شىلىيەن سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش تەلىماتىنى 1947-يىلى يازدا ئەمدىلا 20 ياشتىن ئاشقان ئامېرىكالىق مۇخبىر باربارا ستېفېنسىنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆگەنگەنمىش!..

دەرۋەقە، 1947-يىلى 3-ئاينىڭ ئاخىرى ئۇرۇمچىدىن ئايرىلىپ، جەنۇبىي ۋىلايەتلەرگە زىيارەتكە بارغان باربارا ستېفېنس شۇ يىلى ياز ئاخىرلىششقا يېقىن قايتىپ كېلىدۇ. ۋىنكو پاكىستون خانىمنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، باربارا ستېفېنسىنىڭ جەنۇبتىكى ۋىلايەتلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقتى ئۈچ يېرىم ئاي ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇ 1947-يىلى مارتنىڭ ئاخىرلىرى ئۇرۇمچىدىكى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەرجىمانى خەمىت سابىرى بىلەن بىللە يولغا چىقىپ، 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى قايتىپ كېلىدۇ. ھالبۇكى، سوڭ شىلىيەن ئەسلىمىسىدە باربارا ستېفېنسىنىڭ جەنۇبتا بولغان ۋاقتىنى ئاران ئىككى ئاي دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئەسلىمىسىدە يەنە باربارا ستېفېنسىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئوچۇق-ئاشكارا تەنقىد قىلىدىغان، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ يەرلىك خەلققە يۈرگۈزىۋاتقان باستۇرۇش قىلمىشلىرىغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغان بىرى ئىكەنلىكىنى يوشۇرىدۇ. شۇڭا سوڭ شىلىيەننىڭ ئەسلىمىسىدىكى باربارا ستېفېنسقا دائىر بەزى بايانلارنىڭ چىنلىقى كىشىدە گۇمان پەيدا قىلىدۇ. ئۇ جەنۇبتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز تەسىراتلىرى ۋە پىكىر-قاراشلىرىنى سوڭ شىلىيەن ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇرۇمچىدىكى ئامېرىكا كونسۇلى پاكىستون بىلەنمۇ ئورتاقلاشمايدۇ. شۇڭا ۋىنكو پاكىستون خانىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ:«بىز ستېفېنس خېنىمنىڭ جەنۇبتىن ئالغان تەسىراتلىرى بىلەن تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىغا بەكمۇ قىزىققان ئىدۇق. چۈنكى ئۇ گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ يەرلىك مىللەتلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسىگە نىسبەتەن تولىمۇ تەنقىدىي پوزىتسىيەدە ئىدى، ھەتتا بۇ قارىشىنى يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمىغان ئىدى. جەنۇبتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزقاراشلىرىدا ئۆزگىرىش بولدىمۇ-يوق، بۇنى بىلگىلى بولمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئامېرىكاغا قايتىشنىڭ جىددىي تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولۇپ، ئۆزىنىڭ جەنۇب سەپىرى ھەققىدە كۆپ گەپ قىلمىدى.»

شۇنىسى ئېنىقكى، باربارا ستېفېنس جەنۇبتىكى ۋىلايەتلەردە تەكشۈرۈشتە بولغان مەزگىللەردە، گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن ئىلى تەرەپ ئارىسىدىكى سىياسىي توقۇنۇش ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت جىددىي تۈردە پارچىلىنىش گىردابىغا قاراپ يۈزلىنىدۇ.جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئەخمەتجان

قاسىمى مۇشۇ مەزگىللەردە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ ئاقسۇ، قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن قاتارلىق تۆت ۋىلايەتتە تەكشۈرۈشتە بولىدۇ. جاڭ جىجۇڭ بولۇپمۇ ئىلى تەرەپنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان قەشقەر ۋىلايىتىدە ئويلاپ باقمىغان قارشىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. قەشقەر خەلقى، بولۇپمۇ قەشقەردىكى ئوت يۈرەك ئۇيغۇر ياشلىرى جاڭ جىجۇڭنى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىدە قورشىۋېلىپ ئۇنىڭغا تەلەپنامە قويىدۇ، ھەمدە تەلەپلەرگە نەق مەيداندا جاۋاب بېرىشكە قىستايدۇ. قىيىن ئەۋالدا قالغان جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ مۇھاپىزىتىدە قەشقەر يېڭىشەھەرگە قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە، جەنۇبتا تۇرۇۋاتقان باربارا ستېفېنسنىڭ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ سىياسىي كۈرەشتىن خەۋىرى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، باربارا ستېفېنس **1947**-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ۋەزىيىتىنى، بولۇپمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئىلى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي توقۇنۇشلارنى نەق مەيداندا تۇرۇپ ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە چۈشەنگەن ئامېرىكا مۇخبىرى دېيىشكە بولاتتى.

## ئارا يۇلتۇزدىكى سىرلىق ئايروپىلان ۋەقەسى ۋە باربارا ستېفېنسنىڭ ئۆلۈمى

ئامېرىكاغا قايتىشقا ئالدىرىغان باربارا ستېفېنس ئويلىمىغان يەردىن ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا قايتىدىغان گومىنداڭنىڭ ھەربىي ئايروپىلانىغا دۇچ كېلىپ قالىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۈرۈمچى بىلەن شاڭخەي ئوتتۇرىسىدا ئايدا بىر قېتىم قاتنايدىغان سودا ئايروپىلانى بار بولۇپ، يەنە بىر نۆۋەتلىك ئايروپىلان كەلگىچە بىر ئاي ساقلاشقا توغرا كېلەتتى.

شۇنداق قىلىپ، **1947**-يىلى **7**-ئاينىڭ **31**-كۈنى باربارا ستېفېنس ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا قاراپ ئۇچقان گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ**C47** تىپلىق ھەربىي ترانسپورت ئايروپىلانىغا چىقىدۇ. سوڭ شىليەن ئەسلىمىسىدە مەزكۇر ئايروپىلاننىڭ گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ**C47** تىپلىق ھەربىي ترانسپورت ئايروپىلانى ئىكەنلىكىنى، ئايروپىلاننىڭ ئۈرۈمچىدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇدۇل لەنجوغا قاراپ ئۇچقانلىقىنى، ئەمما قومۇل بىلەن جيۇچۇەننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە چۈشۈپ كېتىپ، ئايروپىلاندىكى **20** نەچچە كىشىنىڭ ھەممىسىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خەن يۆرەن (韩乐然) ئىسىملىك بىر رەسسامنىڭمۇ بارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

ۋىنكو پاكىستون خانىممۇ ئەسلىمىسىدە شۇ كۈنىدىكى مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ: ئايروپىلاندا ماڭغانلار ئارىسىدا ئەنگلىيەلىك براين سورېنسون ئىسىملىك ياش يىگىتمۇ بار ئىدى. ئۇ خىتايدا ئامبۇلانس (جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى) شوپۇرى بولۇپ ئىشلىگەن ئىكەن. بىز شۇ كۈنى بۇ ئىككى ياشنىڭ ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق. ئۇلارنىڭ سارغۇچ چاچلىرى بىلەن كۆپ-كۆك كۆزلىرى كىشىنى جەلپ قىلاتتى. چۈنكى بىز شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان كونسۇلخانىنىڭ پەلەمپىيىدىن چىقىپ-چۈشۈۋاتقان ئاسىيالىقلارنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ئادەتلەنگەن ئىدۇق. براين يولغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، كونسۇلخانىنىڭ كىرخانىسىدا كىيىملىرىنى يۇغۇزغان ئىدى. بىز يەنە شۇ كۈنى بازاردىن مۇزدەك قوغۇن سېتىۋېلىپ كىرىپ، ئۇلار بىللە بىلەن يېگەن ئىدۇق. بىز براينىنىڭ خوشال ۋە ئوچۇق مىجەزىنى بەكمۇ ياقتۇرغان ئىدۇق... يولغا چىقىدىغان كۈنى سەھەردە بىز باربارا بىلەن براينىنى ئېلىپ ئايرودرومغا چىقتۇق ۋە ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدۇق. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، بىز ئۇلار ئولتۇرغان ئايروپىلاننىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدۇق. ئايروپىلان شۇ كۈنى نورمال ئۇچۇش پىلانى بويىچە قومۇلدا توختاپتۇ. ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايروپىلان لەنجوغا قاراپ ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئەپسۇسكى، قۇمۇلدىن ئۇچۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر تاغلىق رايونغا كەلگەندە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھېچكىم ساق قالماپتۇ. ھەممە نەرسىلەر كۆيۈپ كۇل بولۇپ كېتىپتۇ.»

**توماس لايىرد ئۆزىنىڭ «تىبەتكە كىرىش» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1947-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكادىكى ‹زامان› ژۇرنىلىنىڭ ئىختىيارى مۇخبىرى باربارا ستېفېنس ئۇرۇمچىگە بېرىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئۇيغۇر كومىسسارى (بۇ يەردە ئەخمەتجان قاسىمىنى دېمەكچى) بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئۇنى قايىل قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇۇرىيىتىنىڭ مەركىزى غۇلجاغا بېرىش ۋىزىسى ئالىدۇ. ئۇ غۇلجاغا بېرىپ زىيارەت قىلىدۇ، ئۇزۇن-ئۇزۇن خاتىرىلەرنى يازىدۇ، نۇرغۇن فوتو-سۈرەتلەرنى تارتىدۇ. قايتاشىدا ئۇ ئولتۇرغان ھەربىي ئايروپىلان چۈشۈپ كېتىپ، ئايروپىلاندىكى يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ خاتىرىلىرى ۋە تارتقان فوتو سۈرەتلىرىنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ يوق بولىدۇ. بۇنى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرغىنى شۇكى، شۇ قېتىملىق ئايروپىلان قازاسىدا ئۆلگەنلەر ئارىسىدا بىر نەپەر خىتاي گېنېرالى بىلەن بۈيۈك بىرىتانىيە پارلامېنتى ئەزاسىنىڭ ئوغلىمۇ بار ئىدى.»**

**شۇنداق قىلىپ، ئىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغان، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ھېكىمبەگ خوجا قاتارلىق ئىنقىلاب رەھبەرلىرى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشكەن، جاڭ جىجۇڭغا «شىنجاڭغا نېمىشقا مۇستەقىللىق بەرمەيسىلەر» دەپ سوئال قويغان، سەزگۈر سوئاللىرى بىلەن ئۇرۇمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنى تەمتىرەتكەن، جەنۇبتىكى ئاقسۇ، قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدە ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ئەمەلىي تەكشۈرۈشتە بولغان ئامېرىكالىق ياش مۇخبىر قىز باربارا ستېفېنس قايتاشىدا قومۇلنىڭ ئارايۇلتۇز (شىڭشىڭشيا) جىلغىسىدا سىرلىق بىر ئايروپىلان ۋەقەسى بىلەن 24 يېشىدا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ.**

باربارا ستېفېنسنىڭ قەبرە تېشىغا يېزىلغان شېئىر

**باربارا ستېفېنسنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمى ئۇنىڭ ئامېرىكا ئاخباراتچىلىقىدىكى پارلاق ئىستىقبالىنى يوققا چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەۋاللارنى بىلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنىمۇ نەتىجىسىز قالدۇرىدۇ.**

**باربارا ستېفېنسنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى غۇلجانى زىيارەت قىلىپ ئېرىشكەن بىرىنچى قول ماتېرىياللىرى، خاتىرە، قولىيازما ۋە يۇزلىگەن فوتو سۈرەتلەر قومۇل بىلەن جيۇچۇەن ئارىلىقىدىكى ئارايۇلتۇز (شىڭشىڭشيا) جىلغىسىدا كۆيۈپ كۈل بولىدۇ.**

**ئايروپىلان ۋەقەسى يۈز بېرىپ بىرقانچەپتە ئۆتكەندىن كېيىن گومىنداڭ ھەربىي تەرەپ مەخسۇس بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئارايۇلتۇزدا چۈشۈپ كەتكەن C47ھەربىي تىرانسپورت ئايرۇپىلانىنىڭ قالدۇقلىرىنى تەكشۈرىدۇ. كۆيگەن جەسەتلەر ئارىسىدىن باربارا ستېفېنسنىڭ جەستىنى جەزىملەشتۈرۈلۈپ، مەخسۇس ساندۇق ئارقىلىق نەنجىڭغا ئەۋەتىلىدۇ. 1947-يىلى 12-ئاينىڭ 22-كۈنى باربارا ستېفېنسنىڭ جەستى نەنجىڭدىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسى يەتەرپىدىن يەرلىككە قويۇلىدۇ. باش ئەلچى جون لەيتون ستۇئارت دەپنە مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ ۋە شەخسەن ئۆزى ۋىدا نۇتۇقى سۆزلەيدۇ. باربارا ستېفېنسنىڭ قەبرە تېشىغا مۇنۇ مىسرالار ئويۇلىدۇ:**

**ئەلۋىدا، سەن قايتتىڭ،**
**كەلگەن يېرىڭگە.**
**بىز قالدۇق،**
**بۇ قانلىق، ئەسەبىي، ناخۇش دۇنيادا.**
**لېكىن سەن بىلگەندەك،**
**بىز كۈرەشنى داۋام قىلىمىز،**
**قىلچە بوشاشماي.**

**ئەسلا ۋاز كەچمەيمىز،**
**داۋاملىق ئىچىمىز ۋودكا،**
**ھەمدە كۈلىمىز يەنە.**
**كېتىۋەر قەدىرلىكىم،**
**قىلچە غەم قىلماي،**
**چۈنكى ئەبەدىي ياشايسەن،**
**بىزنىڭ قەلبىمىزدە.**

## باربارا ستېفېنسنىڭ «پارلىغان ساراي» رومانىدا تىرىلگەن ئوبرازى

**باربارا ستېفېنسنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يىللار ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئوبرازى ئامېرىكا يازغۇچىسى ئەيمى ليۇ (Aimee Liu) نىڭ رومانىدا قايتا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يازغۇچى ئەيمى ليۇ ئۆزىنىڭ «پارلىغان ساراي» (Flash House) ناملىق رومانىدا ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ بىرى بولغان ئەلىس جەيمەس(Alice James) نىڭ ئوبرازىنى باربارا ستېفېنسنىڭ پروتوتىپى ئاساسىدا يارىتىدۇ.**

**ئەيمى ليۇنىڭ مەزكۇر رومانى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ مۇخبىرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «رومانىمدىكى ئەلىس جەيمەسنىڭ ئوبرازى باربارا ستېفېنسنىڭ پروتوتىپى ئاساسىدا يارىتىلدى. باربارا ستېفېنس تارىخىي رېئال شەخس بولۇپ، ئۇ ياش، چىرايلىق، ئالتۇن چاچلىق، سېھرىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئايال ژۇرنالىست ئىدى. باربارا ستېفېنس 1947-يىلى خىتاي مىللەتچى ئارمىيەسى (گومىنداڭ ئارمىيەسى) نىڭ توسقۇنلۇقلىرىغا قارىماي خىتاينى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ شەرقىي تۈركىستانغا بارىدۇ. ئۇ بۇ يەردە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان ئۈچقۇرلارغا ئېرىشىدۇ. باربارا ئۇرۇمچىدىن بېيجىڭغا قايتىشىدا تولىمۇ گۇمانلىق ئايروپىلان ۋەقەسىدە قازا قىلىدۇ. ‹پارلىغان ساراي› ناملىق رومانىمدا بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ خاراكتېرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىشقا تىرىشتىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئەينى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ سىرىنى ئېچىش يولىدىكى تەۋەككۈلچىلىك ئىرادىسىنى ئاشكارىلاشقا تىرىشتىم.»**

## باربارا ستېفېنسنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

**باربارا ستېفېنس 1922-يىلى 8-ئاينىڭ 30-كۈنى نيۇ-يورك شىتاتىنىڭ يونكېرس بازىرىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى لۇئىس دۇمونت بىربوۋېر، ئانىسى مارگارېت ستېفېنس بولۇپ، ئۇ تۇغۇلغاندا ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا باربارا ئېلىزابېت بىربوۋېر دەپ ئىسىم قويغان. كېيىنچە ئاتا-ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئانىسى بىلەن ياشاپ، ئانىسىنىڭ ئەسلىدىكى فامىلىسىنى ئۆزىگە فامىلە قىلىپ قوللانغان. ئۆسمۈرلۈك يىللىرىدا ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە نيو-يورك شىتاتىدىن ۋىرجىنىيە شىتاتىنىڭ پايتەخت ۋاشىنگتونغا قوشنا ئارلىڭتون ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىدۇ.**

**ياش باربارا ئالاباما شىتاتىدا ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىرىنچى يىلىنى تۈگىتىدۇ، ئاندىن نيو-يورك شەھرىدىكى بارنارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئالمىشىپ كېلىدۇ ۋە بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا باكلاۋېرلىقنى تاماملايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ئۇرۇش ئىنفورماتسىيە ئىشخانىسى (OWI) نىڭ چەتئەلدىكى خىزمىتىگە قوبۇل قىلىنىپ، ئۇرۇش مەزگىلىدىكى گومىنداڭ ۋاقىتلىق پايتەختى چۇڭچىڭدا خىزمەت قىلىدۇ. چۇڭچىڭدا تۇرغان مەزگىللىرىدە ئۇ ئامېرىكا ئاخبارات ساھەسىدىكى داڭلىق ژۇرنالىستلار بىلەن تونۇشىدۇ ۋە دوست بولىدۇ.**

**ئامېرىكادا چىقىدىغان «تۇرمۇش» ژۇرنىلىنىڭ 1945- يىلى 5- نويابىردىكى مەخسۇس سانىدا باربارا**

ستېفېنسنىڭ چوڭچىڭدىكى زىيارىتىنى سۈرەتلىك خەۋەر تەرىقىسىدە تونۇشتۇرىلىدۇ.

باربارا ستېفېنس ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىششى بىلەن، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ئۇرۇش ئىنفورماتسىيە ئىشخانىسى (OWI) قارىمىقىدىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، قىسقا مەزگىل فرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ ئىختىيارىي مۇخبىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ مەزگىلدە بېيجىڭغا يۆتكىلىپ، خىتايدىكى ئىچكى ئۇرۇش ھەققىدە خەۋەر يازىدۇ. 1946-يىلى 11-ئايدا چۆچەكتىن كۇزۇپلۇق دالا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ئۇيغۇر دىيارىغا سەپەر قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق ئۇزاق سەپىرىنىڭ مەقسىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلقلەرگە قاراتقان قاتتىق قول سىياسىتىنى تەكشۈرۈش، ھەمدە ئىلىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى زىيارەت قىلىش ئىدى.

دېگەندەك، ئۇ 1947-يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرىدىن فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەستىقى بىلەن ئىلىنى زىيارەت قىلىدۇ.

ئىلىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى جاكارلانغاندىن بۇيان، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ جۇمھۇرىيەت-نىڭ ماناس دەرياسىنى پاسىل قىلغان چېگراسى غەربتىكى قوشنىسى سوۋېتتىن باشقا ھەرقانداق بىر دۆلەتكە ئېتىكلىك ئىدى. غەرب دۇنياسى، جۈملىدىن ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ئىلىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوربېتاسىدا پەيدا بولغان دۆلەت» ياكى «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆلەڭگىسى» دەپلا چۈشىنەتتى.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرى خادىملىرىدىن باشقا ھېچقانداق بىر چەتئەل پۇقراسى بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ تۇپرىقىنى دەسسەپ باقمىغان ئىدى. ھالبۇكى، بۇ مۇمكىنچىلىك 24 ياشلىق ئامېرىكا مۇخبىرى باربارا ستېفېنسقا نېسىپ بولدى. باربارا ستېفېنس شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى زىيارەت قىلغان تۇنجى ئامېرىكا مۇخبىرى، شۇنداقلا تۇنجى غەرب مۇخبىرى بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھەققىدە غەربتىكى ئەركىن دۇنياغا، جۈملىدىن ئامېرىكا جامائەتچىلىكىگە ئاشكارىلىماقچى بولغانلىرى ئۆزى بىللە بۇ ئەزىم تۇپراقنىڭ چېگرىسىدا سىرلىق رەۋىشتە غايىپ بولدى...



# سىز تونۇمايدىغان ماۋ زېدوڭ

«ماۋ زېدۇڭنىڭ شەخسىي دوختۇرىنىڭ ئەسلىمىسى»دىن تەرمىلەر

## لى جىسۈي

ماۋ زېدوڭ قانداق ئادەم؟ ئەگەر بۇ سوئال بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن سورالسا، «ئۇ بىزنى يەتمىش يىلدىن بېرى ئېزىپ، ئۆلتۈرۈپ، خارلاپ كەلگەن ختاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئاتامانى، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن، ھىتلېر دەرىجىلىك مەلئۇن مۇستەبىت» دەپ جاۋاب بېرىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، بۇ سوئال ختايلارنىڭ ئۆزىدىن سورىلىپ قالسا، ختايدىكى ئۇچۇر قامالى، ماۋ زېدوڭنى تا ھازىرغىچە «نۇقسانسىز» داھىي سۈپىتىدە ماختاپ – ئۇچۇرۇشلار نەتىجىسىدە، ئۇلار «ماۋ زېدوڭ <مەدەنىيەت ئىنقىلابى>دا سەل تەلۋىلىك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن يەنىلا <بۈيۈك داھىي> دېيىشكە ئەرزىيدىغان ئادەم» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

ھالبۇكى، يۇقىرىقىلار ئىككى تەرەپنىڭ جامائەتچىلىككە مەلۇم بولغان تارىخىي ئۇچۇرلار ئاساسىدا، ئۆز مەۋقەسىدە تۇرۇپ، ماۋ زېدوڭنىڭ «تارىخىي» ياكى «سىياسىي» كىملىكىگە بەرگەن باھاسى.

ئەمما، «ئۇنداقتا رېئال، شەخسىي تۇرمۇشتا، ماۋ زېدوڭ زادى قانداق ئادەم ئىدى؟» دەپ سورالسا، بۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستانلىقلار تۇگۇل، مۇتلەق كۆپ قىسىم ختايلار ئۆزلىرىمۇ ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

بۈگۈن بىز بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ماۋ زېدوڭ بىلەن 22 يىل بىللە ياشىغان، ئۇنىڭ شۇ جەرياندىكى قىلمىش – ئەتمىشلىرىگە يېقىندىن شاھىت بولغان خۇسۇسىي دوختۇرى لى جىسۈينىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايمىز.

(李志绥) لى جىسۈي **1919** – يىلى بېيجىڭدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ جەمەتى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا دوختۇرلۇق قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇمۇ **1945** – يىلى تىببىي پەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان. **1954** – يىلىدىن **1976** – يىلى ماۋ زېدوڭ ئۆلگەنگە قەدەر، 22 يىل ئۇنىڭ شەخسىي دوختۇرى بولغان. **1988** – يىلى، ئامېرىكاغا كۆچۈپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان.

ئاپتورنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كۈندىلىك خاتىرىلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان بۇ كىتاب **1994** – يىلى ئامېرىكادىكى راندوم كىتابچىلىقى **(Random House)** تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابتا ئاپتورنىڭ ماۋ زېدوڭنىڭ يېنىدا تۇرغان 22 يىل جەريانىدا كۆرگەن – بىلگەنلىرى سىستېمىلىق، ئىخچام بايان قىلىنىپ، ختاينىڭ دۆلەت ئاتىسى ماۋ زېدوڭغا ئالاقىدار، باشقا كىتابلاردا ئاساسەن ئۇچراتقىلى بولمايدىغان نۇرغۇن

ئىچكى سىرلار ۋە ماۋ زېدوڭنىڭ جامائەتچىلىككە ئاشكارىلانماي كەلگەن خۇنۇك يۈزى رېئال پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

***

## ماۋ زېدوڭنىڭ تازىلىق ئادىتى

ماۋ زېدوڭ يېزىدىكى ئادىتىنى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، ئەزەلدىن چىشىنى چوتكىلىمايتتى. ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن، چاي بىلەن ئېغىزىنى چايقاپ قوياتتى. ئۇنى چىش دوختۇرىغا كۆرۈنۈشكە كۆندۈرۈشمۇ بەسىي مۇشكۈل ئىدى. بىر قېتىم «1 – ئۆكتەبىر» دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن تيەنئەنمېن راۋىقىغا چىققاندا، يېڭ دېخۇەي ماڭا: «رەئىسنىڭ چىشى يېشىل سىردا سىرلاپ قويغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنى چىش چوتكىلاشقا كۆندۈرسەڭلار بولاتتى» دېگەنىدى. ماۋ زېدوڭنىڭ بەزى چىشلىرىنى بارماق بىلەن باسسا تۇۋىدىن يىرىڭ چىقاتتى. ئۇ دوختۇرغا كۆرۈنۈش بىلەن پەقەتلا خوشى يوقلۇقى سەۋەبلىك، شۇنچىۋالا ئاغرىققا چىداپ كەلگەن بولسا كېرەك. [ختايچە نەشرى 114 – بەت، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەت سانلىرىدا ئىزچىل ختايچە نەشرى ئاساس قىلىنىدۇ، ت]

چىش دوختۇرى جاڭ گۇاڭيەن ماۋ زېدوڭنىڭ چىشىدىكى ئۇزۇننىڭ ياقى جۇغلىنىپ قالغان غەلدە - غەشلەرنى تازىلاپ بولۇپ، ئېھتىيات بىلەن «جۇشى، چىشلىرىڭىزنىڭ ئارىسىغا بەك كۆپ نەرسە يىغىلىپ كېتىپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن چىشلىرىنى كۈندە چوتكىلاپ بەرسىلە» دېۋىدى. ماۋ زېدوڭ پىسەنتمۇ قىلماي: «مەن ئەزەلدىن چاي بىلەن ئېغىز چايقايمەن، چىشىمنى چوتكىلىمايمەن. يولۋاسمۇ چىشىنى چوتكىلىمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ چىشلىرى يەنىلا شۇنچە ئۆتكۈرغۇ؟» دېدى. جاڭ گۇاڭيەن ئىككىمىز نېمە دېيىشىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ قالدۇق [116 – بەت].

ماۋ زېدوڭ چىش چوتكىلاشنى قارار قىلىپ، مېنى چىش چوتكىسى، چىش پاستىسى تەييارلاشقا بۇيرۇدى. لېكىن، نەچچە كۈن بولار – بولمايلا، يەنە بۇ ئىشنى تاشلاپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە يىلدا، ئۇنىڭ چىش ئاغرىقى ئىزچىل داۋاملاشتى، لېكىن ئۇ دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە ئۆچ بولغاچقا، چىشلىرىنىڭ ھەممىسى قارىداپ، بىردىن بىردىن چۈشۈشكە باشلىدى. 1970 – يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئارقا تەرەپتىكى چىشلىرىنىڭ ھەممىسى چۈشۈپ كەتتى. ھېلىمۇ ماۋ زېدوڭ گەپ قىلغاندا ياكى كۈلگەندە كالپۇكلىرى چىشلىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ چىشلىرىنىڭ شالاڭلاپ، قارىداپ كەتكەنلىكىنى بايقىغانلار ئانچە كۆپ بولمىدى [117 – بەت].

ماۋ زېدوڭ (1949 – يىلى 9 – ئايدا) جوڭنەنخەيگە كۆچۈپ كەلگەندىن بۇيان، ئىزچىل يۇيۇنۇپ باقمىغانىدى. ئۇ يۇيۇنۇشنى ۋاقىت ئىسراپچىلىقى دەپ قارايتتى. (شۇنىڭ ئورنىغا) ئۇ ئاخشاملىرى ھۆججەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن، كىتاب ئوقۇغان ياكى پاراڭ سېلىپ ئولتۇرغاندا، قوغدىغۇچىلىرى ھۆل لۆڭگە بىلەن ئۇنىڭ بەدىنىنى سۈرتۈپ قوياتتى [114 – بەت].

## ماۋ زېدوڭنىڭ ئەيش – ئىشرەتلىك تۇرمۇشى

(张玉凤)جاڭ يۇفېڭ 14 يىلدىن بۇيان (1962 – يىلدىن 1976 – يىلى ماۋ زېدوڭ ئۆلگەنگە قەدەر) ماۋ زېدوڭنىڭ ئەڭ يېقىن خادىمى ئىدى. جاڭ يۇفېڭ ئەسلىدە ماۋ زېدوڭ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى چىققاندا ئولتۇرىدىغان مەخسۇس پويىزدىكى مۇلازىمەتچى ئىدى، ئەمما (كېيىنچە ماۋ بىلەن ئىزچىل يېقىنلىشىش نەتىجىسىدە) ماۋ زېدوڭنىڭ مەخپىيەت كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى. جاڭ يۇفېڭ ماۋ زېدوڭ بىلەن تۇنجى قېتىم 1962 – يىلى قىشتا چاڭشادا ئۆتكۈزۈلگەن كېچىلىكتە ئۇچراشقان بولۇپ، ئۇ چاغدا ئۇ ئون سەككىز ياشتا (ماۋ زېدوڭ بولسا 69 ياشتا) ئىدى. ئۇ ئاشۇ قېتىملىق كېچىلىكتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماۋ زېدوڭنى تانسىغا تارتقان ۋە ئىككىيلەن ئۇدا نەچچە رەت تانسا ئوينىغانىدى. مەن

شۇ قېتىملىق كېچىلىك ئاياغلاشقاندا، ماۋ زېدوڭنىڭ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم [24 – بەت].

ماۋ زېدوڭنىڭ ئوردىسىدا، ئۇنىڭغا ئەڭ ئەسقاتىدىغان ئادەم يې زىلوڭ (叶子龙) ئىدى. يې زىلوڭ خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى مەخپىيەت كاتىبات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، قوشۇمچە ماۋ زېدۇڭنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. كېيىنچە مەن ۋاڭ دوڭشىڭدىن، شۇنداقلا يې زىلوڭنىڭ ئۆز ئاغزىدىن، ئۇنىڭ ماۋ زېدوڭغا ئاشنا تېپىپ بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. يې زىلوڭ جوڭنەنخەيدە، ماۋ زېدوڭنىڭ قورۇسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇ ياش قىزلارنى جوڭنەنخەيگە ئەكىرىپ، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىرەتتى، ئاندىن (ماۋ زېدوڭنىڭ خوتۇنى) جياڭ چىڭ (江青) ئۇخلاپ قالغاندا، ئۇ قىزلارنى ئاشخانىنىڭ ئارقا تەرىپى ئارقىلىق ماۋ زېدوڭنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرەتتى ۋە سەھەردە جوڭنەنخەيدىن غىپپىدە چىقىرىۋېتەتتى [156 – بەت].

**1961** – يىلى ئىككىنچى ئايدا، يەنى چاغاندىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىز ماۋ زېدوڭنىڭ مەخسۇس پويىزىغا ئولتۇرۇپ، گۇاڭجوۋغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ماۋ زېدوڭ بۇ قېتىملىق سەپىرىدە تېخىمۇ كۆپ ئاياللارنى بىللە ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى نەپەر مەخپىي ئىشلار خادىمىدىن باشقا، يەنە بىر يەسلى ئوقۇتقۇچىسىمۇ بار ئىدى. ئىلگىرى ئوغلۇم لى جوڭنىڭ يەسلىدىكى ئوقۇتقۇچىسى بولغان بۇ ئايال ماڭا سەمىمىي، يۇۋاشتەك تەسىر بەرگەنىدى. ماۋ زېدوڭ ئۇنىڭ بىلەن جوڭنەنخەيدىكى تانسا كېچىلىكىدە تانسا ئويناپ يۈرۈپ تونۇشۇپ قالغان بولۇپ، بۇ قېتىم ئۇنىڭ «كۆزىنى ئېچىپ قويۇش» ئۈچۈن بىللە ئېلىۋالغانىدى.

پويىز خاڭجۇدىن قوزغىلىپ، ئارىلىقتا چاڭشا شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى خېيشىپۇ (黑石铺) ۋوگزالىدا توختىدى. ماۋ زېدوڭ بۇ يەردە خۇنەن ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى جاڭ پىڭخۇا (张平化) ۋە پارتكومنىڭ باشقا بىر نەچچە نەپەر ئەزاسىنى سۆھبەتلىشىشكە چاقىردى. ئەمما، جاڭ پىڭخۇا ۋە پارتكوم شۇجىلىرىدىن بىرى بولغان ۋاڭ يەنچۈن (王延春) كەلگەندىن كېيىنمۇ، ماۋ زېدوڭ ھېلىقى يەسلى ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ۋاگونىغا بېكىنىۋېلىپ، ئۇلارنى خېلى ئۇزۇن ساقلاتقاندىن كېيىن، ئاندىن چىقتى. ماۋ زېدوڭ ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكە باشلىغاندا، مەن، يەسلى ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئىككى نەپەر مەخپىي ئىشلار خادىمى پويىزدىن چۈشۈپ ئەتراپنى ئايلاندۇق. بىر ئازدىن كېيىن مەخپىيەت ئىشخانىسىدىكى ليۇ فامىلىلىك خادىم كېلىپ بىزگە قوشۇلدى. كۆپچىلىك كۈلكە – چاقچاق بىلەن كېتىۋاتقاندا، ليۇ فامىلىلىك خادىم يەسلى ئوقۇتقۇچىسىغا: «بۈگۈن مەن گېپىڭىزنى ئاڭلاپ قالدىم جۇمۇ!» دېدى. (بۇ ئىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە ئازراق توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەينى چاغدىكى خىتاينىڭ شارائىتىدا، ماۋ زېدوڭنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەرقانداق گەپكە ئالىي يولىيورۇق سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدىغان بولغاچقا، خىتاي مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باشقا كاتتىباشلىرى خىزمەتچىلەرنىڭ ئۇنىڭ سەپەر جەريانىدىكى سۆزلىرىنى رەتلەپ، ھۆججەت قىلىشتا قىينىلىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ماۋ زېدوڭنىڭ ئاۋازىنى ئۈنگە ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئالدىرىماي رەتلەپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ۋاگونىغا ئاۋاز ئېلىش ئۈسكۈنىسى ئورۇنلاشتۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان ۋە ماۋ زېدوڭنىڭ بۇنىڭغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن مەخپىي تۇتقانىدى. ئۈنگە ئېلىش خادىملىرى بۇ ئايالنىڭ ئاۋازىنى ئەنە شۇ جەرياندا ئاڭلاپ قالغان. ئەمما، مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن، بۇ ئۈنگە ئېلىش ئىشى سۇغا چىلاشقان. بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي مەلۇمات ئۈچۈن ئەسلى كىتابقا قارالسۇن، ت)

ئۇ چۆچۈگىنىچە: «قايسى گېپىمنى ئاڭلاپ قالدىڭىز؟» دەپ سورىدى.

ليۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «جۇشى جاڭ پىڭخۇا شۇجى بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى، سىز ئۇنىڭ ۋاگونىدا ئىدىڭىز، شۇ چاغدا سىز ئۇنى تېزراق ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىمىنى كىيىشكە ئالدىراتمىدىڭىزمۇ؟» دېدى.

يەسلى ئوقۇتقۇچىسى «يەنىچۇ؟ يەنە نېمىلەرنى ئاڭلىدىڭىز؟» دېدى.

ليۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ «ئىشقىلىپ، ھەممىنى ئاڭلىدىم» دېدى.

بۇ چاغدا يالغۇز يەسلى ئوقۇتقۇچىسىنىڭلا ئەمەس، ھەممەيلەننىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى.

كېيىن يەسلى ئوقۇتقۇچىسى بۇ ئىشنى ماۋ زېدوڭغا مەلۇم قىلىۋىدى، ماۋ زېدوڭ بۇ ئىشنى قاتتىق سۈرۈشتۈردى.

**پويىز ۋۇخەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مەن ۋاڭ دوڭشىڭ (汪东兴) نىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق بىنادىكى ئىشخانىسىغا كىرسەم، ئۇستەلگە ئۇنئالغۇ، ئۇن لېنتىسى، توك سىملىرى، ھەرخىل چوڭ – كىچىك كاناي دېگەندەك نەرسىلەر دۆۋىلىنىپ كېتىلگەنىكەن. ماۋ زېدوڭ ۋاڭ دوڭشىڭ، مەخپىيەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى كاڭ يىمىن (康一民)، لو گۇاڭلۇ، ئۇنگە ئېلىش خادىمى لىۋ قاتارلىقلارنى ئۇستەلنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشۈپ، رەسىمنىڭ ئاستىغا «ماۋ زېدوڭنى مەخپىي رازۋېتكا قىلىش ئۈچۈن، ئوغرىلىقچە ئۇنگە ئېلىش قىلمىشىنىڭ ماددىي پاكىتلىرى» دەپ يېزىپ، ئارخىپ قىلىپ ساقلاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ [355 ~ 357 – بەتلەر].**

خىتايچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمىسى



# تۇرسۇنجان هېزىم

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانى، يېتىشكەن تارىخچى تۇرسۇنجان هېزىم ياۋۇز 1973-يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ باي ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1991-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ كەسپىگە قوبۇل قىلىنىپ، 1996-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەپتەپكە تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ خىزمەتكە چۈشكەن. تۇرسۇنجان هېزىمنىڭ تارىخ بىلىمى مول ۋە ئەتراپلىق بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا، ئۇيغۇر تارىخىنى خىتاينىڭ بۇرمىلاشلىرىدىن خالىي، تارىخي چىنلىقتا ئۇيغۇن شەكىلدە ئوقۇغۇچىلىرىغا بايان قىلىپ بېرىشكە تىرىشقان. دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان بىر مىللەتنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى ئۈچۈن، ۋەتىنىنىڭ ۋە مىللىتىنىڭ تارىخىنى مىللەتنىڭ كېلەچىكى ھېسابلانغان ئوقۇغۇچىلىرىغا تاجاۋۇزچى دۈشمەننىڭ يازغىنى بويىچە ئەمەس، ۋەتەننىڭ ئوت يۈرەك ئوغلانلىرى ۋە ھەققانىيەتچى ئالىملار تەرىپىدىن يېزىلغىنى بويىچە چۈشەندۈرۈش ئۇيغۇرلاردىن كۆپ كىشىگە نېسىپ بولمىغان خىزمەت. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، بۇ خىزمەتكە ئۆزىنى ئاتىغانلار ھەر خىل شەكىلدە خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلگەن. تۇرسۇنجان هېزىم دەل مۇشۇ جەھەتتە خىتاينىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئوت يۈرەك ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن بىرىدۇر. تۇرسۇنجان هېزىم 2004-يىلى 9-ئايدىن باشلاپ دەرس ئۆتۈشتىن توختىلىپ، ئۆز بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنۋانىغا ئۇيغۇن بولمىغان شەكىلدە دەسلەپتە مەكتەپ دەرۋازىسىنى بېقىشقا، كېيىنچە ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىنى بېقىشقا قويۇلغان.

تۇرسۇنجان هېزىم 2009-يىلى ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئائىلىسىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن. 2010-يىلى 7-ئايدا ئاقسۇ ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. سوت مەخپىي ئېچىلغان بولۇپ، ئائىلىسىدىن ھېچكىم سوتقا قاتناشتۇرۇلمىغان. تۇرسۇنجان هېزىمنىڭ جازا مۇددىتى 2017-يىلىدى توشقان بولسىمۇ، جازا مۇددىتى توشقان تۇرسۇنجان قايتىلاپ (ياكى

(ياكى داۋاملىق تۇردە) مەھكۇملۇق ھاياتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

تۇرسۇنجان ھېزىم **2004**- يىلىنىڭ باشلىرىدا سىنىپ مەسئۇلى ۋە تارىخ دەرسى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ قولىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى تۇرسۇنجان ھېزىم ھەققىدە مۇنۇلارنى بايان قىلغان:

«تۇرسۇنجان مۇئەللىم چاقچاقچى، سۆزگە ماھىر، تەپەككۇرى كەڭ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ياخشى ئارىلىشىپ ئۆتىدىغان، خىتاي تىلىنى، خىتاينىڭ ۋە چەتئەللەرنىڭ تارىخىنى، سىياسەتلەرنى ياخشى بىلىدىغان، كۆپ قىرلىق بىلىمگە ئىگە ئۇستاز ئىدى. خىتايچىنى پىششىق بىلەتتى، نۇرغۇنلىغان خىتاي فىلىملىرىنى ۋە چەتئەل فىلىملىرىنى خىتايچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. مۇئەللىم توي قىلغان. بىر كىچىك قىزى بارلىقىنى بىلىمەن. تۇرسۇنجان مۇئەللىمنىڭ ئۆيى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك **1**-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئىدى. مەن ئىككىنچى يىللىقققا چىققاندا، مەكتەپ مۇئەللىمىمىزنى دەرس ئۆتۈشتىن توختىتىپ، سىنىپ مەسئۇللۇقىدىن تۈيۇقسىز قالدۇرۇۋەتتى. كېيىن مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىنى بېقىشقا قويدى. كېيىنكىرەك مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىنى بېقىشقا قويدى. تۇرسۇنجان مۇئەللىم مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئورخۇن توربېتىنى جانلاندۇرغان ئىدى. مەن تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلاردا تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ گېرمانىيىگە چىقماقچى بولۇپ، گېرمان تىلىنى ئۆگىنىگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىغان ئىدىم...»**(1)**

تۇرسۇنجان ھېزىم خىتايچە، تۈركچە ۋە چاغاتاي يېزىقىنى ياخشى ئىگىلىگەن. خىتاي تارىخچىسى لىن گەننىڭ «ھونلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» ناملىق ئەسىرىنى خىتايچىدىن تەرجىمە قىلغان. ئۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر مەھەل شۆھرەت قازانغان «ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تورى»نىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ، **2005**-يىللىرى ئەتراپىدا قۇرۇلغان بۇ تور بېكەت مەزمۇنلىرىنىڭ سەرخىللىقى، تارىخىي پاكىتلارنىڭ چىنلىقى بىلەن ئۇيغۇر توربەتچىلىكىدىكى مۇھىم تور بەتلەردىن بىرى بولۇپ قالغان. تۇرسۇنجان ھېزىم بۇ تور بەتتىكى ماقالە-ئەسەرلەرنىڭ زور كۆپچىلىكىنى ئۆز قولى بىلەن تەييارلىغان. ئورخۇن تورى خىتاي تاجاۋۇزىدىن بۇيان ئىزچىل رەۋىشتە مېڭىسى يۇيۇلۇشقا دۇچ كەلگەن، چۈشكۈنلەشكەن، چارىسىز قالغان، ئۆز كىملىكىنى ساقلاش ئۈچۈن پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن غايەت زور مەنىۋي ئوزۇق ۋە ئويغىنىش ئېلىپ كەلگەن.



سولدىن ئىككىنچى كىشى تۇرسۇنجان ھېزىم

**تۇرسۇنجان ھېزىمنى يېقىندىن تونۇيدىغانلار ئۇنىڭ تارىخ ئىلمىي بويىچە چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق مەلۇماتى ۋە كىشىلىك ئەخلاق پەزىلىتى بىلەن جامائەت ئىچىدە سۆيۈلگەن بىر كىشى ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئىلمىي ۋە تارىخىي مەسىلىلەردىكى ھەققانىيەتچىلىكى سەۋەبلىك، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك خادىملىرىنىڭ بۇرۇنلا دىققەت نۇقتىسىغا ئايلانغانلىقىنى بىلدۇرۇشتى.(2)**

**ئامېرىكادا ياشاۋاتقان مەلۇم ئۇيغۇر زىيالىيسى تۇرسۇنجان ھېزىم ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:«تۇرسۇنجان ئەينى ۋاقىتتا داڭلىق تارىخچىلار بىلەن بولۇپمۇ ھاجى ياقۇپ بىلەن يېقىن ئۆتكەن. ھاجى ياقۇپنىڭ خىتايچە ۋە تۈركچىدىن ناھايىتى مول ماتېرىيال مەنبەلىرى بار ئىدى. تۇرسۇنجان ھېزىم ماتېرىيال توپلاشقا ناھايىتى ئېتىبار بەرگەن ئىكەن. ئەينى دەۋردە ئادەتتىكى كىشىلەر كۆرەلمەيدىغان كىتاپ-ماتېرىياللارنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. ھاجى ياقۇپنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق تۈركىيەدىن كىرگەن ماتېرىياللارنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ۋە مۇشۇ جەھەتتىن بىلىمىنى ئاشۇرغان، ماتېرىيال يىغىشقا ئېتىبار بەرگەن.**

**تۇرسۇنجان ھېزىم ئاقسۇغا قايتىپ، ئاقسۇ 1-ئوتتۇرىغا ئىشقا چۈشكەندىن تارتىپ، خىتاي ھۆكۈمىتى-نىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ئىكەن. ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرۈپ ئۇزاق ئۆتمەي خىتاي بىخەتەرلىك نازارىتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ سوراق قىلىنغان ۋە قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىۋېرسىتېت يىللىرىدىن باشلاپ تاكى تۇتۇلغۇچە بولغان ئارىلىقتا خىتايدا ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى دېگۇدەك يىغىپ ساقلىغان ۋە ئۆزى ساقلىغان ماتېرىياللار ئاساسىدا ئورخۇن ئۇيغۇر تورىنى قۇرۇپ چىققان. ئورخۇن تورىغا ناھايىتى كۆپ ئەمگىكى سىڭگەن.**

**2009-يىلىنىڭ باشلىرىدا توردىن تۇرسۇنجان ھېزىمنىڭ ئانىسى تۈگەپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، تېلفون قىلىپ ھال سورىدىم. تېلفوندا مەن بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا، نورمال كەيپىيات ئىچىدە پاراڭلاشتى. مېنى ھەيران قالدۇرغان بىر ئىش شۇ بولدىكى، تۇرسۇنجاننىڭ ئانىسى ئالدىنقى كۈنى ۋاپات بوپتۇ، (مەن تېلفون قىلغان ۋاقىت) ئۇنىڭ ئانىسى تۈگەپ كېتىپ ئەتىسى ئانىسىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، يەرلىككە قويۇۋېتىپ قايتىپ كېلىپ، كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ مىللەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان ۋاقتىغا توغرا كەلگەن ئىكەن. ھازىردار تۇرسۇنجاننىڭ، شۇ ھالىتىدىمۇ (ئۆزىگە ھېچقانداق ئىقتىسادىي ۋەياكى باشقا جەھەتتىن مەنپەئەت كەلتۈرمەيدىغان، ئەمما، مىللەت ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك ھېسابلىنىدىغان) خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشى مېنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈرگەن ئىدى.»**

**نەقىل مەنبەلىرى:**

**http://london-uyghur-ansambil-munbiri.18026.n3.nabble.com/Tursunjan-hezimning-qisqiche-terjimihali-td2660514.html**
**https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/qisqa_xewerler/orxun-torbeti-03082011152402.html**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



# مۇھەممەد سالىھ داموللا

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

**جازا لاگېرىنىڭ تۇنجى قۇربانلىرىدىن نوپۇزلۇق دىنىي ئالىم مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنى ئەسلەيمىز**

بۈيۈك تۆھپىكار ئۇستاز ۋە ئىستىداتلىق ئۆلىما مۇھەممەد سالىھ داموللا ۋەتىنىمىزدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق چاغلاردىن 1937 - يىلى ئاتۇشتىكى تونۇلغان ئۆلىما سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئوغلى نەجىپ ئەپەندىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە مەرھۇم 1939 - يىلى جاللات شېڭ شىسەي ئومۇمىيۈزلۈك ئاق تېررورلۇق ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەنسىز چاغلاردا تۇغۇلغان.

سالىھ دامولا ھاجىم ھىجرىيە 1313 ـ يىلى، يەنى مىلادى 1895 ـ يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان. زامانىدىكى بۈيۈك ئۆلىمالاردا تەلىم ئېلىپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئىلىملىرى بىلەن قوراللىنىپ، قەشقەر ئۆلىمالىرىنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك قولللىشى بىلەن 1946 ـ يىلى قازى قۇززات بولغان.1949 ـ 1957 ـ يىللاردىكى ئاتالمىش «يەرلىك مىللەتچىلەرگە زەربە بېرىش ھەرىكىتى»دە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ھىجرىيە 1377 ـ يىلى(1957 ـ يىلى)20 ـ ئىيۇن ۋاپات بولۇپ كەتكەن. سالىھ دامولا ھاجىم ئۆز زامانىدا ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى بويىچە يېتىلگەن ئەدىب، ئىسلام دىنى ئىلمىدا توشقان كاتتا ئۆلىما، مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى. پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن مۇھەممەد سالىھ ئاتىسىنىڭ تەسىرىدە كىچىكىدىنلا ئەتراپلىق دىنىي تەلىم ئېلىشقا باشلىدى، 11 يېشىدىلا خەتمىدىن ئۆتۈپ، مۇرەتتەب قارى بولغاندىن كېيىن ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى. كېيىنكى ئېغىر جاپالىق كۈنلەردىكى قىيىن شارائىت ۋە بېسىم ئۇنىڭ ئىلىمگە بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى ۋە بۈيۈك غايە ئۈچۈن تىكلىگەن ئىرادىسىنى بويسۇندۇرالمىدى.

ئاتىسى سالىھ دامولا ھاجىم ئوغلىنىڭ يۇمران قەلبىدە ئۇنىڭ توغرا يۆلۈنۈش بويىچە ئەتراپلىق يېتىلىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئۇنتۇلغۇسىز، ئىلھامبەخش ئىزلارنى قالدۇرغانىدى. ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قايسى ئىلىم تۈرلىرىگە پۇختا ئاساس سېلىپ بولغان مۇھەممەد سالىھ دامولا ھاجىم 1955 ـ يىلى كۆزدە بېيجىڭگە بېرىپ، يېڭىلا قۇرۇلغان ئىسلام ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقاكىرگەن. ئەينى چاغلاردا مىسىردىن تەكلىپ قىلىنغان بەھىيىۇددىن زەيىيانى، شەيخ ئابدۇللەتىف ھامىد سۇلايمان قاتارلىق پروفېسسورلارنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە، تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، ئەقىدە، ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلام تارىخى، ئىلمىي بالاغەت، ئىلمىي كالام، ئەرەب ئەدەبىياتى قاتارلىق پەنلەرنى سىستېملىق ئۆگەنگەن. 1960-يىلى كۈزدە مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچىدە مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا ئورۇنلاشتى. شۇ چاغدىن باشلاپلا قۇرئان كەرىمنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ھەققىدە ھەرىكەت قىلغان . ئەمما ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تارتىپ چىقىرىلىپ ، باشقا ئەرباپلار بىلەن بىللە ئون يىل كۆپ خورلۇق تارتقان . 1978 - يىلى قايتىدىن تەتقىقاتنى مۇستەقىل ۋە تەنها باشلاپ ، مۆتىۋەر 27 تەپسىردىن پايدىلىنىپ ۋە سېلىشتۇرۇپ ، ساق سەككىز يىل تەر تۆكۈپ ، كۆپ يىللىق جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاخىرى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم» نى ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەلەپكە لايىق رەۋىشتە تەرجىمە قىلىپ چىقتى. نەشر قىلىنىش ئالدىدا ۋەتىنىمىزدىكى مۆتىۋەر ھېسابلانغان 15 نەپەر نوپۇزلۇق ئۆلىمانىڭ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشىغا سۇنۇلدى. ئۆلىمالار تەرجىمىنى باشتىن-ئاخىر مۇتالىئە قىلىپ چىقىپ، بىر ئېغىزدىن ماقۇللاپ، ئالاھىدە تەھسىن ئوقۇپ، تەقرىز يېزىپ بەردى. بۇ تەرجىمە 1986-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 200 مىڭ پارچە بېسىپ تارقىتىلدى.

مۇھەممەد سالىھ دامولا ھاجىم يەنە ھەدىس ئىلمىدىكى ئالتە ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق كىتابلارنىڭ بىرىنچىسى بولغان «سەھىھۇلبۇخارى» نى ۋە «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىق كىتابلارنىمۇ ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى .مۇھەممەد سالىھ دامولا ھاجىم يەنە ئۆزى يالغۇز ۋە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئاساسىدا «جامىئۇتتەۋارىخ»، «تەۋارىخ خەمسە»، «غازات دەر مۇلكى چىن»، «ئىھيا ئۇلۇمىددىن»، «مەكتۇبات»، «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «سىررۇلمۇخلىس»، «زەپەرنامە»، «تەزكىرەئى ئۇۋەيسىييە»، «تەۋارىخ جەدىدە»، «جەھدۇلمۇقىل»، قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ، ئىلمى تەتقىقات ئىشلىرىنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى.

مۇھەممەد سالىھ دامولا ھاجىم 1961-يىلدىن تارتىپ تارىخشۇناس ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى بىلەن بىرلىشىپ «دىۋان لۇغەتىتتۈرك» كىتابىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەنىدى. 4 يىل جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق بۇ ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ نەشرگە سۇنۇش ئالدىدا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ شۇ «ئىنقىلاب» قالايمىقانچىلىقىدا ئۇ تەرجىمە نۇسخا تالان-تاراج قىلىنىپ زايا بولۇپ كەتتى. مۇھەممەد سالىھ دامولا ھاجىم بىر تەرەپتىن جاپالىق ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن 1987-يىلدىن باشلاپ ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ يەردە تاكى 1999 - يىلغىچە مۇدىر بولۇپ خىزمەت قىلدى.

خىتاينىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋردىن كېيىن داموللا هاجىم چەتئەللەردە بەزى دىپلوماتىك ئۇچرىشىشلىرىدا بولغان. مەسىلەن 1983 ـ يىلى سۇداندا،1989 ـ يىلى ماراكەشتە،1989ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25ـ كۈنى ئىمام ئىلى رىزا تەۋەللۇتىنىڭ مىڭ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىران مەشھەتتە ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغاقاتناشقان.1990 ـ يىلى رامىزاننىڭ 27ـ كېچىسى ماراكەشكە بېرىپ قەسىدە ئوقۇغان. ئۇندىن كېيىن تاكى 1997ـ يىلى فېۋرال ۋەقەسىگە قەدەر ئىزچىل ماراكەشكە زىيارەتكە بېرىپ مەۋلۇت يىغىلىشىغا قاتنىشىپ تۇرغان. 1991ـ يىلى 16 ـ سېنتەبىر مىسىر پرىزدېنتى ھۇسنى مۇبارەك تەرىپىدىن 10 مەشھۇر ئالىمنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئوردېن بېرىلگەن.

داموللاهاجىم ئۆزى باش بولۇپ قۇرۇپ چىققان ئۈرۈمچى ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىغا 1987 ـ يىلدىن باشلاپ ساق 12 يىل مۇدىر بولغان. بۇجەرياندا ئىران داهىيسى ئەلى خامىنىي ۋە پىرىزىدېنت خاتەمى قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىنىڭ داهىيلىرى ئۈرۈمچىگە زىيارەتكە كېلىپ تۇرغان. 1989 - يىلى 12 - ماي جۇمە ئوقۇپ بولغان خامىنىي قەشقەردىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا 1989 ـ يىلى 19 ـ ماي ئوقۇغۇچىلار ۋەقەسى، 1990 ـ يىلدىكى بارىن ۋەقەسى، شۇنداقلا 1997 ـ يىلدىكى غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن داموللا هاجىمغا بېسىم كۈچىيىپ كەتكەن. 1999ـ يىلى داموللا هاجىمنىڭ ئىككى قانىتى بولغان قابىل ئىز باسارلىرى سۈيقەست بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان. شۇ يىلنىڭ ئاخىرى داموللا هاجىم ئىستىپا بېرىپ پېنسىيگە چىققان.(ئەمەلىيەتتە داموللا هاجىم 1998 ـ يىلىلا 1993ـ يىلنىڭ باللىرىنى ئۈزىتىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ،10يىل ئەلەم خىزمىتى قىلغانلىقىنى،بۇندىن كېيىنكى ئۆمرىنى قەلەم خىزمىتى بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن). دەرۋەقە داموللا هاجىم دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنكى پۈتىن ئۆمرى قەلەم بىلەن ئۆتكەن. پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنكى ئەڭ ئاخىرقى چەتئەل زىيارىتى 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئالمۇتادا بولغان.«ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلامنىڭ تارىخىي ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى»ناملىق خەلقئارالىق يىغىندا قەسىدە ئوقۇغان.

تارىخنىڭ چاقى 2017 ـ يىلى فېۋرالغا كەلگەندە،داموللا هاجىم 1997 ـ يىلدىكى قوپال مۇئامىلىگە قايتا دۇچ كېلىشكە باشلىغان. بىر يىلغا يېقىن ئۆيىدە قاتتىق نەزەربەنت ئاستىدا ياشىغان داموللا هاجىم 2017 ـ يىلى جاللات چېن چۇنگو تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم جازا لاگېرىغا ئەكىرىپ كېتىلگەن. هىجرىيە 1439 ـ يىلى 5ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ،مىلادى 2018 ـ يىلى 24 ـ يانۋار چارشەنبە كەچ بۈيۈك ئالىمىمىز جازا لاگېرىدا شېهىت قىلىنغان.

بۈيۈك ئۆلىما،ئۇلۇغ ئۇستاز،مەشهۇر تىلشۇناس ئۇستازىمىز شېهىت ئوغلى شېهىت مۇھەممەد سالىھ داموللا هاجىمغا ئاللاهتىن رەھمەت تىلەيمىز! بارلىق نامسىز شېهىتلىرىمىزغا ئەڭ كاتتا مۇكاپاتلارنى بەرسۇن! ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېتۈك ئىسلاهاتچى دىنىي ئالىمى مۇھەممەد سالىھ داموللا هاجىمنىڭ خىتتاي جازا لاگېرىدا قازا قىلغانلىقىنىڭ ئىككى يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن كۆچلۈك قايغۇ ـ هەسرەت ، ۋە چوڭقۇر مېهرى ـ مۇھەببەت بىلەن چىن قەلبىمىزدىن ياد ئېتىمىز ! « ئالىم ئۆلمەيدۇ ! ئۇلۇغ ئالىم ياققان مەرىپەت مەشئىلى پات ئارىدا ئالتايدىن كەشمىرگىچە ، پامىردىن كەڭسۇغىچە بولغان بىپايان ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە تولۇق چاقنايدۇ !»

مەنبەلەر :


1 . داموللا هاجىمنىڭ ئۆزىنىڭ بىۋاستە بايانلىرى.
2 . خىتاي مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى .
3 . تارىخىزدىكى سىرلار ۋە ئۇنتۇلغان ئۇلۇغلىرىمىز .
4 . ئوغلى نەجىپ ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەسلىمىلىرى .

# ئۆزىنى بىلىش ھەققىدە ھېكمەتلەر

بىزنى باشقىلارغا نىسبەتەن غەزەبلەندۈرگەن ھەر قانداق ئىش بىزگە ئۆزىمىزنى تونۇتىدۇ. (كارل يۇڭ)

**Everything that irritates us about others can lead us to an understanding of ourselves.**

**- Carl Jung**

ئۆزىنى تونۇش پۈتكۈل ئەقىل-پاراسەتنىڭ باشلىنىشىدۇر. (ئارىستوتىل)

**Knowing yourself is the beginning of all wisdom. - Aristotle**

مەن ئۆزىنى تونۇش چېمپىيون بولۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن. (بىلى جىن كىڭ)

**I think self-awareness is probably the most important thing towards being a champion.**

**- Billie Jean King**

دۇنيادىكى ئەڭ قىيىن ئىش ئۆزىنى تونۇشتۇر. (تالىس)

**The most difficult thing in life is to know yourself. -Thales**

كىم سىرتقا قارىسا چۈش كۆرىدۇ؛ كىم ئۆزىگە قارىسا ئويغۇنىدۇ. (كارل يۇڭ)

**Who looks outside, dreams; who looks inside, awakes. -Carl Jung**

ئۆزىنى تونۇش ساڭا خاتالىقلاردىن، شۇنداقلا ئۇتۇقلاردىنمۇ ساۋاق يەكۈنلەش ئىقتىدارى ئاتا قىلىدۇ. (لاۋرېنس بوسىدي)

**Self-awareness gives you the capacity to learn from your mistakes as well as your successes. It enables you to keep growing. -Lawrence Bossidy**

ئۆزۈمنى بايقىغىنىمدا ئازادلىققا چىققان بولىمەن. (رالف ئېلىسون)

**When I discover who I am, I'll be free. -Ralph Ellison**

ئۆزىنى تونۇش سىزنى ئۆز خاتالىقلىرىڭىزنى توغرىلىۋېلىشقا ئىلىپ بارىدۇ. (بىل ھايبېلس)

**Self awareness allows you to self-correct. -Bill Hybels**

تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن ھايات ياشاشقا ئەرزىمەيدۇ. (سوقرات)

**The unexamined life is not worth living. - Socrates**

شۇنى بىلگىنكى، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى، شۇنداقلا ئەڭ ياخشى دوستى. (جېرمىي تايلور)

**Know that you are your greatest enemy, but also your greatest friend. - Jeremy Taylor**

ئۆز ھالىتىمىزدىن ئۆزگىرىش ئۈچۈن، چوقۇم ئۆزىمىزدىكى نەرسىلەر توغرۇلۇق تونۇشقا ئىگە بولۇشىمىز لازىم. (ئېرىخ خوفىر)

**To become different from what we are, we must have some awareness of what we are.**

**-Eric Hoffer**

ئاجايىپ زىددىيەتلىك بىر ئىش شۇكى، مەن ئۆزۈمنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى قوبۇل قىلغىنىمدا، ئاندىن ئۆزۈمنى ئۆزگەرتەلەيمەن. (كارل.ر.روگېرس)

**The curious paradox is that when I accept myself just as I am, then I can change.**

**— Carl R. Rogers**

ئۆزىنى تونۇش ئۆزىگە ھاكىم بولۇشنىڭ يادروسىدۇر. (گرېچېن رۇبىن)

**Self-awareness is a key to self-mastery -Gretchen Rubin**

ئۆزۈڭنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىگە يۈزلەن ۋە يورۇتۇش ۋە كەچۈرۈش بىلەن ئۇلارنى قوغلاپ چىقار. سېنىڭ ئۆزۈڭدىكى ئالۋاستى بىلەن كۈرەش قىلىش ئىرادەڭ ئاخىرى سەندىكى پەرىشتىنى خوش قىلىدۇ. ( ئاۋگۇست ۋىلسون )

**Confront the dark parts of yourself, and work to banish them with illumination and forgiveness. Your willingness to wrestle with your demons will cause your angels to sing.**

**-August Wilson**

ئەڭ ئاخىرقى سىر ئۆزلۈكتۇر. (ئوسكار ۋايلد)

**The final mystery is oneself.** **-Oscar Wilde**

كۆپلىگەن لىدېرلىق مەسىلىلىرى ئۆزىنى تونۇشنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. (بىل ھايبېلس)

**Many leadership problems are driven by low self-awareness.**

**- Bill Hybels**

ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تونۇغان كىشى باشقىلارنىڭ ئىدىيەسىدىن تەھدىت ھېس قىلىپ يۈرمەيدۇ. (روبېرت ئانتوني)

**A person who knows who they are is not threatened by the beliefs of others.**

**- Robert Anthony**

بىز باشقىلارغا پەقەت ئۆز ئىچىمىزدىكى نەرسىلەرنىلا بېرەلەيمىز. (ۋاينېر دايېر)

**We can only give away to others what we have inside ourselves.**

**- Wayne Dyer**

قورقۇنچ نائېنىقلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۆزىمىزنى ياخشى تونۇغان چېغىمىزدا قورقۇنچتىن قۇتۇلالايمىز. (برۇس لى)

**Fear comes from uncertainty; we can eliminate the fear within us when we know ourselves better.**

**- Bruce Lee**

ئۆزىنى بىلىش – باشقا كىشىنىڭ قىلمىشى ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆگىنىش دېگەنلىكتۇر. (برۇس لى)

**To know oneself is to study oneself in action with another person.**

**- Bruce Lee**

بىز باشىلار ئارقىلىق ئۆزىمىزگە ئايلىنىمىز. (لېۋ.ۋ.ۋىگوتىسكى)

**Through others we become ourselves.**

**— Lev S. Vygotsky**

مەن ئۆزۈمنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. چۈنكى، مەن ئۆزۈمنىڭ ھېچنەرسە بىلمەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن. (سوقرات)

**I know that I am intelligent, because I know that I know nothing.**

**— Socrates**

ئىنسان ئوتتۇز يېشىدا ئۆزىنى خۇددى ئۆز قولىنىڭ ئالقىنىنى بىلگەندەكلا بىلىشى، ئۆزىنىڭ كەمچىلىك ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى ساندىدىن تارتىپ ئېنىق بىلىشى كېرەك. ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىغانلىقىنى بىلىشى ۋە ئۆز مەغلۇبىيەتلىرىنىڭ ئۇنى قانداق بىر ئادەم قىلىپ قويۇشىنى بىلىشى كېرەك. شۇنداقلا، ھەممىدىن مۇھىمى، بۇ نۇقتىلارنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. (ئالبېرت كامۇس)

**At 30 a man should know himself like the palm of his hand, know the exact number of his defects and qualities, know how far he can go, foretell his failures - be what he is. And, above all, accept these things.**

**— Albert Camus**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىغان



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

## (2019-يىلى 12 – ئاينىڭ 22 – كۈنىدىن 2020 - يىلى 12 – ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە)

### جەۋھەر

- خوڭكوڭ خەلقى ئۇيغۇرلارنى قوللاپ نامايىش قىلدى
- يېڭى زېلاندىيەلىك مۇسۇلمان زەيتۇن توپ چولپىنى ئۇيغۇرلارنى قوللىدى
- ۋەتەن خائىنلىرى قۇترىدى
- تۈرك سىياسەتچىسى تەمەل قارامولla ئوغلى تۈرك خەلقىنى خىتاي مېلىنى ئالماسلىققا چاقىردى
- خىتاي دىنىي ئەسەرلەرنى سوتسىيالىزىم قىممەت قارىشىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى
- ھىندىنوزىيەدە خىتايغا قارشى چوڭ كۆلەملىك نامايىشلار ئۆتكۈزۈلدى
- مالايسىيالىق ساھايەتچىلەر شەرقىي تۈركىستاندا مەسجىدتە ناماز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىندى
- ئامېرىكا-خىتاي ئوتتۇرىسىدا تۇنجى نۆۋەتلىك سودا كېلىشىمى ئىمزالاندى
- كۇۋەيت پارلامېنتىدىن ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى
- تۈرك بوكسچىسى گېرمانىيە بوكس سەھنىسىدە ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقتى
- خىتاي رابىيە قادىرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغقانلىرى ئارقىلىق يالغاندىن سەھنە ھازىرلىدى

### تەپسىلات

**2019-يىلى 22-دېكابىر:**

خوڭكوڭ خەلقى ئۇيغۇرلارنى قوللاپ، خىتايغا قارشى نامايىش قىلدى. تېنچلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان نامايىش خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قاتتىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى.
يېڭى زېلاندىيەلىك مۇسۇلمان زەيتۇن توپ چولپىنى سوننى بىل ۋىلىيامس **(Sonny Bill Williams)** ئۇيغۇرلارنى قوللاپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەۋاتقان جىنايىتىگە قارشى چىقتى.

**23-دېكابىر:**

«فوربىس» ژۇرنىلىدا 23-دېكابىر «خۇاۋېي <خىتايدىكى چوڭ كۆلەملىك ئىرقىي بېسىم> تۈپەيلىدىن يېڭى قارشىلىققا دۇچ كەلدى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىندى، ماقالىدە «ئاۋسترالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت ئىنىستىتۇتى» نىڭ «خۇاۋېينىڭ چەتئەللەرگە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلىرىگە يانتاياق بولۇۋاتقان شىركەتلەرنى قوبۇل قىلماسلىق يولىنى تۇتسا بولىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلدى.
ماقالىدە يەنە، بىر تۈركۈم ئەنگلىيە سىياسىئونلىرىنىڭ ئەنگلىيەنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى بورس

جونسون ھۆكۈمىتىگە خەت يېزىپ «تاكى خۇاۋېينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى باستۇرۇشىغا خۇاۋېينىڭ ھەمدە بولۇشى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغىچىلىك، بىز ھۆكۈمەتنى ئەنگىلىيەنىڭ**5G** تېخنىكىسى قۇرۇلۇشىدا خۇاۋېينى ھۆددىگەر قىلىشنى ياكى خۇاۋېي بىلەن ھەمكارلىششنى ئويلىششتىن يېنىشقا چاقىرىمىز» دېگەنلىكىنى بايان قىلىندى. شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىقىپ، قازاقىستاندىن سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن قازاق ئايال قايشا ئاقان يولدىشى قازاقىستان پۇقراسى بولغانلىقى سەۋەبلىك، خىتاينىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلمەيدىغان بولدى.

**24**-دېكابىر:

بېيجىڭ كلاسسىك دىنىي ئەسەرلەرنىڭ بارچە تەرجىمە نۇسخىلىرى تەكشۈرۈشتىن ئۆتىدىغانلىقىنى، كلاسسىك دىنىي ئەسەرلەرنىڭ يېڭى نەشرىي نۇسخىلىرىدا سوتسىيالىزىمغا ئۇيغۇنسىز ھەر قانداق مەزمۇننىڭ بولمايدىغانلىقىنى، خىتاي بېكىتكەن سۆزگۈچلەر مەسىلە بار دەپ قارىغان ھەر قانداق سۆز جۈملىلەرنىڭ ئۆزگەرتىلىدىغانلىقىنى ياكى قايتا تەرجىمە قىلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

**25**-دېكابىر:

مالايسىيا مۇسۇلمانلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپ ماشىنىلىق ساياھەتچىلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى مەلۇم مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇغانلىقى سەۋەبلىك، خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ تەكشۈرۈلۈشكە دۇچ كەلدى. بۇ ۋەقە گۇرۇپپىدىكى زىكرى فۇئاد ئىسىملىك كىشى تەرىپىدىن دۇنياغا ئاشكارىلاندى.

**27** نەپەر كۇۋەيت پارلامېنت ئەزاسى كۇۋەيت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشىغا ئارىلىششىنى تەلەپ قىلىپ، بۇ ھەقتىكى باياناتقا ئىمزا قويدى.

**2022**-يىلى خىتايدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى تەلەپ قىلىنغان ھەرىكەتلەر ئامىمۋىي تاراتقۇلاردا مەلۇم نىسبەتتە ئېقىم پەيدا قىلدى.

**26**-دېكابىر:

مالايسىيا پايتەختى كۇئالالامپۇردا مىڭلىغان مۇسۇلمانلار خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى نامايىش قىلدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىلىرى خىتاي تەرىپىدىن ناھەق ھالدا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئۇيغۇر ئالىمى تاشپولات تېيىپنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاش توغرۇلۇق خىتايغا چاقىرىق قىلدى.

**27**-دېكابىر:

ھىندىنوزىيە پايتەختى جاكارتادا جاكارتالىق ئون مىڭلارچە مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى قوللاپ، خىتايغا قارشى نامايىش قىلدى. مىڭلىغان ھىندىنوزىيەلىك مۇسۇلمانلار شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماستىن، خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا تۈرمە ۋە لاگېرلاردا ئىبادەتلىرىدىن مەھرۇم ئۇيغۇرلار ئۈچۈن سەپ تۈزۈپ، ناماز ئوقۇدى ۋە خىتايغا قارشى قاتتىق نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى.

**28**-دېكابىر:

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بەش يۈز مىڭ ئۇيغۇر پەرزەنتىنى دۆلەت ئىگى-

لىكىدىكى يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىغا يىغىۋالغانلىقىنى، بۇ بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەن بالىلار ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىغا يىغىۋالغانلىقىنى، بۇ بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەن بالىلار ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

**31**-دېكابىر:

تۈركىيە ۋەتەن پارتىيىسىنىڭ باشلىقى دوغۇ پېرىنچەك تۈركىيە خەبەر تۈرك قانىلىدا مىليونلارچە ئۇيغۇرنىڭ لاگېرلىرىغا قامالغانلىقىنى ئىنكار قىلدى. ياخشى پارتىيە مىللەت ۋەكىلى ياۋۇز ئاغىرئالى ئوغلى بولسا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىشغال قىلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يىللاردىن بېرى جىنايەت ئىشلەۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ، دوغۇ پېرىنچەككە كۈچلۈك قارشى تۇردى. دوغۇ پېرىنچەك خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلىۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايەتلىرىنى ئاقلاش بىلەنلا قالماي، ماۋزېدوڭنى ئېسىل ئادەم دەپ ماختىدى. بۇ ۋەقە تۈرك جامائەتچىلىكى ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلدى.

**2020**-يىلى **1**-يانۋار:

«ئېرلاندىيە ۋاقىت گېزىتى» شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان «ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش» ئارمىيىسىگە مەجبۇرىي هالدا ئىشچىلىققا قاتناشتۇرۇلغانلىقىنى، ئىشچىلىققا قاتناشتۇرۇلغانلارنىڭ نامرات ئۇيغۇر دېهقانلار، ئۇششاق تىجارەتچىلەر قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

«تەيۋەن ۋاقىت گېزىتى» ئېنگىلىزچە سەهىپىسىدە ئاتا-ئانىسى خىتاي جازا لاگېرلىرىغا سولانغان ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى هەققىدە خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان **50** مىڭدەك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاتا-ئانىسى جازا لاگېرلىرىغا سولانغان نۇرغۇنلىغان ئۆسمۈرلەرنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىندى.

ئامېرىكىدىكى « **theepochtimes**» گېزىتى «بېيجىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشتا فالۇن گۇمپىسى مۇرتلىرىنى باستۇرۇش ئۇسلۇبىنى قوللانماقتا» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ فالۇن گۇڭ مۇرتلىرىنىمۇ «تەربىيىلەش مەركىزى» نامى ئاستىدا يىغىۋېلىپ، قىيىن-قىستاققا ئالغانلىقىنى، ئۇلارنى ئەمگەك لاگېرلىرىغا ئەۋەتكەنلىكىنى مىسال كەلتۈردى.

**2**-يانۋار:

ئامېرىكا «**CNN**» خەۋەر قانىلىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈزدىن ئارتۇق قەبرىستانلىقنى يوقاتقانلىقىنى، بۇ قەبرىستانلىقلارنىڭ خەرىتىدە كۆرۈنمىگەنلىكىنى توغرۇلۇق هۆججەتلىك فىلىم ئېلان قىلدى.

«غەربىي شىمالىي ئاركانزاس دېموكرات گېزىتى» خىتاينىڭ ئۇيغۇر باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنى ئەرزان ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە ئىشلەشكە مەجبۇر قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. خەۋەردە يېزىلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي هالدا ئەمگەككە قاتناشتۇرۇلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىندى.

تۈركىيە پارلامېنت ئەزاسى بۇرجۇ كۆكسال تۈركىيە پارلامېنتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى توغرۇلۇق سۆز قىلدى ۋە تۈركىيەنى ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقىشقا چاقىردى.

**3**-يانۋار:

تۈركىيە بۈيۈك بىرلىك پارتىيىسى باش رەئىسى مۇستافا دەستىجى تۈركىيەنىڭ قەيسەرى شەهىرىگە جايلاشقان «شەرقىي تۈركىستان كۇلتۇر ۋە هەمكارلىق جەمئىيىتى»نى زىيارەت قىلىپ «شەرقىي تۈركىستاندا

1949-يىلىدىن بۇيان خىتاي ئىشغالى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق داۋام قىلماقتا. شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى قولغا كەلگەنگە قەدەر كۈرەشىمىز داۋام قىلىدۇ» دېدى. ھەمدە، بىر قانچە نۇقتىدىن خىتاينىڭ كۆز بوياماچىلىقىنى پاش قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى تۈرك جامائەتچىلىكىگە مېدىيا ۋاستىسى ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم ئۆتكۈر شەكىلدە بايان قىلدى.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا خىتايغا چاقىرىق قىلدى.

« catholic-sf» خەۋەر قانىلىدا بەش يۈز مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتىلىپ ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى.

4-يانۋار:

«زىمىستان قىش» تورى بۆرتالادىكى مەلۇم بىر كەنتتىكى ھەممە ئەرلەرنىڭ دېگۈدەك لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى، ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۆلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

5-يانۋار:

ياپونىيەلىك رەسسام تومومى شىمىزۇ ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنى رەسىم ئارقىلىق ئىپادىلەپ، دۇنيانىڭ نەزىرىنى ئۇيغۇرلارغا تارتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. شىمىزۇ خانىم ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ دۇنيادىكى سىياسەتچىلەرگە تونۇشلۇق بولسىمۇ، ئەمما ئاۋام-خەلقنىڭ بۇ ھەقتە يەنىلا جىق ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

ئامېرىكا سېناتورى ماركو رۇبىيو ئامېرىكا-خىتاي ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانماقچى بولغان سودا كېلىشىمىنىڭ ئامېرىكانى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدىن توسۇپ قويماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تۈركىيە مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى (MHP) ئەدىرنە ۋىلايىتى رەئىسى زاكىر تەرجان تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئىگە چىقىشقا چاقىردى. زاكىر تەرجان سۆزىدە «خىتاي ئىشغالى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركلەرگە ئۈزۈن يىللاردىن بېرى زۇلۇم داۋام قىلماقتا. خىتاي شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈستىدىن قەتلىئام ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ...» دېگەنلەرنى بايان قىلدى.

تۈركىيەنىڭ ئافيون قاراھىسار شەھىرىدە «شەرقى تۈركىستان ئۈچۈن ئورتاق يۈرەك» نامايىشى ئېلىپ بېرىلدى. نامايىشقا خەلق بىلەن بىرلىكتە سىيت تۈمتۈرك ۋە بىر نەچچە تۈرك سىياسەتچىلىرى ئىشتىراك قىلدى.

6-يانۋار:

تۈركىيە سائادەت پارتىيىسى رەئىسى تەمەل قاراموللائوغلى خىتاينى ئەيىپلەپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقىشقا چاقىردى. تۈرك خەلقىنى خىتاي مېلىنى ئالماسلىققا چاقىردى. خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمىنى ئاقلاش ۋە ماختاش بىلەن كۈن كەچۈرىۋاتقان دوغۇ پېرىنچەك باشچىلىقىدىكى خائىنلارنى قاتتىق تەنقىدلىدى.

ئامېرىكا سېناتورى ماركو رۇبىيو ئامېرىكا كونگرەسىنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇۋاتقانلىقىغا جاۋاب سۈپىتىدە، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لاھىيىسىگە ئىمزا قويۇشقا چاقىردى.

7-يانۋار:

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مايك پومپېئو ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى خوڭكوڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى

قوغداشقا، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان رەزىل مۇئامىلىلەر سەۋەبلىك خىتاينى ئەيىبلەشكە چاقىردى. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى دەپسەندە قىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى خىتاي-ئاۋستىرالىيە مۇناسىۋىتىنىڭ مۇرەككەپلەشكەنلىكىنى توغرىسىدىكى خەۋەر ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىك ئاخبارات قانىلى تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى.

**8-يانۋار:**

ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق 8-يانۋار فېيسبۇك ئارقىلىق تارقاتقان نەق مەيدان ۋىدىئوسىدا نۆۋەتتە چەتئەللىك مۇستەقىل تەشكۇرۇش ئۆمەكلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ تەكشۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ جىددىي خىزمەت ئىشلىشىنى ۋە بۇ خىل تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى قارمىقىدىكى خىتاي ئىشلىرى كومىتېتى 8- يانۋار كۈنى ئېلان قىلغان يىللىق دوكلاتىدا «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلىۋاتقانلىقىغا دائىر كۈچلۈك پاكىتلار بار» دەپ كۆرسەتتى.

دۆلەت مەجلىسى قارمىقىدىكى خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتى مەسئۇل بولۇپ تەييارلىغان «خىتاينىڭ 2019-يىللىق كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى» ئېلان قىلىندى. خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىرىدىن ماركو رۇبىيو خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا نەزەر سالغاندا ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا ئۇنىڭ تاشقى دۇنيا ئۈمىد قىلغان يۆنىلىشنىڭ ئەكسىگە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنى، ئەمدىلىكتە بولسا تېخىمۇ ئىلغار ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ زۇلۇمنى ئاشۇرىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

**9-يانۋار:**

بېلورۇسىيەنىڭ ئاخبارات مىنىستىرى ئالېكساندىر كارليۇكېۋىچ تەرىپىدىن بېلورۇسىيەدە 2020-يىلى ‹ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يىلى› دەپ ئېلان قىلىندى.

«ئىقتىسادشۇناس» ژۇرنىلىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆپلىگەن خىتايلارغا نىسبەتەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر قوشنىلىرى دۇچ كەلگەن كۈلپەتلەرنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغانلىقى خەۋەر قىلىندى.

تەرەپسىز خەۋەر ئاگېنتلىقى ھېسابلانغان «**truthout**» خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە قازاقلارغا خىتاي كارخانىلىرىدا ئەرزان باھادا مەجبۇرىي ئىشلەش پروگراممىسىنى يۈرگۈزىۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئامېرىكىنىڭ «نۆۋەتتىكى دېموكراتىيە» قانىلىمۇ ئوخشاش مەزمۇندا خەۋەر ئىشلىدى. بۇ قانال يەنە ئۇيغۇر مەھبۇسلىرىنىڭ ۋە جازا لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مۇشۇ خىل ئەمگەكلەرگە سېلىنىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ئۆي جابدۇقلىرىنى خىتايچە ئۆي ئەسلىھەلىرىگە ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلانغانلىقى بەزى تاراتقۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

ھىندىستان ئارمىيىسى كوماندىرىنىڭ خىتاينى ۋە شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىۋاتقانلىقى ئاشكارىلاندى.

**10-يانۋار:**

«ئاسىيا خەۋەر ئاگېنتلىقى» خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئۆي بېزەكچىلىكىگىچە قارا قولىنى سوزغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

خىتاينىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى مۇلاھىزچىلىرى مەسئۇت ئۆزىل قاتناشقان، خىتايدا نەق مەيدان تارقىتىلغان مۇسابىقىلەردە مەسئۇتنىڭ ئىسمىنى ئاتاشتىن يىراق تۇرغانلىقى ئاخبارات قانالىلىرىدا قىززىق تېمىغا ئايلاندى.

تايلاند مۇكداخان ئۆلكىلىك تۈرمىسىگە قامالغان ئۇيغۇرلاردىن سەككىزى تۈرمىدىن قېچىپ، بىرى تۇتۇلۇپ

قالغان. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى نامەلۇم.

**11-يانۋار:**
«قەھرىتان قىش» تورى خىتاينىڭ ئىسلامىي قۇرۇلۇشلارنى كەڭ كۆلەمدە ئۇرۇپ-چېقىپ ۋەيران قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.
تىك توك دېتالى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «سەزگۈر» سۆز-جۈملىلەرنى سۈزۈۋېلىش سىياسىتىگە ئەگەشكەنلىكى سەۋەبلىك، بۇ دېتالنى ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتنى كۈچلۈك تەنقىدكە ئۇچرىدى.
«ۋاشىڭتون پوچتىسى گېزىتى» «تەيۋەننىڭ غەلىبىلىك سايلام ئېلىپ بېرىشى نېمىشقا خىتاينى ئەندىشىگە سالىدۇ» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى. سەي يىڭۋېن 11-يانۋار تەيۋەن پرېزدېنتى بولۇپ سايلاندى. تەيۋەن خەلقى بۇ غەلبىنى تەبرىكلىدى ۋە دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر سەي يىڭۋېننى مۇبارەكلىدى. خىتاي بولسا بۇنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قىلىنغان تەھدىت سۈپىتىدە كۆردى. ماقالىدا مۇشۇ ھەقتىكى مەزمۇنلار مۇھاكىمە قىلىندى.

**12-يانۋار:**
«دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» رەئىسى دولقۇن ئەيسا تۈنتېر ھېسابىدا ئۆزىنىڭ خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا تەيىنلىگەن قورچاق ئەمەلدار، ۋەتەن خائىنى شۆھرەت زاكىرنىڭ سىڭلىسى تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ۋەتەن خائىنى شۆھرەت زاكىرنىڭ سىڭلىسى ۋە سىڭلىسىنىڭ يولدىشى گېرمانىيەدىكى مەلۇم بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن بىللە قاتناشقان بولۇپ، پەتىلەش ئاخىرلاشقاندا شۆھرەت زاكىرنىڭ سىڭلىسى ۋە كۈيئوغلى دولقۇن ئەيساغا ھاقارەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا قول سالماقچى بولغان. بۇ ۋەقەت سەرگەردانلىقتىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىدە زور غۇلغۇلا پەيدا قىلدى.
بېلگىيەدە ئۇيغۇر ۋە تۈرك جامائەتچىلىكى خىتايغا قارشى نامايىش قىلدى.

**13-يانۋار:**
«ئەركىن ئاسىيا» رادىئوسى ئېنگلىزچە قانىلىنىپ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي ئۇيغۇرلارنى ئۆيىدىكى ئەنئەنىۋي ئائىلە جابدۇقلىرىنى كۆزدىن يوقىتىشقا بۇيرۇغان. خىتاي بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە مەدەنىيىتى خىتايلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش قىلىشقا ئۇرۇنغان.
ئالاھىدە ئۇسۇلدا ئۇيغۇرلارنى قوللاش ئارقىلىق دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان ئامېرىكىلىق قىز فرۇزە ئېرىز ئەركىن ئاسىيا ئىنگىلىزچە بۆلۈمىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ئۈستىدە توختىلىپ «ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ھەر بىرىمىز بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلىشىمىز لازىم» دېگەن.

**14-يانۋار:**
ئامېرىكا سېناتورى ماركو رۇبىيو خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى.
ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىسى كېنېس روس خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋە خوڭكوڭدىكى نامايىشچى ئاممىنى باستۇرۇشىنى ئەيىبلەپ، خىتاينىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ خىتاينى «دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كۆزىتىش دۆلىتى» قىلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**15-يانۋار:**
ئاقسارايدا ئامېرىكا-خىتاي ئارىسىدىكى بىرىنچى باسقۇچلۇق «سودا كېلىشىمى» ئىمزالاندى. **CNN** تېلېۋى-

زىيىسىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، بىرىنچى باسقۇچلۇق كېلىشىمگە ئاساسەن خىتاي ئامېرىكادىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە يەنە 200 مىليارد دوللار قىممىتىدە تاۋار مال ۋە مۇلازىمەتسېتىۋالىدىكەن. ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى يېزا-ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تەشكىل قىلىدىكەن.

«كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى» خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىشىنى ۋە خوڭكوڭدىكى نامايىشچى ئاممىغا قاتتىق قول ۋاستىلەرنى قوللىنىشىنى ئەيىبلىدى.

**16**-يانۋار:

يەھۇدى دىنىنىڭ ئەسلىيەتچىلىك ئېقىمىدىكى ئەنگلىيەلىك يەھۇدىي سودىگەر ئاندرىۋنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىشىغا قارشى يالغۇز كىشىلىك نامايىش قىلىۋاتقىنىغا بىر يىل بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تولۇق ئىسمىنى ئاشكارىلاشنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بىخەتەر بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئۇ ھەر تاق ھەپتىنىڭ سەيشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنلىرى «ئۈچ مىليون مۇسۇلمان خىتاينىڭ يىغىۋېلىش لاگېرىدا» دېگەن ئىنگلىزچە خەت يېزىلغان تاختىنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلماقتا.

«زىمىستان قىش» تورى «شەرقىي تۈركىستاندىكى قەبرىستانلىقلارنىڭ يوق قىلىنىشى: ئۇيغۇرلارنىڭ جەسەتلىرىمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىماقتا» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە ئېلان قىلدى.

**17**-يانۋار:

ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىيو «خىتايغا مەبلەغ سېلىش ياخشى ئىش ئەمەس» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىنى «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى»دە ئېلان قىلدى. رۇبىيو ماقالىسىدە پرىزدېنت ترامپنىڭ خىتايغا قويغان تاموجنا بېجى ئاشۇرۇش سىياسىتىنىڭ خىتاي ئىقتىسادىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، ئەپسۇسكى، ئامېرىكا-خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى سودا كېلىشىمىنىڭ خىتاينىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يول ئېچىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋە بۇ كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشىغا بولغان ئۆكۈنۈشىنى ئىپادىلىدى.

ئەنگلىيە يەھۇدىيلىرى ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن باستۇرۇشقا دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن پائالىيەت ئۆتكۈزدى. ئەنگلىيە يەھۇدىيلىرى ۋەكىللەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن پرىزدېنتى ئەدۋىن شۇكېر ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن خىتاي زۇلمىغا قارشى كۈرەش توغرۇلۇق توختالدى.

تۈركىيە جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى ئۈتكۈ چاكىرئۆزەر **17**-يانۋار كۈنى تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ تاشقى ئىشلار كومىتېتىدا سۆز قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيە-خىتاي مۇناسىۋەتلىرىگە قۇربان قىلىۋېتىلمەسلىكى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۇنىڭ تەكىتلىشىچە، تۈركىيە خىتايغا تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىغا دائىر ئىنكاسلارنى تەكشۈرۈشى كېرەك ئىكەن.

**18**-يانۋار:

ئامېرىكا ئاۋازى ئاگېنتلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەر توغرىسىدا خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەرگە بىر قىسقا سىن فىلىمى قىستۇرۇلغان بولۇپ، فىلىمنىڭ كۆپ قىسمىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى لەپىلدەپ تۇرۇشى دىققەت تارتتى. فىلىمدە يەنە مۇنۇ جۈملىلەر يەر ئالدى:«شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېنېرگىيە مەنبەسى خىتاي ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ **20** پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ زېمىندا >شەرقىي تۈركىستان< نامىدا بىر ۋەتەن بەرپا قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ **1933**-يىلىدىكى ۋە **1949**-يىلىدىكى مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى خىتاي تەرىپىدىن بېتچىت قىلىنغان...»

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» «زەربە بېرىلدى، بىراق خىتاينىڭ باستۇرۇشىغا بەرداشلىق بەردى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە مەزكۇر ئورگاننىڭ مۇخبىرلىرىنىڭ يەكەن ناھىيىسىنى زىيارەت قىلغانلىقىنى،

يەكەن خەلقىدە دىنىي سىمۋوللاردىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقى، مەسجىدلەرنىڭ ناماز ۋاقىتلىرىدىمۇ تاقاقلىق ئىكەنلىكى چۈشەندۈرگەنلىكىنى، مۇخبىرلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىنى كېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا كۆلىمى چوڭ، قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقان كامپلارنىڭ (يىراقتىن) كۆزىگە چېلىققانلىقىنى بايان قىلدى.

**19-يانۋار:**

گېرمانىيە شەھىرىنىڭ هامبۇرگ شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان بوكس مۇسابىقىسىدە تۈركىيەلىك بوكس ماھىرى ئەلى ئەرەن دەمىرەزەن بوكس سەھنىسىدە شەرقىي تۈركىستان مارشىنى ياڭراتتى. شۇنداقلا، «ئۇيغۇر تۈركلىرىنى قوغدايمەن» دېگەن خەت يېزىلغان مايكىنى كىيىپ بوكس سەھنىسىدە ھەيۋە كۆرسەتتى.

پاكىستان باش مىنىستىرى ئىمراخان گېرمانىيە مۇخبىرى بىلەن قىلغان سۆھبىتىدە مۇخبىر ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن زۇلۇمغا ئاۋاز چىقارمايۋاتقانلىقى توغرۇلۇق سورىدى، ئىمران خان خىتاي پاكىستاننىڭ ئەتىۋارلىق دوستى ئىكەنلىكىنى، پاكىستانغا ئېغىر كۈنلەردە ياردەم بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ، «بىز بۇنداق سەزگۈر مەسىلىلەردە خىتاي بىلەن ئوچۇق ئاشكارا ئەمەس، مەخپىي يوسۇندا سۆزلىشىمىز» دېدى.

ھىندونوزىيەنىڭ غەربىي سۇماترا ئۆلكىسىدە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. مىڭلارچە نامايىشچى ئامما ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرلىكى ۋە بەخت-سائادىتى ئۈچۈن دۇئا قىلدى ۋە خىتايىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

ئەنگلىيەدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قۇرغان «بىر دۇنيا ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن 1-ئاينىڭ 19-كۈنى خىتاينىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

**20-يانۋار:**

ئاۋستىرالىيەدىكى «يېڭى ماتىلدا» خەۋەر تورىنىڭ مۇخبىرى جېيمس دېنېۋىش «ئۆلۈمسىز يوقىتىش: خىتاينىڭ كۈنىمىزدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقى»ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىش ئۈچۈن كۆپلەپ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە يول يوق، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇمى ئىرقىي قىرغىنچىلىق تەبىرىگە دەل چۈشىدۇ» دەپ يازغان.

خىتاينىڭ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى شەرقىي تۈركىستاندا خەتەرلىك قۇش زۇكمى بايقالغانلىقىنى بايان قىلدى.

خىتاي «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ سابىق رەئىسى رابىيە قادىر خانىمنىڭ يىگىرمىگە يېقىن ئۇرۇق تۇغقانلىرىنى سۆزلەتكۈزدى. ۋىدىئودا رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئوغۇللىرى، قىزلىرى، ئاچىلىرى قاتارلىقلار سۆز قىلىپ، رابىيە قادىر خانىمنى ئەيىبلىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بەختلىك ياشاۋاتقانلىقىنى سۆزلەتكۈزۈش ئارقىلىق، دۇنيانىڭ كۆزىنى بوياش تىرمىششىنى يەنىمۇ بىر بالداق كۆچەيتتى.

تۈركىيەلىك ناخشچى مەھمەت كورۇكجۇ ئۆزىنىڭ يۇتيۇب قانىلىدا «شەرقىي تۈركىستان» ناملىق مۇسىبەت ناخشىسىنى ئېلان قىلدى.

خۇاۋېي شىركىتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېلكترونلۇق نازارەت قۇرۇلۇشىغا ئۆزىنىڭ ھەمدەمدە بولغانلىقىنى ئىنكار قىلدى.

**21-يانۋار:**

جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسى تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئوتتۇز مىللەت ۋەكىلىنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان بۇ ھەقتىكى مەكتۇپ مەجلىس رەھبەرلىكىگە سۇنۇلدى.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىغان



سېناتور ماركو رۇبىيو

ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكا پارلامېنتىدىكى ئىزچىل
قوللىغۇچىسى ۋە « ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق
قانۇنى لايىھەسى 2019» نىڭ باشلامچىلىرىدىن
بىرى ھۆرمەتلىك سېناتور ماركو رۇبىيو ئەپەندى

# ئۇيغۇرلار

# The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ۋەتەن، مىللەتنىڭ تەقدىرى قىل ئۇستىدە تۇرغان مۇشۇنداق پەيتلەردىمۇ بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرغانلارنىڭ ئازاد بولغاندىن كېيىنكى ۋەتەندە ياشاش سالاھىيىتى يوق .